يَوْمَ تُبْلَى السَّرَائِرُ

# سىرلار ئاشكارىلانغان كۈندە

ئابدۇلئەزىز ئىبنى ناسىر جۇلەيل
تەرجىمە قىلغۇچى: سەفىيۇرراھمان

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

يَوْمَ تُبْلَى السَّرَائِرُ

# سىرلار ئاشكارىلانغان كۈندە

ئابدۇلئەزىز ئىبنى ناسىر جۇلەيىل
تەرجىمە قىلغۇچى: سەفىيۇررەھمان

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾

**«ئى رەببىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن».**

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە........................................................................................................1

مۇقەددىمە........................................................................................................5

❖ بۇ تېمىنىڭ ئەھمىيىتى ........................................................................10

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش........................................................................................16

❖ بىرىنچى، «سريرة» نىڭ ئىزاھاتى ..........................................................16

❖ ئىككىنچى، ساغلام قەلب ........................................................................17

قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدىكى بىر قىسىم ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەر..............31

❖ بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ئايەتلەر ..............................................................31

❖ قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە كەلگەن بىر قىسىم ھەدىسلەر ..............46

❖ قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقۇش ھەققىدە سەلەف-سالىھلاردىن نەقىل قىلىنغان ئەسەرلەر ..........................................53

قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغان ۋە بۇزۇلغانلىقىنىڭ بىر قىسىم ئالامەتلىرى........................66

❖ بىرىنچى تۈرلۈك ئالامەت ـــ ئىخلاس ۋە راستچىللىق ..................................67

1. ئەمەلنى مەخپىي قىلىشنى ياخشى كۆرۈش ۋە ياخشى ئەمەلنى يوشۇرۇش......83

2. ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش، قەلب ئەملى ئەزالارنىڭ ئەملىگە قارشى كەلمەسلىك ......91

3. ياخشى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن ئەنسىرەش.................................99

4. مەغرۇرلىنىشتىن ۋە ئۆزىنى ئاقلاشتىن يىراق تۇرۇش.................................103

5. ھاۋايى-ھەۋەس بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە ئۇنى ھەقىقەتكە بويسۇندۇرۇش ..........108

❖ ئىككىنچى تۈرلۈك ئالامەت ـــ بىھۇدە ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى قويۇپ ئۆز ئەيىبى بىلەن بولۇش ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ..........120

❖ ئۈچىنچى تۈرلۈك ئالامەت ـــ قارىغۇچىلارغا الله نى ئەسلىتىدىغان ياخشى قەلب

ئىگىلىرى بولۇش ........................................ 122

❖ تۆتىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ الله نى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش، الله تىن قورقۇش ........................................ 126

❖ بەشىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ خەۋەرنى تەستىقلاش ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇش .... 130

❖ ئالتىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ ئۆرپ ـ ئادەت يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى الله نى ياخشى كۆرۈش، الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇپ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ۋە الله قا قۇلچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، يامان ئەمەللەردىن يېنىش 134

❖ يەتتىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ ساغلام قەلب ئىگىسى ھەق ئالدىدا ۋە كىشىلەر ئالدىدا كەمتەر بولىدۇ، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ ........................................ 140

❖ سەككىزىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈش، مۇسۇلمانلار سېپىنى بىرلەشتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولۇش ۋە تەپرىقچىلىقتىن يىراق تۇرۇش ........................................ 153

❖ توققۇزىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇش ................ 161

قەلبىنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ............162

ئادىل ۋە ھەققانىي كىشلەرگە تۈتۈلىدىغان پوزىتسىيە..............................................172

سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى يول تۇتقۇچىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشىدىن پارلاق ئۆرنەكلەر....173

❖ ئونىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ راست سۆزلەش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ۋەدىسىدە تۇرۇش ۋە جېدەللەشكەندە الله تىن قورقۇش ............... 186

❖ ئون بىرىنچى تۇرلۇك ئالامەت الله قا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىش............. 187

❖ ئون ئىككىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ الله نى كۆپ ئەسلەش ۋە كۆپ ئىستىغپار ئېيتىش ........................................ 188

❖ ئون ئۈچىنچى تۇرلۇك ئالامەت ــــ الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش.......................................... 188

قەلب ساغلاملىقىنىڭ نەتىجىلىرى.......................................................... 191

❖ بىرىنچى، الله تائالا ساغلام قەلب ئىگىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ ۋە ئىگە بولىدۇ .......................................... 191

❖ ئىككىنچى، ياخشى ئەمەللەر قوبۇل بولىدۇ ۋە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىپ خاتالىقلار ئۆچۈرۈلىدۇ .......................... 192

❖ ئۈچىنچى، الله تائالا ساغلام قەلب ئىگىسىنى باشقىلارغا ياخشى كۆرسىتىدۇ ھەمدە باشقىلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ................................. 204

❖ تۆتىنچى، (ساغلام قەلب ئىگىسىنىڭ) ھاياتى ياخشى ئەمەل بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. الله تىن ئەمەللەرنىڭ تۈگەنچىسىنى ياخشى قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز........... 210

❖ بەشىنچى، غەم ـ ئەندىشىلىرى كۆتۈرۈلۈپ، قىيىنچىلىقلىرى ئاسانلاشتۇرۇلىدۇ . 213

❖ ئالتىنچى، قەلبى راھەتلىنىدۇ، خاتىرجەملىك ۋە تەمكىنلىككە ئېرىشىدۇ .... 214

❖ يەتتىنچى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەقكە ۋە توغرىغا يېتەكلىنىدۇ ............. 219

قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ۋاستىلىرى................................................................ 222

❖ بىرىنچى، قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قەلبنى بۇزغۇچى ئامىللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلاردا الله قا دۇئا قىلىش ۋە يېلىنىپ يالۋۇرۇش 222

❖ ئىككىنچى، الله نى گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش، ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش ....................................... 226

❖ ئۈچىنچى، دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ھەردائىم ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەت كۈننى ئەسلەش. 234

❖ تۆتىنچى، قەلبى ساغلام ۋە سالىھ كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، دۇنيانى ياخشى كۆرىدىغان ۋە قەلبىدە كېسەل بار كىشىلەردىن يىراقلىشىش............. 241

❖ بەشىنچى، اللە نى كۆپ ئەسلەش، سالىھ ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش ........................................ 243
❖ ئالتىنچى، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش .................................. 247
❖ يەتتىنچى، اللە نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە اللە يولىدا جىھاد قىلىش ......... 260
خاتىمە ........................................................................................ 263

## مۇقەددىمە

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ ئەلچىسىدۇر. اللە مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە چەكسىز رەھمەت قىلسۇن ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، ئىسلام شەرىئىتىنى ئەسلى مەنبەسىدىن تەپەككۇر قىلغان كىشى، ئاشكارا ئەمەللەرنىڭ قەلبنىڭ يوشۇرۇن ئەمەللىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ، چۈنكى قەلب تۈزەلمەي ۋە ئىسلاھ بولماي تۇرۇپ ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى قىلچە مەنپەئەت بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەندىگە نىسبەتەن ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىگە قارىغاندا قەلبنى ئىسلاھ قىلىش تېخىمۇ مۇھىمدۇر.

دېمەك، قەلب ۋە نىيەت تۈزەلسە ئاشكارا ئەمەللەرمۇ تۈزىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا ئاشكارا ئەمەللەرمۇ بۇزۇلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ألا وإن في الجسد مضغة إذا صلحت صلح الجسد كله، وإذا فسدت فسد الجسد كله، ألا وهي القلب» «ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ

گۆش بولسىمۇ قەلبتۇر».[1]

ھەقىقىي مۇئمىن بىلەن مۇناپىق پەقەت قەلبىنىڭ ئەمىلى ۋە ھالىتى ئارقىلىقلا ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ، چۈنكى قەلبىنىڭ ئىبادىتى ئەزالارنىڭ ئىبادىتىدىن ئۈستۈن بولۇپ، قەلب ــ الله نىڭ نەزىرىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئورۇندۇر. كىشىلەر ئۆز رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا قەلب ئەمەللىرى ئارقىلىقلا بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئەمەللەرنىڭ الله نىڭ ھۇزۇرىدا قوبۇل بولۇش-بولماسلىقى قەلبكە باغلىق بولىدۇ.

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى گۈزەللىك تەرەپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشتە مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر، قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر ۋە ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر.

ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر. بۇلار ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى ۋە سىرتقى ھالىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئاشكارا ئەمەللىرىنى الله نىڭ كىتابى ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ-يۇ، ئەمما قەلب ئەمەللىرىگە سەل قارايدۇ. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ قەلب ئەمەللىرى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.

قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر. بۇلار قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىگە سەل قارايدۇ. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرى ئاجىزلىشىدۇ ياكى بۇزۇلىدۇ.

ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر. بۇلار بولسا ئۆز رەببىنى تونۇغان، پەيغەمبەر ﷺ ۋە سەلەف-سالىھلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن،

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەزا ۋە قەلبنىڭ ئىبادەتلىرىنى پەقەت الله ئۈچۈنلا قىلغان مۆئمىنلەردۇركى، بۇلار ــ قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ۋە ئاشكارا ئەمەللىرىنى قەلب ئەمەللىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان كىشىلەردۇر. مانا بۇ ــ چىن ۋە مۇكەممەل بولغان قۇلچىلىقتۇر.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «قەلب ئەمەللىرىدىن ئايرىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ھېچقانداق ساۋابمۇ بېرىلمەيدىغان ۋە ئازابمۇ ئېلىپ كەلمەيدىغان بىھۇدە ھەرىكەتلەرگە ئوخشايدۇ. قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەرنىڭ بەزىسى قەلب ئەمەللىرىدىن ئايرىلىپ قالغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، پۈتۈن دىققىتىنى قەلب ئىبادەتلىرىگىلا قارىتىپ، ئەزالارنىڭ ئىبادەتلىرىگە سەل قارىدى. ئېنىقكى، قەلب ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى روياپقا چىقىرىدۇ، ئەزالار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك زىتلىق مەۋجۇد بولۇپ، بىر تۈردىكىلەر ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىگىلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن قەلب ئەمەللىرى بۇزۇلغان، يەنە بىر تۈردىكىلەر قەلب ئەمەللىرىگىلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى بۇزۇلغان.

ئەمما، الله نى ھەقىقىي تونۇغان مۆئمىنلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئەمەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىبادەتنى پەقەت الله ئۈچۈنلا قىلىدۇ، قەلبلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پادىشاھنى (قەلبنى) لەشكەرلىرى (ئەزالىرى) بىلەن بىرلىكتە ئىبادەت قىلىنغۇچى

(الله ) غا ئىبادەت قىلدۇرىدۇ. مانا بۇ ــ ھەقىقىي قۇلچىلىق (بەندىچىلىك) نىڭ ماھىيىتىدۇر». ①

سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا، قەلبنى بۇزىدىغان كېسەل ۋە بۇلغانمىلاردىن قەلبلىرىنى پاكلاشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۆزىمىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قەلبلەرگە ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا سەل قارىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن غەپلەتتە ئىكەنلىكىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنى ئۇنتۇغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. مانا بۇ ــ شەخس، جامائەت ۋە پۈتۈن ئۇممەتتە پاسسىپ تەسىر ۋە ھالاكەتلىك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەسىلىلەردۇر.

«سريرة» (ئىچكى دۇنيا) مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ناۋادا بىرەر كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى كىشىلەرگە ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا، كىشىلەر ئۇ كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن سىرتقى كۆرۈنۈشى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زور پەرق بارلىقىنى كۆرگەن بولاتتى ۋە سىرلىرى يېپىلىپ كەتكەن كىشى شۇ ھالىتىدە كىشىلەر ئارىسىدا ياشىيالمىغان بولاتتى. ئۇنداقتا، ھېچبىر سىر الله قا مەخپىي قالمايدىغان تۇرسا، قەلبنى ئىسلاھ قىلىشقا يەنە قانداقمۇ ئەھمىيەت بېرىلمىسۇن؟! بۇ سىرلار گەرچە ئىنسانلارغا مەخپىي بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما الله نىڭ نەزىرىدە مەخپىي قالمايدۇ، قەلبلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەمەللىرىمۇ الله قا مەخپىي ئەمەستۇر. سىرلىرىمىزنى يوشۇرغان الله قا گۈزەل مەدھىيىلەر

① «بدائع الفوائد» 3 ـ توم 162 ـ ۋە 163 ـ بەتلەر.

بولسۇن!

الله تائالا بىزنى شۇنداق بىر كۈندىن ئاگاھلاندۇرغانكى، ئۇ كۈندە (بەندىلەرنىڭ) سىرلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئېنىقلىنىدۇ، ئىچكى ھالىتى ئاشكارا بولىدۇ ۋە ئىمتىھان قىلىنىدۇ. ئاندىن ئىخلاس، مۇھەببەت، راستچىللىق، يەقىين (جەزمىيەت) ياكى ئۇنىڭ ئەكسى بولغان نىفاق، يالغانچىلىق ۋە رىياخورلۇقتىن ئىبارەت قەلبتىكى نەرسىلەر ئاشكارا بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَئِذٍ تُعْرَضُونَ لَا تَخْفَى مِنْكُمْ خَافِيَةٌ﴾ «بۇ كۈندە سىلەر (الله قا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ تُبْلَى السَّرَائِرُ﴾ «سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)»[2].

ئۆز رەببىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورققان كىشى مۆھلەت (دۇنيا ھاياتى) ئىچىدىلا بولىدىكەن مانا شۇ كۈنگە تەييارلىق قىلىشى، قىيامەت كۈنىدىكى خارلىق، رەسۋاچىلىق ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قەلب ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە قەلبىنى ساغلاملاشتۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ لَا يَنْفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ۞إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ۞﴾ «ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ [88]. پەقەت (الله نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ [89]»[3].

بەندىنىڭ قەلب ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشى، قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشى ھەمدە ئۇنى ھەسەتخورلۇق، رىياخورلۇق،

---

[1] سۈرە ھاققە 18 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تارىق 9 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 88 ـ ۋە 89 ـ ئايەتلەر.

مەغرۇرلىنىش، تەكەببۇرلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك قاتارلىق ئاپەت ۋە ناچار سۈپەتلەردىن تازىلاش بىلەن مەشغۇل بولۇشى ــ الله نىڭ شۇ بەندىنى ھىدايەت قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر. بەندىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى تۈزەتمەستىن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىچىش بىلەن ئاۋارە بولۇشى، قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشنى تاشلاپ قويۇپ سىرتقى قىياپىتىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى ــ ئۇنىڭ ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر.

❖ **بۇ تېمىنىڭ ئەھمىيىتى**

تۆۋەندىكى مەسىلىلەر تۈپەيلى بۇ تېمىنى تاللاشقا بولغان ئېھتىياج كۈچىيىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ:

• بىرىنچى مەسىلە، مەيلى شۈبھە ياكى شەھۋەت پىتنىلىرى بولسۇن، بۇ دەۋردە پىتنە ئىشىكلىرىنىڭ داغدام ئېچىلىپ كېتىشى. بۇ دەۋردە ئىنسانلارنى دىندىن ئازدۇرغۇچى تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بارلىققا كەلدى، دۇنيا شەھۋەتلىرىدە بەسلىشىش ۋە دۇنيانىڭ كەڭرى ئېچىۋېتىلىشى ئىنسانلار ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن، قەلبلەر بۇلغىنىپ ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدى، قەلبنى بۇزىدىغان نۇرغۇنلىغان كېسەللەر قەلبكە ئورۇنلاشتى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى زالالەت قاپلىدى. مانا بۇلار ئۆزىنىڭ قان ـ قېرىندىشى ياكى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ھەسەت قىلىش، ئۆچمەنلىك قىلىش، رىياخورلۇق، مەنمەنچىلىك، ھوقۇق ۋە نام ـ شۆھرەتكە مەپتۇن بولۇش، تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلىنىش ۋە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇشنى ياخشى كۆرۈش قاتارلىق قەلب كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قەلبلەرگە ئورنايدىغان ۋە قەلب ئەمەللىرىنى بۇزىدىغان پىتنىلەردىن ھەرۋاقىت ئاگاھ بولۇش تەلەپ قىلىنغان ئىكەن، ئۇنداقتا پىتنىلەر دېڭىز دولقۇنى كەبى قۇتراۋاتقان بۇ دەۋردە ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. شۇنىڭدەك، دەۋەتچى ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشى ھەمدە ئۆزى، پەرزەنتى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇزۇلغان قەلبلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، تەلىم-تەربىيە پروگراممىلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئەھمىيەت بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ.

- ئىككىنچى مەسىلە، قەلبلەردىكى الله قا بولغان ئىخلاس، مۇھەببەت، الله نى ئۇلۇغلاش ۋە الله نىڭ بۇيرۇق-چەكلىمىلىرىنى ھۆرمەتلەش — بەندىلەرنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلەردە بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر.

سەدىقە، ناماز، روزا، ھەج، جىھاد ۋە زىكىر قاتارلىق ئىبادەت تۈرلىرىدىن ئوخشاش بىر ئىبادەتنى ئىككى كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئادا قىلىشى مۇمكىن، بىراق (ئەمەللەرنىڭ) پەزىلىتى ۋە الله نىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولۇشى جەھەتتە ئۇ ئىككى كىشى ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بولۇپ قالىدۇ، بۇ پەرق شۇ كىشىنىڭ بۇ ئىبادەتنى ئورۇنلىغان ۋاقىتتىكى قەلبىنىڭ ھالىتىگە قارىتا بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «الله تائالا (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال) سەرپ قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالى، ئىمانى، ئىخلاسى، سەرپ قىلىشىنىڭ (جەمئىيەتكە بولغان) مەنپەئەتى، سەرپ قىلغان نەرسىنىڭ مىقدارى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلۇق سەرپلەنگەنلىكىگە قارىتا ئۇ كىشىگە ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىدۇ. چۈنكى، (پۇل-مال) سەرپ قىلىشنىڭ ساۋابى

سەرپ قىلغان ۋاقىتتىكى قەلبتە بار بولغان ئىمان ۋە ئىخلاسقا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ». ①

شۇنىڭدەك، گۇناھ ـ مەئسىيەت قەلبتە ئۇنى چوڭ ساناش ۋە ﷲ تىن هايا قىلىش ياكى ئۇنى كىچىك ساناش، ﷲ تىن هايا قىلماسلىق هەمدە (گۇناهقا) بىپەرۋالىق قىلىشقا ئوخشاش قەلب ئەمەللىرىگە قارىتا بەزىدە چوڭ، بەزىدە كىچىك بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر ئىش شۇكى، بەزىدە چوڭ گۇناهقا ــ هايا قىلىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش ۋە ئۇنى چوڭ ساناش هەمراھ بولۇپ ئۇنى كىچىك گۇناهلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ؛ ئەكسىچە بەزىدە كىچىك گۇناهقا ــ هاياسىزلىق، پەرۋاسىزلىق، ئۇنىڭدىن قورقماسلىق ۋە ئۇنى كىچىك ساناش هەمراھ بولۇپ ئۇنى چوڭ گۇناهلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئۇ چوڭ گۇناھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ــ قەلب ئەمەللىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ مەئسىيەتنى قىلىشتىن تاشقىرى بىر ئىشتۇر. ئۇنى ئىنسان ئۆزىدىن ۋە باشقىلاردىن بىلىۋالالايدۇ». ②

• ئۈچىنچى مەسىلە، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ بىر قىسىم دەۋەتچى ۋە ئىلىم ئالغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ۋە تالاش ـ تارتىشلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ئىشلارنىڭ كۆپىنچە ئەھۋالدا قەلبكە هاۋايى ـ هەۋەس كىرىپ قالغانلىقى ۋە قەلبنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى،

① «إعلام الموقعين» 1 ـ توم 238 ـ بەت.
② «مدارج السالكين» 1 ـ توم 328 ـ بەت.

لېكىن ئۇ ئىشلارنىڭ غەيبلەرنى بىلگۈچى اللە قا مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن (باشقىلارنى) اللە تەرەپكە چاقىرىش ۋە اللە يولىدا جىھاد قىلىش ئارقىلىق ئۆز رەببىگە ئىبادەت قىلغۇچى مۇئمىن كىشى مانا بۇ يوشۇرۇن توزاقلاردىن ئېھتىيات قىلىشى، ئۆزىنىڭ دەۋىتى ۋە جىھادىنىڭ اللە نىڭ ھۇزۇرىدا قوبۇل بولۇشى، شۇنداقلا رېئاللىقتا كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشى ئۈچۈن قەلبىنى پاكلاشقا ئالدىرىشى لازىم.

• تۆتىنچى مەسىلە، دەۋرىمىزدىكى تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق تارقىلىۋاتقان شۈبھە ۋە پىتنىلەر سەۋەبلىك كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە ئوچۇق ھۆكۈملەرگە ھۆرمەت قىلىش، اللە نىڭ سۆزلىرى ۋە ئەمرىگە تەسلىم بولۇش ئاجىزلاپ كەتتى. نەتىجىدە ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە يوشۇرۇن قەلبىي كېسەللىكلەر كېلىپ چىقتى. قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى مەلۇماتلار، شەرئىي بۇيرۇقلار ھەمدە كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان اللە نىڭ تەقدىرلىرى ۋە دۇنيانىڭ اللە تائالا ئورۇنلاشتۇرغان تەرتىپ-تۈزۈملىرىگە قارىتا قەلبلەردە ئويدۇرۇپ چىقىرىلىدىغان ئېتىرازلار — ئەڭ خەتەرلىك قەلبىي كېسەللەردىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قەلب ئەمەللىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كىشىلەردىن يوشۇرغان تەقدىرىمىزنى غەيبلەرنى بىلگۈچى اللە تىن يوشۇرالمايدىغان، بەزىدە بەندىنىڭ ئىمانىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدىغان بۇنداق ئېتىرازلار ۋە رەزىل خىياللاردىن قەلبلىرىمىزنى پاكلىشىمىز زۆرۈر.

• بەشىنچى مەسىلە، سىرلار (يوشۇرۇن ئەمەللەر) ۋە قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئىمان، كۇفرى ۋە نىفاقنى بەلگىلىگۈچى ئاساس

بولغانلىقىدىن ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىمان، كۇفرى ۋە نىفاق بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا قەلبتە مەۋجۇد بولغان سۈپەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى قەلبنىڭ ئىسلاھ بولۇشى ياكى بۇزۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، قەلب ئەمەللىرى ھاياتنىڭ ئاخىرىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلىشىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھاياتنىڭ ئاخىرىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلىشىشى سەلەفلەرنى نەقەدەر ئەنسىرەتكەن ـ ھە! مانا بۇ ـــ ئەھمىيەت بېرىشكە، بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقا، ئۆزئارا ئەسلىتىشكە ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر.

• ئالتىنچى مەسىلە، ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇش ياكى بولماسلىقى، ھاياتنىڭ ئاخىرىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ۋە ئاجىز ئىمانىنى كۈچەيتىشتە بۇ تېما ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېما ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنىڭ تولىمۇ يېتەرسىز ۋە كەم ئۇچرايدىغان بولۇشى، شۇنداقلا ئىلىم سورۇنلىرى ۋە لېكسىيىلەردە بۇ تېمىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ھېلىھەم ئىنتايىن يېتەرسىزلىكى، بولۇپمۇ ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا قەلبكە تەسىر كۆرسىتىدىغان، قەلب ۋە ئەزالارنى ئىسلاھ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلمەستىن، دىققىتىنى ئادەتتىكى ئىلىملەرگە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە زېھنىنى شۇنىڭغا تولۇق سەرپ قىلىۋاتقانلىقى ئىنتايىن رېئال بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بىز بىر قىسىم ئىلىم سورۇنلىرى، ئوخشاش بولمىغان تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىلىرىنىڭ بۇنىڭغا سەل قارىغانلىقىغا

كۆز يۇمالمايمىز.

مېنىڭ بۇ تېمىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى بايانلىرىمدىن بۇ رىسالىنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئاساس قىلغان يۇرۇشلۇك تەربىيە قوللانمىسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بەلكى ئۇشبۇ رىسالە بۇ مۇھىم تېما ھەققىدىكى بەزىبىر يوچۇقلارنى ئېتەلىشى مۇمكىن.

ﷲ تىن بۇزۇلغان قەلبلىرىمىزنى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. ﷲ ھەقىقەتەن دۇئالىرىمىزنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر. (ئامىن!)

يۇقىرىقى مۇقەددىمىدىن كېيىن كىتابنىڭ ئەڭ مۇھىم بابلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

1ـ باب، قەلبنى ئىسلاھ قىلىش

2ـ باب، قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە كەلگەن ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەر

3ـ باب، قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغان ۋە بۇزۇلغانلىقىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى

4ـ باب، قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ نەتىجىلىرى

5ـ باب، قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى

خاتىمە

# 1 ـ باب

# قەلبنى ئىسلاھ قىلىش

## ❖ بىرىنچى، «سريرة» نىڭ ئىزاھاتى

«لسان العرب» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «‹سريرة› دېگەن سۆز ‹سرائر› دېگەن سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ ‹سر› دېگەن سۆزدىن چىقىرىلغان، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى ‹أسرار› دەپمۇ كېلىدۇ.

‹سريرة› — مەيلى ياخشىلىق بولسۇن ياكى يامانلىق بولسۇن، يوشۇرۇن ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ.

‹سر› دېگەن سۆز يەنە قارىمۇقارشى ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ‹سررته› دېگەن سۆز ‹ئۇنى يوشۇردۇم ياكى ئۇنى ئاشكارىلىدىم› دېگەن مەنىنى، ‹أسرالشئ› دېگەن سۆز ‹ئۇ — بىرنەرسىنى يوشۇردى، ئۇ — بىرنەرسىنى ئاشكارىلىدى› دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ ئىككى خىل مەنە الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ: ﴿وَأَسَرُّوا النَّدَامَةَ﴾ ‹ئۇلار (يەنى ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلدى›[1]».[2]

ئىمام بەغەۋى (رەھىمەھۇللاھ) يۇقىرىقى ئايەتنى «(ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىدى» دەپ تەپسىر قىلغان.

يۇقىرىقى ئىزاھلاشلارغا ئاساسەن «سريرة» دېگەن سۆزنى «ئىنساننىڭ

---

[1] سۇرە سەبەئ 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «لسان العرب» 3 ـ توم 1989 ـ بەت.

ئۆز كۆڭلىدە يوشۇرغان ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى» دەپ ئېيتالايمىز.

❖ **ئىككىنچى، ساغلام قەلب**

ساغلام قەلب ئىنساننىڭ قايسى ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن الله نىڭ كىتابىدا «پاك قەلب» دەپ ئاتالغان. الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ۞يَوْمَ لَا يَنْفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ۞إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ۞﴾ «ئۇلار (يەنى خالايىقلار ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن [87]. ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ [88]. پەقەت (الله نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ [89]»[①].

الله تائالا دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ جَاءَ رَبَّهُ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم پەرۋەردىگارىغا ساغلام (يەنى مۇشرىكلىكتىن، شەكتىن پاك) قەلب بىلەن كەلگەن ئىدى»[②].

قەلب بىر قىسىم سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلىنىپ، يەنە بىر قىسىم سۈپەتلەردىن پاكلانمىغۇچە: الله ياخشى كۆرىدىغان قەلبىي ئەمەل ۋە ئېتىقادلار بىلەن زىننەتلىنىپ، الله ئۆچ كۆرىدىغان قەلبىي ئەمەل ۋە ئېتىقادلاردىن پاكلانمىغۇچە ساغلام بولالمايدۇ ۋە قەلبتىكى ئەمەلمۇ سالىھ ئەمەل بولالمايدۇ.

شەيخ سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) ساغلام قەلبنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «ساغلام قەلب ـــ شېرىكتىن، شەكلىنىشتىن، يامانلىقنى ياخشى

---

[①] سۈرە شۇئەرا 87 ـ ئايەتتىن 89 ـ ئايەتكىچە.
[②] سۈرە ساففات 84 ـ ئايەت.

كۆرۈشتىن، بىدئەت ۋە گۇناھتا ئەزۋەيلەشتىن سالامەت قالغان قەلبتۇر. قەلبنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن، قەلب يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلەرنىڭ ئەكسىچە ئىخلاس، بىلىش، جەزمىيلىك، ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى قەلبكە چىرايلىق كۆرسىتىش، الله ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا ئىرادە باغلاش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش، نەپسى-خاھىشىنى الله تەرەپتىن كەلگەن ھەقكە بويسۇندۇرۇش قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشى زۆرۈردۇر».①

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ساغلام قەلبنى ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى ھەمدە قەلبىي ئەمەللىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي چۈشەنچە بىلەن چۈشەندۈرگەن. شۇنداقلا بۇ چۈشەنچىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىدىن ئۇنى «مدارج السالكين»، «مفتاح دار السعادة»، «الفوائد» قاتارلىق كىتابلىرى ۋە باشقا ئورۇنلاردا كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ساغلام قەلبنى بىر ئورۇندا «تەسلىم بولۇش» دەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، تەسلىم بولۇش — ۋەھيىگە قارشى كېلىدىغان شۈبھە، بۇيرۇققا قارشى كېلىدىغان نەپسى-خاھىش، ئىخلاسقا قارشى كېلىدىغان ئىرادە، تەقدىر ۋە شەرىئەتكە قارشى كېلىدىغان ئېتىرازدىن قۇتۇلۇش دېگەنلىكتۇر». مانا بۇلاردىن قۇتۇلغان كىشى ساغلام قەلبلىك كىشى بولۇپ، قىيامەت كۈنى پەقەت ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن كىشىلەرلا ئازابتىن قۇتۇلالايدۇ».②

يەنە بىر ئورۇندا «مۇراقەبەت» دەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

---

① «تفسير السعدي» سۈرە شۇئەرا 88- ۋە 89- ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى.
② «مدارج السالكين» 2- توم 147- بەت.

«<مۇراقەبەت> ــ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللەرنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىرتقى ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق ئاشكارا ئەمەللىرى ئىسلاھ قىلىنىدۇ. ئوي ـ پىكىر ۋە نەپسى ـ خاھىشلارنى ھەمدە الله نىڭ بۇيرۇقى ۋە سۆزىگە قارشىلىشىشنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت قەلبنىڭ ھەرىكەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق قەلب ئەمەللىرى ئىسلاھ قىلىنىدۇ. شۇندىلا قەلب ئەمەللىرى ــ الله نىڭ بۇيرۇقىغا قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق نەپسى ـ خاھىش، الله نىڭ خالىشىغا قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق خالاش، الله نىڭ سۆزىگە قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق شۇبھە ۋە الله نىڭ مۇھەببىتىگە قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق مۇھەببەتتىن خالىي بولىدۇ. مانا بۇ ــ الله نىڭ ھۇزۇرىغا پەقەت ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن كىشىلەرلا نىجات تاپالايدىغان ساغلام قەلبنىڭ ماھىيىتىدۇر. مانا بۇ ــ الله نى ھەقىقىي تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان سالىھ بەندىلەرنىڭ ئۆز ئەمەللىرىنى پاكلىشىنىڭ ھەقىقىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق پاكلىنىش مۇكەممەل پاكلانغانلىق بولمايدۇ. مانا بۇ ــ ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى پاكلىشىدۇر».[①]

ئەگەر بىز پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن!) نىڭ تارىخى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ پاكلىق، سۇزۇكلۇك ۋە رەببىگە بولغان ئىتائەتمەنلىككە تولغان ھەمدە الله نى ياخشى كۆرۈش، ئىتائەت قىلىش، ئىخلاس قىلىش، قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىشتا ئەكس ئەتكەن قەلبىتىكى سالىھ ئەمەل ۋە ساغلام قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان ئىسىل ۋە ئالىيجاناب ھاياتلىق كارتىنىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

[①] «مدارج السالكين» 2 ـ توم 68 ـ بەت.

مانا بۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەردىن بولغان مۇبارەك كارۋاننىڭ باشلامچىلىرى ــ الله نىڭ يېقىن دوستلىرى بولغان ئىبراھىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

الله تائالا بىزگە ئۆزىنىڭ مۇبارەك كىتابىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزگە بولغان يۈكسەك ئىتائەتمەنلىك ئۆرنەكلىرىنى بايان قىلدى ۋە ئۇنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿إِذْ جَاءَ رَبَّهُ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم پەرۋەردىگارىغا ساغلام (يەنى مۇشرىكلىكتىن، شەكتىن پاك) قەلب بىلەن كەلگەن ئىدى»[①].

ئەنە شۇ يۈكسەك ئۆرنەكلەر ئىچىدە الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بايان قىلغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بالىغا تولىمۇ موھتاج بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ۋاقىتتىكى قىسسىسى ئەڭ گەۋدىلىكتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَامٍ حَلِيمٍ۝ فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ۝ فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ۝ وَنَادَيْنَاهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ۝ قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ۝﴾ «بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بەردۇق [101]. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: <ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى الله نىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟> دېدى. ئۇ ئېيتتى: <ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان

[①] سۈرە سافقات 84 ـ ئايەت.

بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن› [102]. ئىككىسى (الله نىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۇچۈن) يېنى ياتقۇزدى [103]. بىز ئۇنىڭغا: ‹ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)› دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [104ـ105] »①. بۇ قىسسىدىن ئاتا ـ بالىنىڭ (ئۇلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن!) الله نىڭ بۇيرۇقىغا نەقەدەر ئىتائەت قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ.

سەييىد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام (ئۇلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن!) نىڭ مانا بۇ بۈيۈك ئىتائەتمەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن (الله نىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، مانا بۇ ئىسلامدۇر، مانا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئىسلامدۇر، مانا بۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، ئىتائەت ۋە خاتىرجەملىكتۇر، مانا بۇ ھەقىقىي مەمنۇنىيەتتۇر، مانا بۇ ھەقىقىي تەسلىم بولۇشتۇر، مانا بۇ بۇيرۇقنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىجرا قىلىشتۇر... ھەر ئىككىيلەن پەقەت تولۇپ تاشقان ئىماندىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدىغان مۇستەھكەم ئەقىدىگە ئىگە ئىدى.

بۇ قانداقتۇر جۇرئەت ياكى شجائەت ۋە ياكى بىردەملىك ھاياجاندىن كېلىپ چىققان قىزىققانلىق ئەمەس ئىدى. بەزىدە جەڭ مەيدانىدىكى مۇجاھىدمۇ قىزىققانلىق قىلىپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە (كاپىرلار

① سۈرە سافقات 101 ـ ئايەتتىن 105 ـ ئايەتكىچە.

تەرىپىدىن) ئۆلتۈرۈلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ھەتتا پىدائىيمۇ ئۆزىنىڭ قايتىپ كېلەلمەسلىك مۇمكىنچىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىزىققانلىق قىلىپ سالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ قىلغىنى باشقا ئىش، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل (ھەر ئىككىسىگە الله نىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ بۇ يەردە قىلىۋاتقىنى باشقا ئىش... بۇ يەردىكىسى ئوقچۇپ چىققۇچى قان، ئۆزىنى قوغدىغۇچى قىززىققانلىق، ئاجىزلىقى سەۋەبلىك قورقۇنچىنى يوشۇرۇپ ئالدىغا ئىنتىلىش ياكى چېكىنىش ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىكىسى نېمە قىلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي بىلىپ يەتكەن، يۈز بېرىدىغان ئىشقا نىسبەتەن قەلبى خاتىرجەم، ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان مەقسەتنى چۈشەنگەن كىشىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىدۇر. ياق! بەلكى بۇ يەردە مەۋجۇد بولغىنى ئىتائەت ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ شېرىن لەززىتىدىن لەززەتلەنگەن، ئۇمىدكە تولغان شەرتسىز رازىمەنلىكتۇر.

ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى، تەسلىم بولدى ھەمدە بۇيرۇق ۋە تەكلىپنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ئۆزىنىڭ جېنى، قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئەڭ ئەزىز نەرسىلىرىنى، قىسقىسى الله ئۈلاردىن تەلەپ قىلغان بارچە نەرسىلىرىنى الله نىڭ تارازىسىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىسمائىلنىڭ بوغۇزلىنىشى، قېنىنىڭ ئېقىشى ۋە جېنىنىڭ چىقىشىنىڭ تارازىدا ھېچ ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى».[1]

الله نىڭ دوستى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە كەلسەك، الله تائالانىڭ ئۇنى ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك

[1] «في ظلال القرآن» 5ـ توم 2996ـ بەت.

ئەخلاقتا ئىگىسەن»[①] دېگەن سۆزى ئارقىلىق سۈپەتلىشى يېتەرلىكتۇر. بۇ ئايەتتىكى ئەخلاق بولسا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارچە ئەخلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا نىيىتى ئەڭ ساپ ۋە قەلبى ئەڭ ساغلام كىشىلەر سىددىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ باشلامچىسى ئۈممەتنىڭ ئەڭ راستچىل كىشىسى دەپ تونۇلغان ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ساپ، قەلبىنىڭ سۈزۈكلۈكى ھاياتىنىڭ كۆپلىگەن ساھەلىرىدە نامايان بولغان. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى؛ ئىسلامغا تۇنجى بولۇپ كىرگۈچىلەردىن بولۇشقا ئالدىرىشى؛ شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبلىرى شەكلىنىپ قالغان، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ نى يالغانچىغا چىقارغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىر كېچىدە بەيتۇلمۇقەددەسكە سەير قىلدۇرۇلۇپ، ئۇ يەردىن مىئراجغا چىقىشى ۋە مەدىنىگە قايتىپ كېلىشىنى ئىككىلەنمەي تەستىق قىلىشى بۇنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئەبۇبەكرى مۇزەنى (رەھىمەھۇللاھ) ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەنە شۇ ئىككىلەنمەي ئېتىراپ قىلىشى ۋە جەزمىي ئىشەنچىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ نامىزى ۋە روزىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىدىكى نەرسىسى بىلەن مۇھەممەد ﷺ نىڭ باشقا ساھابىلىرىدىن پەزىلەتلىك بولغان». ئىبنى ئالىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ سۆزنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ قەلبىدىكى نەرسە ــــ الله ئۇچۇن ياخشى كۆرۈش ۋە كىشىلەرگە بولغان

[①] سۈرە قەلەم 4ـ ئايەت.

سەممىمىيلىكتۇر». [1]

بەزىلەر «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بىرەر كۈن) روزىنى ئارتۇق تۇتۇش ياكى (بىرەر رەكئەت) نامازنى ئارتۇق ئوقۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىگە ئورۇنلاشقان نەرسە بىلەن (باشقا ساھابىلەردىن) ئارتۇق بولغان» [2] دېگەن تېكىستنى بىلەن بۇ ئەسەرنى مەرفۇئ [3] دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. (بۇنى ئىمام غەززالى «الإحياء» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان). ئىراقى دېگەن ئالىم: «مەن ئۇنى مەرفۇئ دەپ قارىمايمەن. ئۇ ھەكىم تىرمىزىنىڭ قارىشىدا بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنىينىڭ نادىر سۆزلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر> دېگەن؛ يەنە بىر نەقىلدە: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ روزىنى كۆپ تۇتۇش، نامازنى كۆپ ئوقۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبكە ئورۇنلاشقان نەرسە بىلەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئۆتۈپ كەتتى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەرفۇئ ئەمەس، الله توغرىنى مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

فۇزەيل ئىبنى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ قارىشىمىزدا، كىشىلەر نامىزى ۋە روزىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى كەڭ قورساقلىقى، سېخىيلىقى، قەلبىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئۈممەت ئۈچۈن سەممىمىيلىكى بىلەن تونۇلىدۇ». [4]

ھەقىقىي مەنىدىكى ساغلام قەلب ۋە قەلبتىكى ياخشى ئەمەل زىننەتلىنىش ۋە ۋاز كېچىش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. ساغلام بولغان قەلبىي ئەمەل ۋە ئېتىقادلار بىلەن زىننەتلىنىش ــ ئاشكارا ئەمەللەرنىڭ ئىسلاھ

---

[1] «غذاء الألباب» 1- توم 48- بەت.

[2] «إحياء علوم الدين» 1- توم 23- بەت.

[3] تېكىستى پۈتۈنلەي پەيغەمبەر ﷺ گە ئائىت بولغان ھەدىسلەر.

[4] «غذاء الألباب» 1- توم 48- بەت.

بولۇشىنىڭ ئاساسى؛ بۇزۇق بولغان قەلبىي ئەمەل ۋە ئېتىقادلاردىن ۋاز كېچىش ــ قەلبىنىڭ الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىدىكى خەۋەرلەرنى تەستىقلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، شۇنداقلا الله نىڭ شەرئىي ۋە قەدەربي بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان توسالغۇلاردىن پاكلىنىشى ھەمدە قەلبنىڭ الله نى ياخشى كۆرۈشى، ئىخلاسى، تەۋەككۇلى، قورقۇشى ۋە ئۈمىد قىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بۇزۇق خاھىشلاردىن پاكلىنىشىنىڭ ئاساسىدۇر.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) كىشىلەرنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان توسالغۇلارنىڭ تۈرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قەلبكە يوشۇرۇنغان توسالغۇلار ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، الله ھىمايە قىلغان كىشىلەرلا ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

بىرىنچى، باتىل شۇبھە بىلەن الله نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش. ئەمەلىيەتتە بۇ باتىل شۇبھە نادانلارچە خىياللار ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان تەسەۋۋۇرلار بولۇپ، ئۇلار بۇنى <ئۆتكۈر ئەقىل> دەپ قارىدى ۋە ئۇ ئارقىلىق الله نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى ھۆكۈم قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان الله نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، الله ئىنكار قىلغان سۈپەتلەرنى ئىسپاتلىدى؛ الله نىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست، دوستلىرىنى دۈشمەن تۇتتى؛ (كىتابنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۆزلىرىگە ئەسلىتىلگەن نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئۇنۇتتى؛ پىرقە-پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشاللانغۇچىلاردىن بولۇپ كەتتى.

مانا بۇ تۈردىكى ئىنكار قىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان كىشى بولسا

قىلچە ئىككىلەنمەستىن ۋەھىينى تەستىق قىلغان كىشىدۇر. ئەگەر قەلب ۋەھىينى تەستىق قىلسا، ۋەھىي ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى توغرا دەپ قارايدۇ ھەمدە ئەقىل ۋە فىترەت روشەنلىكى بىلەن ئۇنى ھەق دەپ قوبۇل قىلىدۇ. قۇلاق، ئەقىل ۋە فىترەتمۇ ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەرگىزمۇ قۇلىقى، ئەقلى ۋە فىترىتى ئوتتۇرىسىدا زىتلىق بولغان كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل كىشىلەردۇر.

ئىككىنچى، الله نىڭ بۇيرۇقى ۋە شەرىئىتىنى ئىنكار قىلىش. بۇ تۈردىكى ئىنكار قىلغۇچىلار مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. كۆزقاراش ۋە قىياسلىرى بىلەن الله نىڭ بۇيرۇقى ۋە شەرىئىتىنى ئىنكار قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزقاراش ۋە قىياسلىرى ــ الله ھارام قىلغاننى ھالال، ھالال قىلغاننى ھارام قىلىش؛ الله ۋاجىب قىلغاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەمەلدىن قالدۇرغاننى ۋاجىب قىلىش؛ الله توغرا دېگەننى يالغانغا چىقىرىپ، يالغانغا چىقارغاننى توغرا دېيىش؛ الله ئېتىبارغا ئالغاننى بىكار قىلىپ، بىكار قىلغاننى ئېتىبارغا ئېلىش؛ الله چەكلىمە قويمىغانغا چەكلىمە قويۇپ، چەكلىمە قويغانغا قويۇلغان چەكلىمىنى بىكار قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا بۇ ــ سەلەفلەر زېمىنىنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن ئۇنى قىلغۇچىلارنى ئەيىبلىگەن، بىردەك ھالدا (ئۈممەتنى) ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە نەپرەتلەندۇرگەن قىياس ۋە كۆزقاراشلاردۇر.

2. الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىنى دىن دەپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تىلى ئارقىلىق يولغا قويغان دىنىنى ئەمەلدىن

قالدۇرىدىغان، ئىمان ھەقىقەتلىرىنى شەيتاننىڭ مىكىرلىرىگە ۋە ئىلىمسىز كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە ئالماشتۇرىدىغان شەيتانىي باتىل كەشفى،[①] خىيال، ۋۇجدى[②] ۋە زۇق[③] ئارقىلىق ئىمان ھەقىقەتلىرىگە ۋە شەرىئەتكە قارشى چىقىش.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى نەپسى-خاھىشىغا بېرىلگەن تۇرۇپ، نەپسى-خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ؛ الله نىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلغان، الله نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن تۇرۇپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى الله قا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان، خاتالىقىغا مەغپىرەت تىلىگەن، خاتالىقلىرىنى دىنغا زىت دەپ بىلگەن، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكى ۋە خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ الله قا يېقىنلىشىشنى ئىستەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ-ھە!

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىنى دىن قىلىۋالدى، ھاۋايى-ھەۋىسىنى الله نىڭ شەرىئىتىنىڭ ئالدىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن قەلبلەرنى ئۆلتۈردى ۋە قەلبلەرنى الله نىڭ يولىدىن بۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە بۇلارنىڭ

---

① كەشفى — بىرەر كۆزقاراش ياكى ئەمەلنى بىر خىل ئىلھام يولى ئارقىلىق پەيدا قىلىش. بۇ سوپىلارنىڭ ئىستىمالىدىكى سۆز بولۇپ، سوپىلار «خۇددى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي يەتكۈزىدىغان پەرىشتە ئىلىمنى الله تىن بىۋاستە ئالغاندەك، ئەۋلىيالارمۇ ئىلىمنى الله تىن بىۋاستە ئالىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار يەنە «ئەۋلىيالار ئويغاق ياكى ئۇخلاۋاتقان ھالەتتە بولسۇن، الله نىڭ، ياكى پەرىشتىنىڭ، ياكى سالىھ جىننىڭ، ياكى باشقا ئەۋلىيالارنىڭ بىرىنىڭ ۋە ياكى خىزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

② ۋۇجدى — بىرەر كۆزقاراش ياكى ئەمەلنى لەززەت ھېس قىلىش ئارقىلىق پەيدا قىلىش. بۇ سوپىلارنىڭ ئىستىمالىدىكى سۆز بولۇپ، سوپىلار «الله تائالا ئەۋلىيالارنىڭ قەلبىگە ئىلىم-مەرىپەت نۇرىنى تاشلايدۇ، ئۇلار شۇ ئارقىلىق گەرچە كىتاب ئوقۇمىسىمۇ ھەق بىلەن باتىلنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

③ زۇق — بىرەر كۆزقاراش ياكى ئەمەلنى لەززىتىنى تېتىپ قېلىش ئارقىلىق پەيدا قىلىش. بۇ سوپىلارنىڭ ئىستىمالىدىكى سۆز بولۇپ، سوپىلار ناماز ئوقۇش ياكى زىكىر ئوقۇش ئارقىلىق قەلبىدە ئىلگىرى ھېس قىلىپ باقمىغان بىرنەرسىنى ھېس قىلسا «مەن مۇنداق بىرنەرسىنى ھېس قىلدىم» دەيدۇ.

ئاتالمىش ئورۇنلۇق سۆزلىرى، باشقىلارنىڭ باتىل قىياس ۋە كۆزقاراشلىرى ۋە بۆلارنىڭ زۇقلىرىدىن دۇنيانىڭ ۋەيران بولۇشى، مەۋجۇدلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، دىن ئاساسلىرىنىڭ يىمىرىلىشى مەيدانغا كەلدى. ئەگەر الله تائالا دىنغا سۇيىقەست قىلىدىغان كىشىلەرگە قارشى دىنغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىدىغان، دىنىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىپ تۇرۇشقا كېپىل بولمىسا ئىدى، دىنىنىڭ ئاساسلىرى يوقۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغان ئىدى.

3. ھاكىملارنىڭ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىدىن ئۈستۈن قويۇۋالغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله نىڭ شەرىئىتى، ئەدلى ـ ئادالىتى ۋە چەكلىمىلىرىنى بىكار قىلغان يولسىز سىياسەتلىرى ئارقىلىق الله نىڭ شەرىئىتىگە قارشى چىقىشى.

ئاۋۋالقىلار: <ئەقىل بىلەن نەقىل قارشىلىشىپ قالسا، ئەقىلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمىز> دېدى.

كېيىنكىلەر: <ئەسەر بىلەن قىياس قارشىلىشىپ قالسا، قىياسنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمىز> دېدى.

سوپىزىمچىلار: <زۇق، كەشفى ۋە ۋۇجدى بىلەن شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرى قارشىلىشىپ قالسا زۇق، كەشفى ۋە ۋۇجدىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمىز> دېدى.

سىياسەتچىلەر: <سىياسەت بىلەن شەرىئەت قارشىلىشىپ قالسا، سىياسەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمىز> دېدى.

قىسقىسى، ھەربىر پىرقە ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم

چىقىرىدىغان تاغۇتنى ياساپ چىقىپ، ئۇنى الله نىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالدى. بۇلار: <سىلەر نەقىلگە تايىنىسىلەر، بىز ئەقىلگە تايىنىمىز؛ سىلەر ئەسەر ۋە ھەدىسكە تايىنىسىلەر، بىز بولساق قىياسقا تايىنىمىز؛ سىلەر سىرتقى كۆرۈنۈشكە قارايسىلەر، بىز ماھىيىتىگە قارايمىز؛ سىلەر شەرىئەتكە تايىنىسىلەر، بىز سىياسەتكە تايىنىمىز> دېيىشىدۇ.

كەڭ كۆلەمدە يامراپ، كىشىلەرنى ھەقتىن توسۇپ قويىدىغان ئاپەتلەرنىڭ؛ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، قۇلاقلارنى گاس قىلىۋەتكەن مۇسىبەتلەرنىڭ؛ قەلبلەرنى مەپتۇن قىلىپ، بارچە ئازغۇن قەلبلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان پىتنىلەرنىڭ؛ بوران ـ چاپقۇن كەبى قۇلاقلارنى گاس، كۆزلەرنى كور قىلىۋەتكەن، ئۇلۇغ ۋە كەرەملىك الله نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئاتالمىش «پرىنسىپال ھۆكۈملەر» ۋە نەپسى ـ خاھىشلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

تۈۋا! ھەربىر قەۋم ئۆزىنىڭ بەدنىيەت ۋە ئادالەتسىز قاراشلىرىغا تاياندى، بۇزۇق خاھىشلىرى بىلەن الله ۋە الله نىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلدى. شۇڭلاشقا ۋەھىي (ئۇلارنىڭ نەزىرىدە) ھەرقانداق بۇرمىلاش ۋە تەئۋىلنىڭ ئوبيېكتىغا، دىن بولسا ھەرقانداق شەكىلدىكى بۇزغۇنچىلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ بېكىتىگە ئايلاندى.

ئۈچىنچى، الله نىڭ قازا ۋە قەدەرىنى ئىنكار قىلىش. بۇ نادانلارنىڭ ئىنكار قىلىشىدۇر.

ئىنكار قىلىشنىڭ تۈرى كۆپ بولغانلىقتىن ئۇنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇ ئاشكارىلىق بىلەن مەخپىيلىك ئوتتۇرىسىدا بولۇپ،

كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە خۇددى قىزىپ قالغۇچىنىڭ بەدىنىدە قىزىتما ماڭغاندەك ماڭىدۇ. ئەگەر بىر بەندە ئۆزىنىڭ سۆزلىرى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى، ئىرادىسى ۋە ئەھۋاللىرىنى ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قەلبىدە ئوچۇق كۆرەلەيدۇ.

الله نىڭ تەقدىرى ۋە تەقسىماتىدىن كۆڭلى قانائەتلەنگەن، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر الله نىڭ قازا ۋە قەدەرىنى ئىنكار قىلىدۇ. دېمەك، بۇ قەلبىنىڭ نېسىۋىسى بولۇپ، ئۇ ـــ تەسلىم بولۇش، بويسۇنۇش ۋە كۆپ مىننەتدار بولۇشتىن ئىبارەتتۇر». [1]

[1] «مدارج السالكين» 2 ـ توم 69 ـ ۋە 70 ـ بەتلەر.

# 2 ـ باب

## قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدىكى بىر قىسىم ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەر

### ❖ بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ئايەتلەر

- بىرىنچى ئايەت

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ عَلَى رَجْعِهِ لَقَادِرٌ۞ يَوْمَ تُبْلَى السَّرَائِرُ۞﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر [8]. سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە) [9]»①.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: [مۇقاتىل مۇنداق دېگەن: «‹تُبْلَى› دېگەن سۆز ‹تَظْهَرُ و تَبدُو› ‹ئاشكارا بولىدۇ، كۆرۈنىدۇ› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىرنەرسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاش ئۇچۇن ئۇنى سىنىغان ۋاقتىڭىزدا ‹بَلَوتُ الشيَ› ‹مەن ئۇنى سىنىدىم› دېگەن سۆزنى قوللىنىسىز. ‹سرائر› دېگەن سۆز ‹سريرة› دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇ ــ الله بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى سىردۇر، ئۇنىڭ ئاشكارا بولغان ۋە ئاشكارا بولمىغىنى الله ئۇچۇن بەرىبىر ئوخشاشتۇر».

دېمەك، بەندىنىڭ ئىمان ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىمۇ شۇ سىرلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ياخشىسىنى ناچىرىدىن، ئادا قىلغۇچىلارنى زايە

① سۈرە تارىق 8ـ ۋە 9ـ ئايەتلەر.

قىلغۇچىلاردىن ۋە الله رازىلىقىنى كۆزلىگەنلەرنى الله رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزلىگەنلەردىن ئايرىش ئۈچۈن بەندىنىڭ بۇ تەرەپتىكى سىرلىرىمۇ تەكشۈرۈلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى الله بارلىق سىرلارنى ئاشكارىلايدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ سىرلىرى ئاشكارىلانغاندا چىرايلىرى گۈزەللىشىپ كېتىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ سىرلىرى ئاشكارىلانغاندا چىرايلىرى تۇتۇلۇپ، سەتلىشىپ كېتىدۇ». بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، سىرلار شۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرى بولغان مۇكاپاتلاش، جازالاش، ماختاش ياكى مالامەت قىلىش قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەمەللەرنى «سىر» دەپ ئىپادىلەش ئىنتايىن نازۇك بىر ئىش بولۇپ، ئۇ ـــ ئەمەللەرنىڭ ئىچكى سىرلارنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىچكى سىرى (نىيىتى) ياخشى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمىلىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى سىرى ئۇنىڭ يۈزىدە نۇر ۋە ھايا بولۇپ كۆرۈنىدۇ؛ ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىچكى سىرى (نىيىتى) يامان بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمىلىمۇ يامان بولىدۇ، ئۇ ئەمەلنىڭ شەكلى قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى سىرى ئۇنىڭ يۈزىدە زۇلمەت ۋە قاباھەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. دۇنيادا ئۇنىڭغا كۆرۈنگىنى ئۇنىڭ ئىچكى سىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمىلىدۇر. ئەمما قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ ئىچكى سىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئاشكارىلانغان سىرلىرىغا قارىتا ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ].[1]

---

[1] «بدائع التفسير» 5 ـ توم 85 ـ بەت.

ئىمام تەبەرى (رەھىمەھۇللاھ) ﴿يَوْمَ تُبْلَى السَّرَائِرُ﴾ «سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)»[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە قەتادەدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ سىرلار چوقۇم ئاشكارىلىنىدۇ. مەيلى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالەتلىرىڭلار بولسۇن، ھەممە ھالىتىڭلاردا تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىق قىلىڭلار. الله نىڭ ياردىمىسىز قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ».[2]

سەئىد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىنساننى ياراتقان الله ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. تۇنجى يارىتىش الله نىڭ تەقدىرى ۋە تەدبىرىگە دالالەت قىلغىنىغا ئوخشاش، الله نىڭ قۇدرىتىگە ھەم دالالەت قىلىدۇ. ﴿يَوْمَ تُبْلَى السَّرَائِرُ﴾ <سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)>[3] . سىرلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئادىل ھالدا مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرۈش بولمىغىنىدا ئىدى، مانا بۇ نازۇك ۋە مىسلىسىز يارىتىش ھەمدە ئۇنىڭ پۈتۈن ھېكمەتلىرى بىھۇدە ئىش بولۇپ قالغان بولاتتى. قاتمۇ-قات يوشۇرۇن سىرلار ئۇ كۈندە ئاشكارىلىنىدۇ. سىرلار گوياكى تارىق يۇلتۇزى زۇلمەت پەردىسىنى يىرتىپ ئۆتكەن، قوغدىغۇچى پەرىشتىلەر لىباسلار ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان نەپسىلەرگە ئۆتكەن كەبى ئاشكارا بولىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ بارچە كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ياردەمچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان كۈندە سىرلار ئاشكارا بولىدۇ: ﴿فَمَا لَهُ مِنْ قُوَّةٍ وَلَا نَاصِرٍ﴾ <ئۇنىڭدىن (يەنى

[1] سۈرە تارىق 9- ئايەت.
[2] «تفسير الطبري» 24- توم 359- بەت.
[3] سۈرە تارىق 9- ئايەت.

ئىنساندىن) (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر>[1].
ئۇ كۈندە ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋىتى ھەمدە سىرتتىنمۇ ھېچقانداق ياردەمچىسى بولمايدۇ، بەلكى ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋىتى قالمىغانلىقى ئۈستىگە ھەممە سىرلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشى ئەھۋالنى قاتمۇ-قات ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ ۋە ھېس-تۇيغۇلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىدىن تارتىپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىچە بولغان ئۆزىنىڭ ئاجايىب سەپىرىگە، ئۇ يەردىكى ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە نەزەر تاشلايدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەممە سىرلىرى ئاشكارا بولۇپ بارلىق ماددىي قۇۋۋەت ۋە ياردەمچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ».[2]

- ئىككىنچى ئايەت

الله تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ ۞ يَوْمَ لَا يَنْفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ ۞ إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ ۞﴾ «ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرىلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن [87]. ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ [88]. پەقەت (الله نىڭ دەرگاھىغا) پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ [89]»[3].

سەئىد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ﴾ <ئۇلار (يەنى

[1] سۈرە تارىق 10- ئايەت.
[2] «في ظلال القرآن» 6- توم 3880- بەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 87- ئايەتتىن 89- ئايەتكىچە.

خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن >[1] دېگەن سۆزىدىن، ئۇنىڭ ئاخىرەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق ھالىتىنى نەقەدەر چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىنى ۋە رەببىدىن نەقەدەر ھايا قىلىدىغانلىقىنى، گەرچە بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر بولسىمۇ كەلگۈسىدىكى رەسۋاچىلىق ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراشتىن نەقەدەر ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى؛ ﴿يَوْمَ لَا يَنْفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ۝ إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ۝﴾ <ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ [88]. پەقەت (اللە نىڭ دەرگاھىغا) پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ [89]>[2] دېگەن سۆزىدىن، ئۇنىڭ ئاشۇ كۈنىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالىنى نەقەدەر چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ھېساب بېرىدىغان كۈندە ئىخلاستىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. قەلبنىڭ بارچە ئىخلاسى پەقەت اللە ئۈچۈنلا بولۇشى؛ بارچە بۇلغانمىلار، كېسەللىكلەر ۋە رەزىل مەقسەتلەردىن پاك بولۇشى؛ شەھۋەت ۋە ئازغۇنلۇقلاردىن ساپ بولۇشى؛ اللە تىن باشقىسىغا ئېسىلىشتىن خالىي بولۇشى ـــ قەلبنىڭ ساغلاملىقى بولۇپ، ﴿يَوْمَ لَا يَنْفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ﴾ <(ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان كۈندە >[3] ئەنە شۇ ساغلام قەلب ۋە ئۇنىڭ قەدر-قىممىتى ۋە ۋەزنى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىۋاتقان باتىل ۋە پۇچەك قىممەت قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسى قىلچە مەنپەئەت بەرمەيدۇ ۋە

[1] سۈرە شۇئەرا 87ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇئەرا 88ـ ۋە 89ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 88ـ ۋە 89ـ ئايەت.

ئاخىرەتتە ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ».[1]

- ئۈچىنچى ئايەت

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى﴾ «الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر»[2].

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ھەممە كىشىلەر ئوخشاشلا قۇربانلىقلىرىنى (كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ) بوغۇزلايدۇ ۋە قۇربانلىق قىلىدۇ. الله قا ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئېقىتىلغان قان، يېيىلگەن گۆش ۋە قىلىنغان سەدىقىلىرى ئەمەس، بەلكى قەلبلەرنىڭ تەقۋالىقىلا يېتىپ بارىدۇ. بىر ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: <ئوخشاش بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئىككى كىشىنىڭ نامىزىدا شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدەك پەرق بولىدۇ>.

ئەگەر ئىنسان ئاشكارا ئەمەللەرنىڭ قەلبتىكى ئىخلاسقا قارىتا چوڭ ياكى كىچىك بولىدىغانلىقى ۋە قەلبتىكى ئىخلاسنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسە (قەلبلەردىكى ئىماننىڭ مىقدارىنى بىر الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ)، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تسبوا أصحابي، فوالذي نفسي بيده، لو أن أحدكم أنفق مثل أحد ذهبا، ما بلغ مد أحدهم ولا نصيفه» <ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار! جېنىم قولىدا

---

[1] «في ظلال القرآن» 5- توم 2604- بەت.
[2] سۈرە ھەج 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغان الله بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇن سەدىقە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن بىرى سەدىقە قىلغان بىر مۇد چاغلىق نەرسىنىڭ ساۋابىغا، ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ>.[1]

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، ئىسلامدىن توسقۇچىلار كۆپ، تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئاجىز بولغان ئىسلامنىڭ دەسلەپكى شۇ دەۋرىدە ساھابىلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى مال چىقىم قىلىشقا تۈرتكە بولغان شۇ مۇستەھكەم ئىمانغا ئۇلاردىن كېيىنكى ھېچبىر كىشىنىڭ ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس. نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، ئىنسان ئۇچرايدىغان تۈرلۈك مۇشەققەت ۋە سىناقلار، قەلبلەر دۇچ كېلىدىغان ھەرخىل ھالەتلەرنى تونۇپ يەتكەن كىشىلەر بۇنى ھېس قىلالايدۇ.

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنە شۇنداق مۇستەھكەم ئىمان بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. ھېچكىشىنىڭ ئىمانى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقان قەتئىي ئىشەنچ ۋە ئىمانغا تەڭلىشەلمەيدۇ. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەيياش (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: <ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ۋە روزىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئىمان ۋە سەمىمىيلىك بىلەن باشقا ساھابىلەردىن پەزىلەتلىك بولغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ جىھاد قىلغان باشقا ساھابىلەرمۇ شۇ قەدەر ئىمان ۋە قەتئىي ئىشەنچكە ئېرىشكەنكى، ئۇلاردىن كېيىنكىلەر ئىماندا ئۇلار بىلەن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تەشلىنىشەلمەيدۇ>». [1]

ئىمام شەۋكانى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ تۆگىلەرنىڭ سىلەر سەدىقە قىلغان گۆشلىرى ۋە بوغۇزلىغاندا ئېقىۋاتقان قانلىرى الله قا يېتىپ بارمايدۇ، الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرمەيدۇ ۋە قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. ﴿وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى﴾ <لېكىن الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر» [2]. يەنى الله قا يېتىدىغىنى قەلبىڭلارنىڭ تەقۋالىقى، الله قا بولغان ئىخلاسىڭلار ۋە الله نىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلىگەن نىيىتىڭلاردۇر. چۈنكى، الله تائالا مۇشۇلارغا قارىتا ئەمەللىرىڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ». [3]

الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ بۇنىڭغا دەلىلدۇر: ﴿إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللَّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ﴾ «الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ» [4].

- تۆتىنچى ئايەت

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَذَرُوا ظَاهِرَ الْإِثْمِ وَبَاطِنَهُ إِنَّ الَّذِينَ يَكْسِبُونَ الْإِثْمَ سَيُجْزَوْنَ بِمَا كَانُوا يَقْتَرِفُونَ﴾ «ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار! شۈبھىسىزكى، گۇناھ قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلىدۇ» [5].

ئىمام تەبەرى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا: <ئى ئىنسانلار! ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار> دېگەن.

---

[1] «منهاج السنة» 6- توم 222- ۋە 223- بەتلەر.
[2] سۈرە ھەج 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «فتح القدير» 3- توم 455- بەت.
[4] سۈرە مائىدە 27- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ئەنئام 120- ئايەت.

قەتادە (رەھىمەھۇللاھ) ﴿وَذَرُوا ظَاهِرَ الْإِثْمِ وَبَاطِنَهُ﴾ ‹ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار!› دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىرلىگەن: ‹گۇناھ مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا بولسۇن، ئۇنى تەرك ئېتىڭلار›.

رەبىيئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ﴿وَذَرُوا ظَاهِرَ الْإِثْمِ وَبَاطِنَهُ﴾ ‹ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار!› دېگەن ئايىتى ھەققىدە: ‹ئاشكارا ۋە مەخپىي گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار›دېگەن ۋە ﴿مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ﴾ ‹ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار›[1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: ‹مەيلى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە بولسۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار› دېگەن».[2]

ئىمام سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بەندىلىرىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى قىلىشتىن توستى. يەنى، بەندىلىرىنى بەدەنگە مۇناسىۋەتلىك ئاشكارا گۇناھلار ۋە قەلبكە مۇناسىۋەتلىك يوشۇرۇن گۇناھلارنى قىلىشتىن توستى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەكەببۇرلۇق، (ئۆزى ۋە قىلمىشىدىن) پەخىرلىنىش ۋە ئەمەللىرىدە رىيا قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن قەلب گۇناھلىرى ئۆزىگە بىلىنمەي قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىمۇ تۇيماستىن نۇرغۇنلىغان گۇناھلارنى سادىر قىلىپ قالىدۇ. بۇ ــ (ئۇ كىشىنىڭ) شۇ گۇناھنى بىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى ۋە كۆرمەسكە سالغانلىقىدۇر».[3]

- بەشىنچى ئايەت

---

[1] سۈرە ئەنئام 151- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «تفسير الطبري» 8- توم 13- ۋە 14- بەتلەر.
[3] «تفسير السعدي» 271- بەت.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَا يَعْلَمُ إِذَا بُعْثِرَ مَا فِي الْقُبُورِ ۝ وَحُصِّلَ مَا فِي الصُّدُورِ ۝ إِنَّ رَبَّهُمْ بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَخَبِيرٌ﴾ «قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟ [9-11]»[1].

شەيخ سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «﴿إِذَا بُعْثِرَ مَا فِي الْقُبُورِ﴾ <قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان>. يەنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ۋە توپلاش ئۈچۈن الله ئۇلارنى قەبرىلىرىدىن چىقارغان چاغدا، يوشۇرۇلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلاردىن ئىبارەت ﴿وَحُصِّلَ مَا فِي الصُّدُورِ﴾ <دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا > ھەممە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى مەخلۇقاتلارغا كۆرسىتىلگەن چاغدا، ﴿إِنَّ رَبَّهُمْ بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَخَبِيرٌ﴾ <ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟>. يەنى، الله تائالا ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللىرىنى بىلگۈچى ۋە ئەمەللەرگە قارىتا جازا ۋە مۇكاپات بەرگۈچى زاتتۇر. الله تائالا ئۆزى بىلگەن ۋە خەۋەردار بولغان ئەمەللەرگە قارىتا جازالايدىغانلىقى ۋە مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، گەرچە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھەر ۋاقىت خەۋەردار بولسىمۇ، بۇ ئورۇندا يەنە شۇ كۈندىمۇ خەۋەردار بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان».[2]

- ئالتىنچى ئايەت

---

[1] سۈرە ئادىيات 9- ئايەتتىن 11- ئايەتكىچە.

[2] «تفسير السعدي» 933- بەت.

الله  تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ئىنسانني ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز»[1].

شەيخ سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله  بارچە ئىنسانلارنى ئۆزى يالغۇز ياراتقانلىقىنى؛ ئىنسانىنىڭ ئەھۋالى، ئىنسان يوشۇرغان نەرسىلەر ۋە قەلبتە ۋەسۋەسە قىلىدىغان نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى؛ ئىنسانغا نىسبەتەن ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن بولغان ئوقۇرەك سۆڭەكنىڭ ئوتتۇرىدىكى (يەنى بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى) جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. مانا بۇ ـــ ئىنسانىنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدىغان، ھەممە ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن بولغان الله نىڭ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئىنسان الله  چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلماسلىقتىن ھايا قىلىدۇ».[2]

- يەتتىنچى ئايەت

الله  تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ تَجْهَرْ بِالْقَوْلِ فَإِنَّهُ يَعْلَمُ السِّرَّ وَأَخْفَى﴾ «ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، الله نىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ»[3].

يەنى، «الله  تائالا قەلبكە كەچكەن نەرسىلەرنى بىلىدۇ، قەلبكە كەچمىگەن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ﴿وَأَخْفَى﴾ <مەخپىيرەك> نەرسىلەرنى ھەمدە

---

[1] سۇرە قاف 16 ـ ئايەت.
[2] «تفسير السعدي» 705 ـ بەت.
[3] سۇرە تاھا 7 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ قاچان، قايسى ھالەتتە (قەلبكە) كېچىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ».[1]

- سەككىزىنچى ئايەت

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ يَعْلَمُ الْجَهْرَ مِنَ الْقَوْلِ وَيَعْلَمُ مَا تَكْتُمُونَ﴾ «الله ھەقىقەتەن ئاشكارا سۆزنىمۇ، سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ»[2].

- توققۇزىنچى ئايەت

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ تُخْفُوا مَا فِي صُدُورِكُمْ أَوْ تُبْدُوهُ يَعْلَمْهُ اللَّهُ وَيَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «ئېيتقىنكى، <دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. الله ھەرنەرسىگە قادىردۇر»[3].

شەيخ سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى پۈتۈن نەرسىلەرنى، خۇسۇسەن قەلبلەردىكى نەرسىلەرنىمۇ كەم-كۈتىسىز تولۇق بىلىدىغانلىقىدەك كامالىي قۇدرىتىنى بايان قىلغان. بۇ ئايەتتە قەلبلەرنى پاكلاشقا ۋە الله نىڭ ھەرۋاقىت بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئۇچۇق تەۋسىيە قىلىنغان بولۇپ، مۇشۇنداق بولغاندا بەندە ئۆز قەلبىدە بىرەر بۇزۇق ئوي-خىياللارغا ئورۇن بېرىشتىن رەببىدىن ھايا قىلىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ ئوي-خىياللىرىنى قۇرئاننىڭ بىرەر ئايىتى، ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرەر ھەدىسىنى ئويلىنىش، ياكى مەنپەئەتلىك ئىلىم

---

[1] «تفسير السعدي» 504- بەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 110- ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 29- ئايەت.

ئىزدەش ۋە پاكى الله نىڭ بەندىلىرىگە سەمىمىي بولۇشتىن ئىبارەت الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەر ئاساسىدا كونترول قىلىدۇ».[1]

- ئونىنچى ئايەت

الله تائالا قەلبى بۇزۇق كىشىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يُعْجِبُكَ قَوْلُهُ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيُشْهِدُ اللَّهَ عَلَى مَا فِي قَلْبِهِ وَهُوَ أَلَدُّ الْخِصَامِ۞ وَإِذَا تَوَلَّى سَعَى فِي الْأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الْفَسَادَ۞﴾ «(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) الله نى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ (ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەندۇر (كۆرۈنۈشتە ئۇ شېرىن سۆزى ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ) [204]. ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). الله بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ [205]»[2].

سەئىد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۆزىدە ياخشىلىق، ئىخلاسمەنلىك، سەمىمىيلىك، الله نى ياخشى كۆرۈش، (ناچار قىلىقلاردىن) يىراق تۇرۇش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە بەخت ـ سائادەتنى ياخشى كۆرۈش... تەك ئېسىل خىسلەتلەرنى

[1] «تفسير السعدي» 128 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە 204 ـ ۋە 205 ـ ئايەت.

يېتىلدۈرگەنلىكىنى سىزگە سۆزلەپ بېرىۋاتقان بۇ مەخلۇقنىڭ سۆزلىرىگە ھەيرانۇ-ھەس قالىسىز، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقىغا مەستخۇش بولىسىز، ياخشىلىق ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى شېرىن سۆزلىرىگە مەپتۇن بولىسىز. بۇ مەخلۇق — سىزنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئىخلاسمەنلىكىنى تەكىتلەش، تەقۋادارلىقى ۋە ﷲ تىن قورقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ﴿وَيُشْهِدُ اللَّهَ عَلَى مَا فِي قَلْبِهِ﴾ «دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) ﷲ نى گۇۋاھ قىلىدۇ». ﴿وَهُوَ أَلَدُّ الْخِصَامِ﴾ «ھالبۇكى، ئۇ (ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەندۇر (كۆرۈنۈشتە ئۇ شېرىن سۆزى ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ)». ماھىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىنى جېدەلخورلۇق قاپلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدە دوستلۇق، ئەپۇچانلىق، ياخشىلىق، ئېسىل ئەخلاق ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىشتىن ھېچبىر ئەسەرمۇ بولمايدۇ.

مانا بۇ — سىرتقى ھالىتى ئىچكى دۇنياسىغا قارشى كېلىدىغان، سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولمىغان كىشىدۇر. مانا بۇ — كاززاپلىق، ياغلىمىچىلىق ۋە ساختىپەزلىكتە ئۇچىغا چىققان، ۋاقتى كەلگەندە قەلبىگە يوشۇرۇنغان شۇملۇق، زۇلۇم، ئۆچمەنلىك ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدىغان كىشىدۇر.

﴿وَإِذَا تَوَلَّى سَعَى فِي الْأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الْفَسَادَ﴾ «ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى

زىرائەتلەرسىز ۋە هايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). الله بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ>. بۇنداق كىشى ئەگەر بىرەر ئىشقا تەرەددۇت قىلسا، يامانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىلا ئويلايدۇ. چۈنكى، ئۇ قەلبىنى قاساۋەت ۋە ئۆچمەنلىك قاپلىغان بەدنىيەت كىشى بولۇپ، زىرائەت تېرىش، ئۆستۈرۈش ۋە هوسۇل ئېلىش ئورنى بولغان ئېكىنزارلىقنى ھەمدە هاياتلىقنىڭ داۋاملىشىش مەنبەسى بولغان نەسىلنى... ۋەيران قىلماقچى بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق قەبىھ ئۇسۇلدا هاياتلىقنى ۋەيران قىلىش شەقىي بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان ئۆچمەنلىك، يامانلىق، خىيانەت ۋە بۇزغۇنچىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە ئۇيالماستىن تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ياغلىمچىلىقى ۋە ياخشىچاقلىقى، كەڭ قورساقلىقى، چىقىشقاقلىقى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ئەشۇ رەزىللىكلىرىنى يۆگەيدۇ، لېكىن ﴿وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الْفَسَادَ﴾ <الله بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ>. يەنى، زېمىندا پىتنە-پاسات تېرىيدىغان بۇزغۇنچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسى الله قا مەخپىي قالمايدۇ. هاياتىي دۇنيادا بەزىدە كىشىلەرگە قىلىش مۇمكىن بولىدىغان كۆز بوياپچىلىقنى الله قا قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ؛ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇپ، سىرتقى قىياپىتىدە ئالىيجاناب بولۇۋالغان بۇ خىل كىشىلەر ئۆزىنىڭ ساختا قىلمىشلىرى ئارقىلىق باشقىلارنى ئالداپ ئۆزىگە مەپتۇن قىلالىغان بىلەن، لېكىن الله نى ھەرگىزمۇ

ئالدىيالمايدۇ».[1]

**❖ قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە كەلگەن بىر قىسىم ھەدىسلەر**

- بىرىنچى ھەدىس

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللّٰه لا ينظر إلى أجسادكم، ولا إلى صوركم، ولكن ينظر إلى قلوبكم» «شۈبھىسىزكى، الله تائالا سىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىڭلارغا ۋە سۈرەتلىرىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبلىرىڭلارغا قارايدۇ».[2]

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «تەقۋالىق ئاشكارا ئەمەللەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى الله نى ئۇلۇغلاش، الله تىن قورقۇش ۋە الله نىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەشتىن ئىبارەت قەلبكە ئورۇنلاشقان قەلبىي ئەمەللەر ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ ھەدىستىن، ھەممە ئىشتا قەلبىي ئەمەلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش مەقسەت قىلىنىدۇ».[3]

- ئىككىنچى ھەدىس

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ألا وإن في الجسد مضغة إذا صلحت صلح الجسد كله، وإذا فسدت فسد الجسد كله، ألا وهي القلب» «ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن

---

[1] «في ظلال القرآن» 1 ـ توم 204 ـ ۋە 205 ـ بەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] «شرح النووي لمسلم».

بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ گۆش بولسىمۇ قەلبتۇر».[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «قەلب بەدەننىڭ سۇلتانىدۇر، سۇلتان تۈزەلسە پۇقرا تۈزىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۇقرا بۇزۇلىدۇ. بۇ ھەدىس قەلبنىڭ ئورنىنى مۇھىم بىلىشكە ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ».[2]

ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر قەلب تۈزەلسە، ئىنساننىڭ نەپسى-خاھىشى ۋە پۈتۈن ئەزالىرى تۈزىلىدۇ-دە، ئىنسان پەقەت الله قا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىشقا ئاتلىنىدۇ، ھالال بىلەن قانائەتلىنىپ ھارامدىن ساقلىنىدۇ؛ ئەگەر قەلب بۇزۇلسا، ئىنساننىڭ نەپسى-خاھىشى ۋە پۈتۈن بەدىنى بۇزۇلىدۇ-دە، الله قا ئاسىي بولىدىغان، الله نى غەزەپلەندۈرىدىغان ئەمەللەرگە ئاتلىنىدۇ، بەلكى قەلبى ھەقتىن قانچە بۇزۇلۇپ كەتكەنسېرى ھارام ئىشنى قىلىشقا شۇنچە ئالدىرايدۇ.

ساغلام قەلب ـــ قىيامەت كۈنى الله نىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭدىن باشقىسى مەنپەئەت قىلمايدىغان ساپ قەلبتۇر. ساغلام قەلب ـــ الله ياقتۇرمايدىغان بارلىق نەرسىلەردىن ۋە الله نى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشنى قىلىشتىن ساقلانغان ھەمدە ئۇنىڭدا الله نى ياخشى كۆرۈش، الله (رازىلىقىنى) مەقسەت قىلىش، الله ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، الله ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش بىلەن تولغان قەلبتۇر. بۇزۇق قەلب ـــ ئازدۇرغۇچى خاھىش

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري لابن حجر العسقلاني» 1- توم 116- بەت.

ۋە هارام قىلىنغان شەھۋەتلەرگە مايىل بولغان، الله تىن قورقمايدىغان ۋە نەپسى ـ خاھىشقا ئەگىشىشتىن قۇتۇلالمايدىغان قەلبتۇر». [1]

- ئۈچىنچى ھەدىس

ئەبۇ قەلابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاۋاتقان ئىكەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن: <ئى مۇئاز! نېمىگە يىغلايسەن؟> دەپ سورىغانىدى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: ‹أحب العباد إلى اللّٰه تبارك وتعالى الأتقياء الأخفياء الذين إذا غابوا لم يفتقدوا، وإذا شهدوا لم يعرفوا، أولئك أئمة الهدى، ومصابيح العلم> <الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلەر ـــ يوقاپ كەتسە سۈرۈشتە قىلىنمايدىغان، كەلسە قارشى ئېلىنمايدىغان تەقۋادار ۋە نامسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار توغرا يول باشلامچىلىرى ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت چىراقلىرىدۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دېگەن». [2]

- تۆتىنچى ھەدىس

سەھىل ئىبنى سەئىد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ (جەڭ مەيدانىدا) مۇشرىكلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى ۋە قاتتىق ئېلىشتى. جەڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ مۇ، مۇشرىكلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى شۇنداق شىددەتلىك ئۇرۇش قىلدىكى، دۈشمەن سېپىدىن يىراقتا تۇرغان ياكى

---

[1] «فتح الباري لابن رجب الحنبلي» 1ـ توم 82ـ بەت.

[2] هاكىم «سەھىھ» ئىسناد بىلەن توپلىغان. «حلية الأولياء» 1ـ توم 15ـ بەت.

ئايرىلىپ قالغانلارنىمۇ قوغلاپ يۈرۈپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەردىن بىرى:

— بۈگۈن ھېچقايسىمىز پالانى كىشىدەك جاسارەتلىك ئۇرۇش قىلالمىدۇق — دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

— «أما إنه من أهل النار» «بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۇ كىشى دوزاخ ئەھلىدىن»، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاردىن بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن بۇنىڭ كەينىدە يۈرۈپ (نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى) كۆزىتىپ باقاي، — دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى، توختىسا توختىدى، ماڭسا ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (كۆپ ئۆتمەي) ئۇ ئېغىر يارىلاندى ۋە ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى يەرگە قويۇپ، ئۇچىنى كۆكسىگە تاقىدى ۋە قىلىچىغا ئارتىلدى-دە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ئاندىن ئۇنى كۆزىتىپ يۈرگەن ھېلىقى ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەن سېنىڭ ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە (قايتىدىن) گۇۋاھلىق بېرىمەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— «وما ذاك» «نېمىگە ئۇنداق دەيسەن؟» — دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم:

— سەن بايا بىر كىشىنى «ئۇ كىشى دوزاخ ئەھلىدىن» دېگەندە، بۇ سۆزۈڭ كىشىلەرگە تولىمۇ ئېغىر كەلگەن ئىدى. مەن ئۇلارغا «سىلەرگە بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ كېلىمەن» دېگەنىدىم. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتىم. كېيىن ئۇ ئېغىر يارىلاندى ۋە ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى يەرگە قويۇپ، ئۇچىنى كۆكسىگە تاقىدى ۋە

قىلىچىغا ئارتىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ شۇ چاغدا:

ـــ «إن الرجل ليعمل عمل أهل الجنة، فيما يبدو للناس، وهو من أهل النار. وإن الرجل ليعمل عمل أهل النار، فيما يبدو للناس، وهو من أهل الجنة» «بەزىلەر كۆرۈنۈشتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر. يەنە بەزىلەر كۆرۈنۈشتە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر» ـــ دېدى.[①]

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ ھەدىستىكى «بەزىلەر كۆرۈنۈشتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر. يەنە بەزىلەر كۆرۈنۈشتە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر» دېگەن سۆزى (قەلبكە ئەھمىيەت بېرىشتىكى) دەلىلدۇر.

ئىمام بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەدىسنى تەقدىر توغرىسىدىكى كىتابىنىڭ «ئەمەللەر تۈگەنچىسىگە باغلىق» ناملىق بابىدا بايان قىلىپ، ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا «ئەمەللەر ھەقىقەتەن تۈگەنچىسىگە باغلىق» دېگەن ھەدىسنى قوشۇپ نەقىل قىلغان.

بۇ ھەدىستە، پەقەت سىرتقى ھالىتىنىلا ئىسلاھ قىلىش ئەمەس، (بەلكى) قەلب ۋە نىيەتنى ئىسلاھ قىلىش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. كىشى بەزىدە باشقىلارغا سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ئىسلاھ بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشى ئۆزىنى ئاخىرى ياردەمسىز تاشلاپ قويىدىغان، ئۆزى ئۆلگەندە الله ئۇنى ئاشكارىلايدىغان، ئەمىلى شۇنىڭ

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىلەن ئاخىرلىشىدىغان نىجىس قەلب ۋە بۇزۇق نىيەتنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. (الله ئۇنىڭدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!)

- بەشىنچى ھەدىس

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تجد من شر الناس يوم القيامة عند اللَّه ذا الوجهين، الذي يأتي هؤلاء بوجه، وهؤلاء بوجه» «ئۇلارنىڭ يېنىغا بىرىپ بىر خىل، بۇلارنىڭ يېنىغا بىرىپ باشقا بىر خىل گەپ قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىچى كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ئەڭ رەزىل ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن».[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: [ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: «ئىككى يۈزلىمىچى كىشىنىڭ سۈپىتى مۇناپىقنىڭ سۈپىتىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىككى يۈزلىمىچى كىشى سەپسەتە ۋە يالغانچىلىق بىلەن (باشقىلارغا) خۇشامەت قىلىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول ئاچىدۇ».

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىككى يۈزلىمىچى كىشى ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھتىكى كىشىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان قىلىقلارنى قىلىدۇ. بىر گۇرۇھقا نىسبەتەن خۇددى مۇشۇ گۇرۇھتىكى كىشىدەك، باشقا گۇرۇھتىكىلەرگە قارشىدەك كۆرۈنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ خاراكتېرى نىفاق، ئۇچىغا چىققان ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە ھەر ئىككى گۇرۇھنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىۋېلىشقا ھىيلە ئىشلىتىشتەك مەككارلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

هارام قىلىنغان ياغلىمىچىلىقتۇر». نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەمما بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلماقچى بولغان كىشى ياخشى كۆرۈلىدۇ».

بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، بىر گۇرۇھنىڭ ئەمەلىنى شۇ گۇرۇھقا چىرايلىق كۆرسىتىپ، باشقىلارغا قەبىھ كۆرسىتىدىغان، بىر گۇرۇھنىڭ يېنىدا يەنە بىر گۇرۇھنى سۆكىدىغان كىشى يامان كۆرۈلىدۇ؛ بىر گۇرۇھنىڭ قېشىغا كېلىپ باشقا گۇرۇھلارنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى سۆزلەيدىغان، بىرىگە يەنە بىرىنىڭ ئۆزرىسىنى بايان قىلىدىغان، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى تەرىپىنى يەتكۈزۈپ، يامان تەرىپىنى يوشۇرىدىغان كىشى ياخشى كۆرۈلىدۇ. ئىسمائىل ئىبنى نەمىيردىن ئەئمەشنىڭ: ‹بۇلارغا ئۇلارنىڭ سۆزىنى، ئۇلارغا بۇلارنىڭ سۆزىنى يەتكۈزىدىغان› دېگەن سۆزىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، بۇ يۇقىرىقى پەرقنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ».

ئىبنى ئابدۇلبەر مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر بۇ ھەدىسنى ئۇچۇق ھالەتتىلا چۈشەنگەن بولۇپ، بۇ خىل چۈشەنچە ئەڭ توغرىدۇر. ئەمما، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر تەئۋىل قىلىپ: ‹بۇ ھەدىستە مەقسەت قىلىنغان كىشى — ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى رىيا قىلىپ، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ الله تىن قورقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان، ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىنىشى ئۈچۈن باشقىلارغا ئۆزىنىڭ الله تىن قورقىدىغانلىقىنى خىيال قىلدۇرىدىغان، ئەمەلىيەتتە قەلبى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان كىشىدۇر› دېگەن. يۇقىرىقى تەئۋىل ھەدىسنىڭ باش قىسمى بىلەنلا چەكلەنسە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ كىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىككى يۈزلىمىچى

كىشىلەرنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. بىراق، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ‹يأتي هؤلاء بوجه، وهؤلاء بوجه› ‹ئۇلارنىڭ يېنىغا بىرىپ بىر خىل، بۇلارنىڭ يېنىغا بىرىپ باشقا بىر خىل گەپ قىلىدىغان كىشى› دېگەن سۆزى بۇ خىل تەئۋىلنى رەت قىلىدۇ].①

- ئالتىنچى ھەدىس

مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ: «أيها الناس، إياكم وشرك السرائر» «ئى ئىنسانلار! يوشۇرۇن شېرىكتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! يوشۇرۇن شېرىك دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «يقوم الرجل فيصلي فيزين صلاته جاهدا لما يرى من نظر الناس إليه فذلك شرك السرائر» «بىر كىشى نامازغا تۇرىدۇ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نامىزىنى ناھايىتى چىرايلىق ئوقۇيدۇ، مانا بۇ يوشۇرۇن شېرىك» دەپ جاۋاب بەردى.②

**❖ قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقۇش ھەققىدە سەلەف ـ سالىھلاردىن نەقىل قىلىنغان ئەسەرلەر**

- بىرىنچى ئەسەر

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەمەلدە ئىرادىلىك بولۇش بوگۇنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرماسلىقتۇر، ئامانەتدارلىق بولسا ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ بىردەك بولۇشىدۇر. الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق پەقەت گۇناھتىن ساقلىنىش ئارقىلىقلا قولغا

① «فتح الباري» 10 ـ توم 490 ـ بەت.

② «صحيح ابن خزيمة» ۋە «ابن أبي شيبة».

كېلىدۇ، اﷲ تائالا ئۆزىگە تەقۋادارلىق قىلغان كىشىنى گۇناھتىن ساقلاپ قالىدۇ».[1]

- ئىككىنچى ئەسەر

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەلبىدىكىنى يوشۇرماقچى بولىدىكەن، اﷲ ئۇنى ئۇنىڭ چىرايى ۋە ئېغىزىدىن ئاشكارىلاپ قويىدۇ».[2]

- ئۈچىنچى ئەسەر

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقىلارغا: «سىلەر نامازنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىنمۇ ئۇزۇن ئوقۇيدىكەنسىلەر ۋە (دۇنياغا) كۆپ تىرىشىدىكەنسىلەر. ھالبۇكى، ئۇلار ھەممە جەھەتتە سىلەردىن پەزىلەتلىك ئىدى» دېگەندە، ئۇنىڭدىن: ‹سەن قايسى تەرەپنى دېمەكچى؟› دەپ سورالغان. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: ‹رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، ئەمما ئاخىرەتكە سىلەردىنمۇ بەك قىزىقىدىغان كىشىلەر ئىدى›.[3]

- تۆتىنچى ئەسەر

مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كەلگەندى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭدىن: ‹سىلەرنىڭ ئەبۇ ئۇنەيس زەھھاك ئىبنى قەيس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلار قانداق ئىدى؟› دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: ‹بىز ئۇنىڭغا ئۇچراشقىنىمىزدا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان گەپنى دەيتتۇق، ئۇنىڭدىن

[1] «سير أعلام النبلاء» 2- توم 572- بەت.
[2] «الأداب الشرعية» 1- توم 177- بەت.
[3] «صفة الصفوة» 1- توم 420- بەت.

ئايرىلغىنىمىزدا باشقا گەپنى دەيتتۇق» دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا: «بىز بۇنداق ئىشنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دەۋرىدە مۇناپىقلىق دەپ قارايتتۇق» دېدى».[1]

- بەشىنچى ئەسەر

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامىزىدا تەشەھھۇدتىن كېيىن مۇناپىقلىقتىن پاناھ تىلەيتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتىمۇ ناھايىتى كۆپ پاناھ تىلەيتتى. بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

ــ ئى ئەبۇ دەردا! ساڭا نېمە بولدى؟ ئەجەبا سەندە مۇناپىقلىق بارمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ــ ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! الله بىلەن قەسەمكى، كىشى بەزىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆز دىنىدىن بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟! ــ دېدى.[2]

- ئالتىنچى ئەسەر

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە كۈلۈپ، ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە يىغلايمەن: ئۆلۈم ئۇنى ئىزدەۋاتقان تۇرۇقلۇق يەنىلا دۇنياغا ئۈمىد باغلىغۇچىغا، غەپلەتتە قالسا بولمايدىغان نەرسىدىن غەپلەتتە قالغۇچىغا، قىلمىشىنىڭ الله نى رازى قىلىشى ياكى غەزەپلەندۈرۈشىدىن بىپەرۋا ھالدا قاقاقلاپ كۈلگۈچىگە كۈلىمەن؛ ئەڭ سۆيۈملۈك دوستۇم مۇھەممەد ﷺ دىن ۋە ئۇنىڭ جامائىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا، ئۆلۈم سەكراتىدىكى قورقۇنچلۇق ھالىتىمگە، پۈتۈن سىرلىرىم

[1] «المطالب العالية» 3 ـ توم 185 ـ بەت.
[2] «سير أعلام النبلاء» 6 ـ توم 382 ـ بەت.

ئاشكارا بولۇپ، جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىشىمنى بىلمەيدىغان كۈندە الله نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشىمگە يىغلايمەن».[1]

- يەتتىنچى ئەسەر

ئەبۇ بەختەرى سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىچى ۋە تېشى بولىدۇ. ئىچى تۈزەلسە تېشىمۇ تۈزىلىدۇ، ئىچى بۇزۇلسا تېشىمۇ بۇزۇلىدۇ».[2]

- سەككىزىنچى ئەسەر

ئىمام بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ) «صحيح البخاري» ناملىق كىتابىنىڭ «مۇئمىننىڭ ئۆزىمۇ تۇيماستىن ئەمىلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشى» دېگەن بابىدا ئىبراھىم تەمىيمىنىڭ: «مەن سۆزۈم بىلەن ئەمىلىمنى سېلىشتۇرسام‍لا ئۆزۈمنىڭ يالغانچى بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەنلىكىنى؛ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكەنىڭ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن 30 ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇناپىقلىقتىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۆزىنىڭ ئىمانىنى جىبرىئىل ۋە مىيكائىلنىڭ ئىمانىغا سېلىشتۇرمايتتى» دېگەنلىكىنى؛ ھەسەن بەسرىنىڭ: «نىفاقتىن پەقەت مۇئمىنلا قورقىدۇ، مۇناپىق ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىدۇ. الله تائالا نىفاقتىن ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ <ئۇلار (تەقۋادارلار) قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ>[3]» دېگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن.[1]

---

[1] ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الزهد» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 262 ـ بەت.
[2] ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الزهد» ناملىق كىتابى 4 ـ توم 323 ـ بەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 135 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئەسەرنىڭ يەنىمۇ مەنپەئەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئىبنى ھەجەرنىڭ بۇ ئەسەرگە يازغان شەرھىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: [ئىبراھىم تەمىيمىنىڭ ئىمام بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ) نەقىل قىلىپ كەلتۈرگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ تابىئىنلار ئىچىدىكى ئالىم، تەقۋادار ۋە ئابىد كىشىدۇر. ئۇنىڭ «مكذبا» دېگەن سۆزى «ذ» نى زەبەرلىك ئوقۇش بىلەن نەقىل قىلىنغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى «مېنىڭ ئەمەلىمنىڭ سۆزۈمگە قارشى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن كىشىنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقىرىپ: <ئەگەر راستچىل بولغان بولساڭ، ئەمىلىڭ سۆزۈڭگە قارشى كەلمەيتتى> دېيىشىدىن قورقىمەن» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلغۇچى بولغاچقا شۇنداق دېگەن. ئەمما، ئۇنىڭ «مكذبا» دېگەن سۆزى كۆپىنچە ھالەتتە «ذ» نى زىرلىق ئوقۇش بىلەن نەقىل قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ مەنىسى «ئۇ كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ تۇرۇقلۇق ئۆزى ئەمەللىرىنى مۇكەممەل قىلالمىغان» دېگەنلىك بولىدۇ.

الله تائالا ياخشىلىقلارنى باشقىلارنى يامانلىقتىن توسقان، لېكىن ئۆزى ئەمەل قىلىشقا سەل قارىغان كىشىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَبُرَ مَقْتًا عِنْدَ اللَّهِ أَنْ تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ «سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر) »[2] . دېمەك، ئىبراھىم تەمىيمى يالغانچىلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن قورققان ئىدى.

ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن ئائىشە ۋە ئۇنىڭ

---

[1] «فتح الباري» 1- توم 135- بەت.

[2] سۈرە سەپ 3- ئايەت.

ھەمشىرىسى ئەسما، ئۇممۇ سەلەمە، تۆت ئابدۇللاھ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير)، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئوقبە ئىبنى هارىس ۋە مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم) لەرگە ئۇچراشقان ۋە ئۇلاردىن ھەدىس ئاڭلىغان كىشىدۇر. ئۇ يەنە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسقا ئوخشاش پېشقەدەم ساھابىلەرگە ئۇچراشقان ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئەمەللىرىدە نىفاقتىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. باشقا ساھابىلەردىنمۇ بۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق بىر سۆز نەقىل قىلىنمىغان، بەلكى ھەممە بىردەك بىر سۆزگە بىرلىككە كەلگەن. بۇ شۇنىڭ ئۇچۇنكى، مۇئمىن كىشى بەزىدە ئىخلاسقا زىت كېلىدىغان ۋە ئەمىلىنى بۇلغاپ قويىدىغان نەرسىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ نىفاقتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۇلاردا نىفاق بارلىقىنى ئۇقتۇرمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ پەرھىزكارلىقى ۋە تەقۋادارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىبنى بەتتال مۇنداق دېگەن: «ئۇلار (ساھابىلەر) نىفاقتىن ئەنسىرىگەن، چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن ياشاپ، ئىلگىرىكى ئۆمۈرلىرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىشلارنى كۆرگەن ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىنكار قىلىشقا قادىر بولالمىغان. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئىشلارغا سۈكۈت قىلغانلىقىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن»]. [1]

- توقۇزىنچى ئەسەر

بىلال ئىبنى سەئەد مۇنداق دېگەن: «سەن كۆرۈنۈشتە الله نىڭ دوستى،

[1] «فتح الباري» 1 ـ توم 110 ـ ۋە 111 ـ بەت.

ھەقىقەتتە اللە نىڭ دۈشمىنى بولما!».[1]

- ئونىنچى ئەسەر

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «سۆزنىڭ ئەمىلگە، ئىچىنىڭ سىرتىغا قارشى كېلىشى مۇناپىقلىق. مۇناپىقلىقنىڭ ئاساسى يالغان سۆزلەشتۇر».[2]

- ئون بىرىنچى ئەسەر

بەزىلەر ھەمدۇن ئىبنى ئەھمەدتىن: «سەلەفلەرنىڭ سۆزى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ سۆزىمىزدىن مەنپەئەتلىك؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «چۈنكى سەلەفلەر ئىسلامنىڭ ئىززىتى، كىشىلەرنىڭ نىجاتلىقى ۋە رەھمان تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سۆزلەيتتى؛ بىز بولساق ئۆزىمىزنىڭ ئابرۇيى، دۇنيا تاماسى ۋە كىشىلەرنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سۆزلەيمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن.[3]

- ئون ئىككىنچى ئەسەر

خالىد ئىبنى سەفۋان مۇنداق دېگەن: «مەن مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ: <ئى خالىد! ماڭا بەسرە خەلقىنىڭ ئالىمى ھەسەن بەسرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن> دېگەنىدى، مەن: <اللە سېنى ئىسلاھ قىلسۇن! مەن ساڭا پەقەت ئۇ ھەققىدە بىلىدىغىنىمنى سۆزلەپ بېرەمەن. مەن ئۇنىڭ تام قوشنىسى ۋە سورۇندىشى ئىدىم، شۇنداقلا ئۇنى بۇرۇندىنلا بىلەتتىم. ئۇ كىشىلەر ئىچىدىكى ئىچى بىلەن تېشى، سۆزى بىلەن ئەمىلى ئوپمۇ-ئوخشاش كىشى ئىدى؛ بىرەر ئىشنى قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئۇ ئىشقا تۇتۇش

---

[1] ئىبنى ئەبۇ دۇنيانىڭ «الإخلاص والنية» ناملىق كىتابى 24- بەت.

[2] ئىبنى ئەبۇ دۇنيانىڭ «الصمت» ناملىق كىتابى 240- بەت.

[3] «صفة الصفوة» 4- توم 122- بەت.

قىلاتتى؛ بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ئۇ ئىشنى بىر باشقا ئىلىپ چىقماي قالمايتتى؛ بىرەر ياخشىلىققا بۇيرۇسا، ئۇنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى قىلاتتى؛ بىرەر يامانلىقتىن توسسا، ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى قول ئۈزەتتى؛ كىشىلەردىن بىھاجەت ئىدى، باشقىلار بولسا ئۇنىڭغا موھتاج ئىدى> دېدىم. مەسلەمە: <بولدى سۆزلىمەيلا قوي! ئارىسىدا ھەسەن بەسرىدەك مۇشۇنداق ئالىمى بولغان كىشىلەر قانداقمۇ ئېزىپ كەتسۇن!؟> دېدى».[1]

- ئون ئۈچىنچى ئەسەر

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسان! سەن سۆزلەيسەن ۋە ئەمەل قىلىسەن، ئەمىلىڭنى سۆزۈڭدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويغىن؛ سەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەل قىلىسەن، يوشۇرۇن ئەمىلىڭنى ئاشكارا ئەمىلىڭدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويغىن».[2]

- ئون تۆتىنچى ئەسەر

ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېگەن: «قەلب ئەمىلى بىلەن ئاشكارا ئەمەلنىڭ مۇۋاپىق كېلىشى ئادالەت، قەلب ئەمىلىنىڭ ئاشكارا ئەمەلدىن ئۈستۈن بولۇشى پەزىلەت، ئاشكارا ئەمەلنىڭ قەلب ئەمىلىدىن ئۈستۈن بولۇشى زالالەتتۇر».[3]

- ئون بەشىنچى ئەسەر

نۇئەيىم ئىبنى ھەمماد مۇنداق دېگەن: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: <مەن مالىكنىڭ (ئىمام مالىك بولۇشى مۇمكىن) مەرتىۋىسىگە يەتكەن ھېچبىر كىشىنى

---

[1] «سيرة أعلام النبلاء» 4- توم 576- بەت.

[2] «مدراج السالكين» 1- توم 436- بەت.

[3] «تفسير الطبري» 13- توم 163- بەت.

كۆرمىدىم. ئۇنىڭ نامىزى ۋە روزىسى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن قەلبى ساپ ئىدى».[1]

- ئون ئالتىنچى ئەسەر

قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دېگەن: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك بىلەن بىرگە سەپەر قىلغان ئىدۇق، ئۇ خىيالىمغا كۆپ كىرىۋالاتتى. مەن ئىچىمدە: <بۇ ئادەم قايسى ئەمەلى بىلەن بىزدىن پەزىلەتلىك بولغاندۇ؟ بىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ناماز ئوقۇغان، روزا تۇتقان، جىهاد قىلغان ۋە ھەج قىلغان تۇرساق> دەيتتىم.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: <بىر كېچىسى بىز شام يولىدىكى سەپەردە بولۇپ، بىر ئۆيدە كەچلىك تاماق يەۋاتاتتۇق. ئۇشتۇمتۇت چىراغ ئۆچۈپ قالدى، ئاندىن ئارىمىزدىن بىر كىشى چىراغنى ياندۇرغىلى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بىر ئازدىن كېيىن چىراقنى ئېلىپ كىردى. قارىسام، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ يۈز ۋە ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن مەن كۆڭلۈمدە: <بۇ ئادەم ئەسلىدە مانا مۇشۇنداق قورقۇشى بىلەن بىزدىن پەزىلەتلىك بولۇپتىكەن، چىراغ ئۆچۈپ قېلىپ ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولغاندا، قىيامەتنى ئەسلەپ يىغلىغان ئىكەن-دە!> دېدىم».[2]

- ئون يەتتىنچى ئەسەر

ئۇقەيل ئىبنى مۇغەففەل ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دېگەن: تاغام ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئى ئوغلۇم! سەن سەمىمىي قەلب ئارقىلىق الله بۇيرۇغان ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن

---

[1] «سيرة أعلام النبلاء» 8- توم 97- بەت.

[2] «صفة الصفوة» 4- توم 145- بەت.

قىلساڭ، الله ئۇ ئارقىلىق سېنىڭ ئاشكارا ئەمەلىڭنى راست قىلىپ بېرىدۇ. كىمكى بىر ياخشى ئەمەلنى قىلىپ، ئۇنى الله تىن باشقا ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىسا، دەل توغرا قىلغان ۋە ئەمەلنى ئۆز ئورنىغا قويغان بولىدۇ؛ كىمكى يوشۇرۇن ياخشى ئەمەل قىلىپ، ئۇنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمىسە، ھەممىنى بىلگۈچى زات ئۇنى بىلگەن ھەمدە بۇ كىشى ئۇ ئەمەلنى ئەجرنى زايە قىلماي ساقلىغۇچى زاتقا ئامانەت قويغان بولىدۇ. شۇڭا سەن الله تىن باشقا ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىغان ياخشى ئەمەلىڭنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن ھەرگىز ئەنسىرىمە.

ئاشكارا ئەمەلىڭنى قەلبىي ئەمەلىڭدىن مەنپەئەتلىك دەپ ئويلاپ قالمىغىن، چۈنكى قەلبىي ئەمەل بىلەن ئاشكارا ئەمەلنىڭ مىسالى خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقىنىڭ مىسالى كەبى بولۇپ، ئاشكارا ئەمەل دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىغا، قەلبىي ئەمەل يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر دەرەخنىڭ يىلتىزى چىرىپ كەتسە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، غولى ۋە ھەممىسى ۋەيران بولىدۇ؛ ئەگەر دەرەخنىڭ يىلتىزى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ مېۋە ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشىلىنىدۇ. دېمەك، دەرەخ يىلتىزىنىڭ ھېچبىر يېرى كۆرۈنۈپ قالمىسا، دەرەخنىڭ كۆرۈنگەن قىسىملىرى دائىم ياخشى بولىدۇ.

ئەگەر كىشىدە الله ئۇ ئارقىلىق ئاشكارا ئەمەلنى راستقا چىقىرىدىغان ساپ قەلبلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ دىنى ھەمىشە ساپ بولىدۇ. چۈنكى، خۇددى دەرەخ يىلتىزىنىڭ شېخىنىڭ ياخشى بولۇشىغا پايدىسى بولغىنىدەك، سەمىمىي قەلبىنىڭمۇ ئاشكارا ئەمەلنىڭ ياخشى بولۇشىغا پايدىسى بولىدۇ. يىلتىز دەرەخنىڭ ھاياتى بولسا، شاخ ئۇنىڭ زىنىنىتىدۇر. شۇنىڭدەك،

قەلبىي ئەمەل دىنىنىڭ ئاساسى بولسا، ئۇنىڭغا باغلانغان ئاشكارا ئەمەل دىنىنىڭ زىنىنىتىدۇر. شۇڭا مۇئمىن كىشى ئەمەل قىلغان ۋاقىتتا رەببىنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك». [1]

- ئون سەككىزىنچى ئەسەر

مۇئتەمىر ئىبنى سۇلايمان دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى يوشۇرۇن گۇناھ قىلسا، گۇناھى ئۇ كىشىنى خارلىققا مەھكۇم قىلىدۇ». [2]

- ئون توققۇزىنچى ئەسەر

ئەبۇ ئۇبەيد سەرري مۇنداق دېگەن: «نىفاق ــ قەلبتىكى رەزىللىكتۇر. قەلبىڭ بۇزۇق تۇرۇپ، كىشىلەرگە الله تىن قورقۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ قېلىشىڭدىن ھەزەر ئەيلە!». [3]

- يىگىرمىنچى ئەسەر

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئاشكارا ھالدا ئۆزىنى ئەيىبلىگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ماختىغانلىقىدۇر. ئالىملار مۇنداق دېگەن: ‹ئۆزىنى ئەيىبلىيەلەيدىغان كىشى نەپسىنى پاكلىغان كىشىدۇر›». [4]

- يىگىرمە بىرىنچى ئەسەر

قەتادە مۇنداق دېگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، ئى ئادەم بالىسى! ئۈستۈڭدە رەببىڭنىڭ گۇۋاھچىلىرى بار، شۇڭا ئۇلارنىڭ سېنى كۆزىتىپ

---

[1] «حلية الأولياء» 4- توم 69- ۋە 70- بەت.

[2] «أسباب العقوبات وأنواعها» 58- بەت.

[3] «تاريخ دمشق» 5- توم 86- بەت.

[4] «العقد الفريد» 1- توم 333- بەت.

تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىگىن. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللىرىڭدە الله رازىلىقىنى كۆزلىگىن، چۈنكى ھېچقانداق ئەمەل الله قا مەخپىي قالمايدۇ. كېچىدە يوشۇرۇن قىلىنغان ئەمەلمۇ الله نىڭ نەزىرىدە ئاشكارىدۇر». [①]

- يىگىرمە ئىككىنچى ئەسەر

رەبىئە ئىبنى خەسيەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە مەخپىي بولغان يوشۇرۇن ئەمەللەر الله قا مەخپىي بولمايدۇ. سىلەر ئۇنىڭ شىپاسى ئۈستىدە ئىزدىنىڭلار، ئۇ بولسىمۇ گۇناھقا تەۋبە قىلىپ، شۇ گۇناھنى ئىككىنچى قېتىم قايتا سادىر قىلماسلىقتۇر». [②]

- يىگىرمە ئۈچىنچى ئەسەر

ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئالىم كىشىنىڭ خىلۋەتتە قىلىنغان يوشۇرۇن سالىھ ئەمىلى بولۇشى كېرەككى، پەقەت ئىلمىگىلا تايىنىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئىلمىگە تايىنىۋېلىشنىڭ ئاخىرەتتە كۆپ پايدىسى بولمايدۇ». [③]

- يىگىرمە تۆتىنچى ئەسەر

سەلام ئىبنى ئەبۇ مۇتىيئ مۇنداق دېگەن: «يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيدنىڭ نەپلە ناماز ۋە روزىسى باشقىلاردەك كۆپ ئەمەس ئىدى. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئۆزى ئۈستىدە الله نىڭ بىرەر ھەققى بولسىلا ئۇنى ئورۇنلاشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇراتتى». [④]

- يىگىرمە بەشىنچى ئەسەر

---

[①] ئەبۇ شەيخنىڭ «العظمة» ناملىق كىتابى 1ـ توم 180ـ بەت.
[②] ئىمام ئەھمەدنىڭ «الزهد» ناملىق كىتابى 5ـ توم 48ـ بەت.
[③] «العهود المحمدية» 1ـ توم 266ـ بەت.
[④] «حيلة الأولياء» 3ـ توم 19ـ بەت.

يەھيا ئىبنى مۇئاز مۇنداق دېگەن: «قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە اللە تىن باشقىنى قەلبتىن چىقىرىپ تاشلاش ھەقىقىي زاھىدلىقتۇر».[1]

- يىگىرمە ئالتىنچى ئەسەر

فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ نەزىرىمىزدە كىشىلەر ناماز ۋە روزىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ كەڭرىلىكى، قەلبىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئۈممەت ئۈچۈن سەمىمىيلىكى بىلەن تونۇلىدۇ».[2]

- يىگىرمە يەتتىنچى ئەسەر

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەقەت اللە ئۈچۈنلا بولغان، اللە نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېلىپ بارىدىغان، اللە قا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە ياردىمى بولىدىغان مۇھەببەتتىن باشقا ھەرقانداق مۇھەببەت ئۆز ساھىبىغا ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ھەسرەت ـ نادامەتتۇر. مانا بۇلار سىرلار ئاشكارا بولىدىغان كۈندە قەلبتە ساقلىنىپ قالىدۇ».[3]

---

[1] ئىبنى قەييىم جەۋزىينىڭ «ذم الهوى» ناملىق كىتابى 69 ـ بەت.

[2] «الحلية» 8 ـ توم 103 ـ بەت.

[3] «روضة المحبين» 280 ـ بەت.

## 3 ـ باب

## قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغان ۋە بۇزۇلغانلىقىنىڭ بىر قىسىم ئالامەتلىرى

قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقى ۋە بۇزۇلغانلىقى غەيبنى بىلگۈچى الله تىن باشقا ھېچكىم قەتئىي بىلمەيدىغان بىر ئىشتۇر. شۇنداقتىمۇ الله قەلبنىڭ ئىسلاھ بولۇشى ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ كۆپلىگەن ئالامەتلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ ئالامەتلەر بەندىدە كۆرۈلگەندە بەندە ئۇنى ئۆزىدىن ھېس قىلالايدۇ. بۇ ئالامەتلەر كىشىلەرگە نىسبەتەن باشقىلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان پاكىتنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِسْرَارَهُمْ﴾ «الله ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ»①.

بىز بۇ بابتا قەلبنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى الله تىن باشقا ھېچكىم قەتئىي بىلمەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغان ۋە بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرى بولغان بەزى ئالامەتلەرنى بايان قىلىمىز. بەزىدە قەلبى بۇزۇق كىشىلەردىمۇ بىر قىسىم ياخشى ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ قالىدۇ، يەنە بەزىدە سالىھ كىشىلەردىمۇ بىر قىسىم ناچار ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ قالىدۇ. بىراق بۇنداق ئەھۋال ئاز كۆرۈلىدۇ، چۈنكى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا قەلبنىڭ ئىسلاھ بولۇشى ئاشكارا ئەمەللەرنىڭ ئىسلاھ بولۇشىنى، قەلبنىڭ بۇزۇلۇشى ئاشكارا ئەمەللەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ

---

① سۈرە مۇھەممەد 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چىقىرىدۇ.

بۇ ئالامەتلەر تۆۋەندىكىچە:

**❖ بىرىنچى تۈرلۈك ئالامەت ـــ ئىخلاس ۋە راستچىللىق**

ئىخلاس ـــ قەلب ئەمەللىرىنىڭ ۋە قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر، چۈنكى الله قا سۆيۈملۈك بولغان كۆپىنچە قەلب ئەمەللىرى ئىخلاسنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىخلاسنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ كاتتا ئورنى الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان ساۋابنىڭ پەرقلىق بولۇشىدا نامايان بولىدۇ. ئىخلاسنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان ساۋابمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «(قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان) دانالارنىڭ ئۇيقۇسى ۋە ئېغىزى ئوچۇق يۈرۈشلىرى نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ئۇلار (قەلب ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان) ھاماقەتلەرنىڭ كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈپ تۇرغان قىياملىرى ۋە ئاچ يۈرۈپ تۇتقان روزىلىرىغا قانداقمۇ ئالدانسۇن؟! تەقۋادار ۋە جەزمىيەت ساھىبلىرىنىڭ زەررىچىلىك ياخشى ئەمىلى، ئۆز ئەمىلىدىن مەغرۇرلىنىپ يۈرىدىغان رىياخورلارنىڭ تاغدەك ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدىن سۆيۈملۈك ۋە كاتتىدۇر».[1]

بىز الله تائالانىڭ: ﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ﴾ «الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت

[1] ئىمام ئەھمەدنىڭ «الزهد» ناملىق كىتابى 171 ـ بەت.

سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر»[1] دېگەن سۆزىنى بايان قىلغان ئىدۇق. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىبادەتلىرىدە باشقىلاردا تېپىلمايدىغان دەرىجىدىكى مۇكەممەل ئۇلۇغلاش، ئىخلاس ۋە قەلب ھۇزۇرى بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئوقۇغان بىر رەكئەت نامىزى باشقىلارنىڭ ئوقۇغان نەچچە يۈز رەكئەت نامازلىرىدىن، ئۇلارنىڭ بىر كېچىدىكى قىيامى باشقىلارنىڭ نەچچە ئون كېچىلەردىكى قىيامىدىن ئەۋزەلدۇر.

مۇتەررەف ئىبنى ئابدۇللاھ: «مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كىشى بار: ئۇلارنىڭ بىرى كۆپ روزا تۇتىدۇ، كۆپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە كۆپ سەدىقە قىلىدۇ؛ ئەمما يەنە بىرى (ئۇنچە كۆپ ئەمىلى بولمىسىمۇ) پەزىلەتتە ئۇنىڭدىن ئەۋزەلدۇر، سەن ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرق بارلىقىنى ئۇچرىتىسەن» دېگەندە، باشقىلار ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇ: «چۈنكى ئۇ كىشى ھارامدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.[2]

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەندە بەزىدە سالىھ نىيەت، راستچىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن بىر ياخشى ئەمەلنى قىلىدۇ-دە، ئۇ ئەمەل (نىڭ ئەجرى) ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كاتتا بولىدۇ».[3]

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ قەلبىدىكى نىيىتى بەزى كىچىك ئەمەللەرنى چوڭايتىپ قويىدۇ، يەنە بەزى چوڭ

---

[1] سۈرە ھەج 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىبنى ئەبۇ ئاسىمنىڭ «الزهد» ناملىق كىتابى 240- بەت.

[3] «مجموع الفتاوى» 11- توم 660- بەت.

ئەمەللەرنى كىچىكلىتىپ قويىدۇ».[1]

ئىخلاس قەلبىي ئەمەل بولۇپ، اللّٰه نى ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن تونۇش ئىخلاسنى كۈچەيتىدۇ. اللّٰه نى ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن تونۇغاندا قەلبتە اللّٰه نى ياخشى كۆرۈش، (ئازابىدىن) قورقۇش، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىش، اللّٰه نى ئۇلۇغلاش ھەمدە اللّٰه نىڭ ۋەدىلىرى ۋە ئازابىغا جەزمىي ئىشىنىش ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر بۇ كاتتا ئەمەللەر قەلبتىن ئورۇن ئالالىسا، بەندىنى اللّٰه قا ھەقىقىي رەۋىشتە قۇلچىلىق قىلىشقا، اللّٰه نى يەككە ـ يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە؛ بارلىق ئاشكارا ئەمەللەر، سۆزلەر ۋە ئەھۋاللاردا اللّٰه نىڭ رازىلىقى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى كۆزلەشكە؛ بەزى كىشىلەرنىڭ قىسمەن ئىبادەتلەرنى قىلىشقا سەۋەب بولۇۋاتقان دۇنيا غەرەزلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەيدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر باشقىلارغا ئاڭلىتىش ۋە ئۇلار ئارىسىدا نام چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ بەزى ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىبادەتلەردىن تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئاپەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. اللّٰه بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن!

مەن بۇ يەردە ئىخلاس ھەمدە ئۇنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى دەلىللىرى ھەققىدە كەڭرى توختالمايمەن، چۈنكى بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتاب ۋە رىسالىلەر يېزىلغان. مەن بۇ يەردە قەلبىي ئەمەلنىڭ ئەھمىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ قەلبنى ئىسلاھ قىلىشتىكى زور ئىجابىي تەسىرى ۋە قەلبنى بۇزۇشتىكى سەلبىي تەسىرى توغرىلىق توختالماقچىمەن.

---

[1] «جامع العلوم والحكم» 1 ـ توم 71 ـ بەت.

ﷲ خالىسا، مەزكۇر تەتقىقاتىمدا ئاساسلىقى ئىخلاسنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ ئالامەتلەر قەلبنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئالامەتلەرنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ئىخلاس ھەققىدىكى بەزى چۈشەنچىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىمام ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ئىخلاسنىڭ ئورنى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ئىخلاس ۋە راستچىللىق ھەققىدە قوللانغان سۆزلىرى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرى بىردۇر.

بەزى ئالىملار: ‹ئىخلاس ــ تائەت ـ ئىبادەتتە پەقەت ﷲ نىلا كۆزلەشتۇر› دېسە، يەنە بەزىلىرى: ‹ئىخلاس ــ ئەمەللىرىدە باشقىلارنىڭ قانداق ئويلىشىنى نەزەرگە ئالماسلىق› دېگەن.

يەنە بەزىلىرى: ‹ئىخلاس ــ ئەمەلدە باشقىلارنىڭ قانداق ئويلىشىدىن، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ قانداق ئويلاپ قېلىشىدىن ساقلىنىشتۇر. سەمىمىيەت ــ ئەمەلنى كۆڭۈلنىڭ تەمەلىرىدىن پاكلاشتۇر› دېگەن.

ئىخلاسمەن كىشى رىيا قىلمايدۇ، سەمىمىي كىشى مەغرۇرلانمايدۇ. ئىخلاس سەمىمىيلىك بىلەن، سەمىمىيلىك ئىخلاس بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ئىخلاس بىلەن سەمىمىيلىك پەقەت سەۋر بىلەنلا تاكاملىشىدۇ.

يەنە بەزى ئالىملار: ‹ئىخلاس ــ بەندىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەمەللىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشىدۇر. رىيا ــ بەندىنىڭ ئاشكارا ئەمەللىرىنىڭ قەلب ئەمەللىرىدىن ياخشى بولۇشىدۇر. ئىخلاستىكى سەمىمىيەت ــ بەندىنىڭ قەلبىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن

گۈزەل بولۇشىدۇر> دېگەن.

يەنە بەزى ئالىملار: <ئىخلاس ـــ ھەمىشە ياراتقۇچىنى ياد ئېتىش ئارقىلىق ئۆز ئەمىلىنى يارالغۇچىغا كۆرسىتىشنى ئۇنتۇشتۇر. ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا پەردازلاپ كۆرسەتكەن كىشى الله نىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ> دېگەن.

بەزىلەر سەھلىدىن: <نەپسىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە نېمە؟> دەپ سورىغاندا، ئۇ: <نەپسىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە ئىخلاس، چۈنكى نەپسىنىڭ ئىخلاستىن ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق> دېگەن.

يۇسۇف ئىبنى ھۇسەين مۇنداق دېگەن: <دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىش ـــ ئىخلاس قىلىشتۇر. مەن قەلبىمدىن رىيانى يوقىتىشقا شۇنچە كۆپ تىرىشقان بولساممۇ، گويا ئۇ باشقا بىر شەكىلدە بىخلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ>». [1]

بەندە ئۇ ئارقىلىق ئۆز قەلبىنىڭ تۈزەلگەنلىكىنى بىلىدىغان ئىخلاسنىڭ بىر قىسىم ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

- بىرىنچى، الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ۋە رىيادىن ساقلىنىش.

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا وَأَسِيرًا۝ إِنَّمَا نُطْعِمُكُمْ لِوَجْهِ اللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنْكُمْ جَزَاءً وَلَا شُكُورًا۝**﴾ «ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ [8]. (ئۇلار ئېيتىدۇ) <سىلەرگە بىز الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر

[1] «مدراج السالكين» 2ـ توم 90ـ ۋە 91ـ بەت.

تەلەپ قىلمايمىز> [9]»①.

رىيانىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك مەقسەتتىن قۇتۇلغاندىلا قەلبتە ئىخلاس مۇستەھكەم ئورۇنلىشىدۇ:

1. ئاخىرەت ئەمەلى ئارقىلىق دۇنيالىق مەنپەئەتنى كۆزلەش.

2. ئاخىرەت ئەمەلى ئارقىلىق دۇنيالىق زىياننى چەككىندۈرۈش.

3. كىشىلەر ئارىسىدا نام ـ شۆھرەت قازىنىشنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدھىيىلىشىنى ياخشى كۆرۈش.

بەندە يۇقىرىقى مەقسەتلىرىدىن قۇتۇلغاندىلا الله نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان رىيانىڭ خەتىرىدىن ساقلىنالايدۇ. بۇ مەقسەتلەرنىڭ ئىچىدە ساقلىنىش ئەڭ قىيىن بولغىنى ــ كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتلىنىش ۋە نام ـ شۆھرەت قازىنىشنى ياخشى كۆرۈشتۇر. باشقىلارنىڭ ماختىشى ۋە ھۆرمەتلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ھەمدە كىشىلەر ئارىسىدا شۆھرەت قازىنىشنى يامان كۆرۈش ئارقىلىق نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش ــ سالىھ كىشىلەرنىڭ ئادىتى ۋە ئۆز رەببىگە ئىخلاسمەن بەندىلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەببىنىڭ ئۇلارنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئەمەللىرىگە يارىشا رەببىدىن ساۋاب ئۈمىد قىلىشى ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر. سىز بۇنداق كىشىلەرنىڭ نام ـ شۆھرەت قازىنىشقا ۋە باشقىلارنىڭ ماختىشىغا قىزىقمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاددىي كىشىلەر ئىچىدە بولۇشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئەمەللىرىنى الله تىن باشقا ھېچكىمگە ئۇقتۇرمايدىغانلىقىنى بايقايسىز. شۇنداقتىمۇ، الله ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى

① سۈرە ئىنسان 8ـ ۋە 9ـ ئايەتلەر.

ئاشكارىلاپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆلارنىڭ نام-شەرىپى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئۇستۇن قىلىدۇ، بەندىلىرىنىڭ قەلبىگە ئۇلارغا بولغان مۇھەببەتنى تاشلايدۇ.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللّه يحب العبد التقي الغني الخفي» «الله تەقۋادار، قانائەتچان، ئۆزىنى ئاشكارا قىلمايدىغان بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ». [1]

تۆۋەندە سەلەف-سالىھلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا نام-شۆھرەت قازىنىشنى يامان كۆرىدىغانلىقىغا دائىر بىر قىسىم ئۆرنەكلەرنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن.

ئۇۋەيس قەرنىي زۇرارە ئىبنى ئەۋفادىن، ئۇ ئۇسەير ئىبنى جابىردىن نەقىل قىلىغان بىر ھەدىستە، ئۇسەير ئىبنى جابىر مۇنداق دېگەن: «يەمەن ئەھلىدىن ياردەمچى قوشۇن كەلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن:

— ئاراڭلاردا ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇۋەيسنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن:

— سەن ئۇۋەيس ئىبنى ئامىرمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى.

— مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن جەمەتىدىنمۇ؟

— شۇنداق.

— سەندە ئاق كېسەل بار ئىدى، بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرىڭ ساقايدى، شۇنداقمۇ؟

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ــ شۇنداق.

ــ ئاناڭ بار، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: ‹يأتي عليكم أويس بن عامر مع أمداد أهل اليمن من مراد، ثم من قرن كان به برص، فبرأ منه إلا موضع درهم، له والدة هو بها بر، لو أقسم على اللّٰه لأبره، فإن استطعت أن يستغفر لك فافعل› ‹سىلەرگە يەمەن ئەھلىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بىلەن مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن جەمەتىدىن ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر ئىسىملىك كىشى بىللە كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بولۇپ، بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرى ساقايغان. ئۇنىڭ بىر ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا بەكمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ. ئۇ اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچسە، اللّٰه ئۇنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالىساڭ، ساڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلغىن› دېگەنىدى. شۇڭا سەن ماڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغىن! ــ دېدى. ئۇۋەيس مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ كۇفەگە، ــ دېدى. ئۆمەر:

ــ سېنى كۇفەنىڭ ۋالىيسىغا تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەيمۇ؟ ــ دېگەنىدى، ئۇ:

ــ مەن ئاجىز كىشىلەر ئىچىدە بولۇشۇمنى ياخشى كۆرىمەن، ــ دېدى. كېيىنكى يىلى، كۇفەنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى ھەجگە بېرىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچراشتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭدىن ئۇۋەيسنى

سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

ــ ئۇۋەيس ئۆي ـ ماكانسىز ۋە مال ـ دۇنياسىز ھالەتتە قېلىپ قالدى، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <يأتي عليكم أويس بن عامر مع أمداد أهل اليمن من مراد، ثم من قرن كان به برص، فبرأ منه إلا موضع درهم، له والدة هو بها بر، لو أقسم على اللّٰه لأبره، فإن استطعت أن يستغفر لك فافعل> <سىلەرگە يەمەن ئەھلىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بىلەن مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن جەمەتىدىن ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر ئىسىملىك كىشى بىللە كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بولۇپ، بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرى ساقايغان. ئۇنىڭ بىر ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا بەكمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ. ئۇ اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچسە، اللّٰه ئۇنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالىساڭ، ساڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلغىن> دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ــ دېدى.

ئۇ كىشى ھەجدىن قايتىپ كېلىپ ئۇۋەيسنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

ــ ماڭا اللّٰه تىن مەغپىرەت تىلىگىن! ــ دېدى. ئۇۋەيس:

ــ سەن ياخشى بىر سەپەردىن (ھەجدىن) يېڭىلا كەلدىڭ، سەن ماڭا مەغپىرەت تىلىگىن! ــ دېدى. ئۇ ئادەم يەنە:

ــ سەن ماڭا مەغپىرەت تىلىگىن! ــ دېدى. ئۇۋەيس:

ــ سەن ياخشى بىر سەپەردىن (ھەجدىن) يېڭىلا كەلدىڭ، سەن ماڭا مەغپىرەت تىلىگىن! ــ دېدى. ئۇۋەيس ئۇ كىشىگە:

ــ سەن ئۆمەرگە ئۇچرىشىپسەن ـ دە؟ ــ دېگەنىدى، ئۇ كىشى:

ــ شۇنداق، ــ دېگەندىلا، ئۇۋەيس ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىدى. شۇنىڭ

بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بايقاپ قالغانلىقىنى سەزدى ـ دە، كۈپەدىن كېتىپ قالدى». ①

ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئىلمىنى مەندىن ئۆگىنىپ، ئۇ ئىلىمنى ماڭا نىسبەت بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن». ②

سۇفيان سەۋرى (رەھىمەھۇللاھ) بىر قېرىندىشىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ھوقۇق ـ مەنسەپنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن پەخەس بول، چۈنكى ھوقۇق ـ مەنسەپكە بېرىلمەسلىك دۇنياغا بېرىلمەسلىكتىنمۇ قىيىندۇر». ③

ئىبراھىم ئەدھەم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «نام ـ شۆھرەتكە ئامراق كىشى الله قا سەمىمىي بولمىغان بولىدۇ». ④

خالىد ئىبنى مەئدان (رەھىمەھۇللاھ) نام ـ شۆھرەتنى يامان كۆرگەنلىكتىن، بىرەر سورۇندا ئۇنىڭ نامى ئۇلۇغلانسا (ئۇ سورۇننى تاشلاپ) چىقىپ كېتەتتى. ⑤

زۇھرىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بىز ئەمەل ـ مەنسەپكە بېرىلمەسلىكتىنمۇ يۇقىرى زاھىدلىقنى كۆرمىدۇق. سەن شۇنداق بىر كىشىنى كۆرىسەنكى، ئۇ كىشى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە مال ـ دۇنياغا بېرىلمەيدۇ، ئەمما ئەمەل ـ مەنسەپ تارتىۋېلىنسا ئۇنىڭ ئۈچۈن

① مۇسلىم توپلىغان.
② «حلية الأولياء» 9 ـ توم 118 ـ بەت.
③ «حلية الأولياء» 6 ـ توم 387 ـ بەت.
④ «حلية الأولياء» 8 ـ توم 19 ـ بەت.
⑤ «مختصر منهاج القاصدين» 76 ـ بەت.

جېدەللىشىدۇ». ①

«ناۋادا بىرەر كىشى <زۇھرىنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدە ئەمەل ـ مەنسەپكە بېرىلمەسلىك ماختىلىپ، نام ـ شۆھرەت قوغلىشىش ئەيىبلىنىپتۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەرلەر ۋە ئالىملارنىڭمۇ نام ـ شۆھرىتى بار ئىدىغۇ؟> دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا ئېيتىمىزكى، ئىنساننىڭ نام ـ شۆھرەت تەلەپ قىلىشى ئەيىبلىنىدۇ، ئەمما نام ـ شۆھرەتنىڭ تەلەپ قىلىنماستىن الله تەرەپتىن ئاتا قىلىنىشى ئەيىبلەنمەيدۇ. بىراق نام ـ شۆھرەت ئاجىز كىشىلەرگە② نىسبەتەن سىناقتۇر». ③

مەدھىيىلىنىش ۋە ماختىنىشنى ياخشى كۆرۈشنى يوقىتىشنىڭ چارىسى ھەققىدە، ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىخلاس بىلەن تەمەخورلۇق ۋە مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرۈش خۇددى ئوت بىلەن سۇدەكلا بىر قەلبتە ئۆزئارا چىقىشالمايدۇ. ئەگەر نەپسىڭ ساڭا ئىخلاسمەن بولۇشۇڭنى سۆزلىسە، سەن ئاۋۋال ئۇمىدسىزلىك پىچىقىڭدا تەمەخورلۇقنى بوغۇزلا. دۇنياغا مەپتۇن بولغانلار ئاخىرەتكە قىزىقمىغىنىدەك، سەنمۇ ماختىنىش ۋە باشقىلارنىڭ مەدھىيىلىشىگە بېرىلمە. چۈنكى، سەن تەمەخورلۇقنى يوقىتىپ، ماختىنىش ۋە مەدھىيىلىنىشتىن قۇتۇلالىساڭلا ئىخلاسمەن بولۇشۇڭ ئاسان بولىدۇ.

ئەگەر سەن <قانداق قىلغاندا تەمەخورلۇقنى يوقىتىش ۋە مەدھىيىلىنىشكە بېرىلمەسلىك تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ؟> دەپ سورىساڭ،

① «مختصر منهاج القاصدين» 76 ـ بەت.

② بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى، ماختاپ قويسا ئۆزىنى بىلەلمەي مەغرۇرلىنىپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر ــ تەرجىماندىن.

③ «مختصر منهاج القاصدين» 76 ـ بەت.

مەن ئېيتىمەنكى، تەمە قىلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېگانە الله نىڭ قولىدا ئىكەنلىكى، الله تىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قادىر بولالمايدىغانلىقى، الله تىن باشقا ھېچكىمنىڭ بەندىگە ھېچقانداق نەرسىنى بېرەلمەيدىغانلىقىنى جەزمىي بىلگىنىڭدە تەمەخورلۇقنى يوقىتىشىڭ ئاسان بولىدۇ؛ يېگانە الله تىن باشقا ھېچبىرىنىڭ سېنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق گۈزەللەشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، سېنى ئەيىبلەش ئارقىلىق سەتلەشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگىنىڭدە، مەدھىيىلىنىشكە بېرىلمەسلىكىڭ ئاسان بولىدۇ».[1]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خىتاب قىلىپ يازغان خېتىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ <ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن چىرايلىق كۆرۈنمەكچى بولغان كىشىنى الله سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇكى، بۇنداق كىشى ئىخلاسمەن كىشىنىڭ ئەكسىچە كىشىلەرگە بىر ئىشنى ئاشكارىلايدۇ. ھەقىقەتتە ئۇ ئىش ئاشكارا قىلغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. الله مۇ ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ يامان مەقسىتىنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلىدۇ، چۈنكى مەقسەتنىڭ ئەكسىچە جازالاش شەرىئەت ۋە تەقدىردە ئىسپاتلانغاندۇر.

ئىخلاسمەن بەندە ئىخلاسنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشتىن بۇرۇن ھالاۋەت، مۇھەببەت ۋە باشقىلارنىڭ قەلبىدىكى ئەيمىنىشكە ئېرىشكىنىدەك، ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن چىرايلىق كۆرۈنگۈچىنىڭ قەلبىدىكى نەرسە الله نىڭ نەزىرىدە قەبىھ بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆز قىلمىشىغا قارىتا جازالىنىشتىن

[1] «الفوائد» 150 ـ بەت.

بۇرۇن كىشىلەر ئارىسىدا الله نىڭ شەرمەندە قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى، كامالىي سۈپەتلىرى، ھۆكمى ۋە شەرىئىتىدىكى ھېكمىتى شۇنداق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئۆزىدە ئەسلا بولۇپ باقمىغان قورقۇش، بويسۇنۇش، پىداكارلىق، ئىلىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن باشقىلارنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنمەكچى بولغان كىشى ئۆزىنى شۇ ئىشلارنىڭ ۋاجىباتلىرى ۋە تەلەپ-تەقەززالىرىغا زورلىغانلىقتىن، ئۇ كىشىدە شۇ سۈپەتلەرنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىدە شۇ سۈپەتلەر تېپىلمىسا رەسۋا بولىدۇ. دېمەك، ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسەتمەكچى بولغان كىشى ئاقىۋەتتە رەسۋا بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن ئىشلىرىنىڭ دەل ئەكسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئەمىلىگە يارىشا جازالاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىشىلەردىن يوشۇرغان ئەيىبلىرىنى كىشىلەرگە ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

بەزى ساھابىلەر: <الله قا سېغىنىپ نىفاق ئارىلاشقان قورقۇشتىن پاناھ تىلەيمەن> دېگەندە، باشقىلار: <نىفاق ئارىلاشقان قورقۇش دېگەن نېمە؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: <سىرتقى ھالەتتە الله تىن قورققاندەك كۆرۈنۈپ، قەلبىنىڭ الله تىن قورقماسلىقىدۇر> دەپ جاۋاب بەرگەن. نىفاقنىڭ ئاساسى ۋە ئەسلى ماھىيىتى ــ قەلبتە يوق ئىمان بىلەن كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرۈنۈشتۇر. شۇنى بىلىش كېرەككى، پەيغەمبەرلىك بۇلىقىدىن ئېلىنغان ئەمىرۇل مۇئمىنىنىنىڭ <ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن چىرايلىق كۆرۈنمەكچى بولغان كىشىنى الله سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ> دېگەن بۇ ئىككى كەلىمە سۆزى

كېسەلگە ئەڭ مەنپەئەتلىك ۋە شىپالىق سۆزدۇر».[1]

قىسمەن ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلارنىڭ پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ۋە ئۇنى بىر-بىرىگە ئىتتىرىشى ــ نام-شۆھرەتنى ۋە (كىشىلەر ئارىسىدا) نامايان بولۇشنى يامان كۆرۈشكە دائىر ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ مەسجىدتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ 120 ساھابىسىنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ قايسى بىرىدىن ھەدىس ياكى پەتىۋا ھەققىدە سوئال سورالسىلا، باشقا قېرىندىشىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئەشۇ جاۋاب بىلەن كۇپايىلىنەتتى. ئۇلاردىن كېيىن ئۆزلىرىنى ئىلىملىك چاغلايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەت قىلدى. مانا بۇگۈن ئۇلار مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى تالىشىۋاتىدۇ. ناۋادا ئۇ مەسىلىلەر ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن سورالغان بولسا، ئاۋۋال بەدر ئەھلىنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن جاۋاب بەرگەن بولاتتى».[2]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى (رەبىيئە) نىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: <نېمىگە يىغلايسەن؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ: <پەتىۋا بېرىش ئىسلامدىكى ئەڭ چوڭ ئىش تۇرۇقلۇق ئىلىمسىز كىشىلەردىن پەتىۋا سورالدى. بۇ يەردە پەتىۋا بېرىۋاتقان بەزى كىشىلەر ئوغرىدىنمۇ بەك تۈرمىگە سولىنىشقا لايىقتۇر> دەپ جاۋاب بەردى».[3]

---

[1] «إعلام الموقعين» 2-توم 168- ۋە 169- بەت.

[2] «مختصر منهاج القاصدين» 16- بەت.

[3] «إعلام الموقعين» 4-توم 207- بەت.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) قىسمەن ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر رەبىيئە بىزنىڭ زامانىمىزدا بولۇپ قېلىپ، ئىلىمسىز كىشىلەرنىڭ تالىشىپ تۇرۇپ پەتىۋا بېرىشىۋاتقانلىقى، شۇ سەۋەبتىن بىر ـ بىرلىرى بىلەن قىزىرىشىۋاتقانلىقى، زورىغا پەتىۋا بېرىشىۋاتقانلىقى ھەمدە تەجرىبىسى ئاز، ئەخلاقى ناچار ۋە نىيىتىنىڭ يامانلىقىغا قارىماستىن ئىلىمسىز ھالدا پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەت قىلغانلىقىنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە!؟». [1]

نام ـ شۆھرەت ۋە (كىشىلەر ئارىسىدا) نامايان بولۇشنى ياخشى كۆرۈشنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە كۆرۈنۈشلىرى بار بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئىمام غەززالى «إحياء علوم الدين» ناملىق كىتابىدا، مەقدەسىي «مختصر منهاج القاصدين» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

مەقدەسىي مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭدىنمۇ مەخپىي بولغىنى شۇكى، بىر كىشى ئەمەلىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىماستىن مەخپىي قىلىدۇ. لېكىن باشقىلارنى كۆرگەندە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئاۋۋال سالام قىلىشىنى، ئۆزىگە تەبەسسۇم ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۇچرىشىشىنى، ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشقا پائال قاتنىشىشىنى، ئۆزىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى ۋە باشقىلارنىڭ ئورۇن بوشىتىپ بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بۇلاردىن بىرەرسىگە سەل قارالسا، گويا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى مەخپىي قىلغان تائەت ـ ئىبادىتىگە قارىتا ئېھتىرام تەلەپ قىلىۋاتقاندەك، ئۇ ئىش ئۇنىڭ قەلبىگە ئېغىر كېلىدۇ.

ۋەھبە ئىبنى مۇنەببەھتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئابىدلاردىن

[1] «إعلام الموقعين» 4 ـ توم 207 ـ بەت.

بىرى ھەمراھلىرىغا مۇنداق دېگەن: ‹بىز چەكتىن ئېشىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ مال-دۇنيالىرىمىز ۋە بالىلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئەمدىلىكتە بۇ چەكتىن ئېشىشنىڭ بايلارنىڭ مال-دۇنيا توپلاشلىرىغا كىرىپ قالغىنىدىنمۇ بەكرەك بىزنىڭ ئىشىمىزغا (يەنى ئىبادەتلىرىمىزگە) كىرىپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتىمىز. بەزىلەر (يول ۋە باشقا ئورۇنلاردا) ئۇچرىشىپ قالسا دىيانىتى سەۋەبلىك ھۆرمەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە بەزىلەر دىيانىتى سەۋەبلىك ھاجىتى ئادا قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە بەزىلەر بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولسا دىيانىتى سەۋەبلىك ئەرزان بېرىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ›».[1]

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (رەھىمەھۇللاھ) الله تائالانىڭ: ﴿قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ «ئېيتقىنكى، ‹بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) الله قا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. الله پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن›»[2] دېگەن سۆزى ھەققىدە ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىتابى «كتاب التوحيد» دە ئىخلاسنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىككىنچى مەسىلە، ئىخلاسقا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر (كۆرۈنۈشتە) ھەققە دەۋەت قىلغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە دەۋەت قىلىدۇ».[3]

نۇرغۇن كىشىلەر غاپىل قېلىۋاتقان بۇ ئىش نېمىدېگەن چوڭ مەسىلە-ھە!؟ چۈنكى ئىخلاس — ئۆز نەپسىگە، ئۆزىنى ھۆرمەتلەشكە،

---

[1] «مختصر منهاج القاصدين» 219- بەت.

[2] سۈرە يۇسۇف 108- ئايەت.

[3] «كتاب التوحيد» ناملىق كىتابنىڭ «لا اله الا اللّٰه دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىش» بابى.

كىشىلەر ئارىسىدا نام ـ شۆھرەت قازىنىشقا، ئەتراپىغا ئادەم توپلاشقا، تۆردە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى كۆرمەسكە سېلىشقا دەۋەت قىلىش بولماستىن، بەلكى الله قا ۋە الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دەۋەت قىلىشتۇر.

ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) رىيانىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى كەمتەركەن دەپ ئويلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەدھىيىلىنىشى ئۈچۈن، كىشىلەر ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئەيىبلەيدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنى تۆۋەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلاردىن، مەدھىيىلىنىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىخلاس ۋە راستچىللىققا زىت كېلىدىغان ئىشلار سادىر بولىدۇ. مانا بۇ ـــ رىياخورلۇقنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرىپى بولۇپ، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئالىملار ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان. چۈنكى، ئىماندا سادىق كىشى مۇناپىقلىقتىن ئەنسىرەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزى ماختىلىشتىن ۋە ئۇنى چىرايلىق ساناۋاتقان پەيتتە ھاياتىنىڭ يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ».[1]

## **1. ئەمەلنى مەخپىي قىلىشنى ياخشى كۆرۈش ۋە ياخشى ئەمەلنى يوشۇرۇش**

بۇ بولسا ئىخلاسنىڭ ۋە قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىدىندۇر.

ئىخلاسمەن كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ھەردائىم

[1] «فضل علم السلف على الخلف» 8 ـ بەت.

كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھالەتتە، ﷲ نىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ﷲ نىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ھەرقاچان پەرز ئەمەللىرىدىن باشقا ياخشى ئەمەللىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللّٰه يحب العبد التقي الغني الخفي» «ﷲ تەقۋادار، قانائەتچان، ئۆزىنى ئاشكارا قىلمايدىغان بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ». [1]

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى خۇددى يامان ئەمەللىرىڭلارنى يوشۇرغاندەك يوشۇرۇڭلار». [2]

بۇ ھەقىقەتەنمۇ سەلەف ـ سالىھلارنىڭ نۇرلۇق يولى ئىدى. خۇرەيبى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئۇلار (يەنى سەلەف ـ سالىھلار) ئەر كىشىنىڭ ئايال ـ بالىلىرى ۋە باشقىلار بىلمەيدىغان يوشۇرۇن ياخشى ئەمەللىرى بولۇشىنى مۇستەھەب دەپ قارايتتى». [3]

ئىمام قۇرتۇبى (رەھىمەھۇللاھ) ﷲ تائالانىڭ: ﴿فَلَوْلَا أَنَّهُ كَانَ مِنَ الْمُسَبِّحِينَ۝ لَلَبِثَ فِي بَطْنِهِ إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ۝﴾ «ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى [143 ـ 144] »[4] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ‹من استطاع منكم أن تكون له خبيئة من عمل صالح فليفعل› ‹ئاراڭلاردىن ئۆزىنىڭ سالىھ ئەمىلىنى يوشۇرۇشقا قادىر بولالايدىغانلار يوشۇرسۇن› دېگەن سۆزى بۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بەندە تىرىشىپ ئەمەل قىلىشى، قانداقلا بولمىسۇن ياخشى

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] «سيرة أعلام النبلاء» 9 ـ توم 349 ـ بەت.
[3] «مسند الشهاب» 1 ـ توم 267 ـ بەت.
[4] سۈرە سافغات 143 ـ ۋە 144 ـ ئايەت.

ئەمەلگە ئىنتىلىشى، ئۆزى بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئەمەلدە ئىخلاس قىلىشى، ئۇنى موھتاجلىق ۋە قىيىنچىلىق كۈنى ئۈچۈن ساقلاپ قويۇشى ھەمدە ئۇ ئەمەلنى ئىنتايىن يوشۇرۇن قىلىشى ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئاشكارىلىماسلىقى لازىم. شۇندىلا ئۇ كىشى شۇ ئەمەلدىن ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ كۆپرەك مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ» دېگەن.[1]

يوشۇرۇلغان ياخشى ئەمەل ھەققىدە ئۇستاز خالىد رەۋشە مۇنداق دېگەن: «قېيىققا چىقىۋالغان كىشى (غەرق بولۇشتىن) قۇتۇلۇپ قالىدۇ. تائەت-ئىبادەتكە ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ قەلبى پاكلىنىدۇ، نەپسى ئىسلاھ بولىدۇ ھەمدە ئىخلاس قىلىش ئۇ كىشىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئىخلاس — الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان مەخپىي قىلىنغان ئىبادەت ۋە يوشۇرۇن قىلىنغان ئىتائەتتۇر. شۇ ۋاقىتتا سەن كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىغا، ئەمىلىڭنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىغا پەرۋا قىلماستىن ھەمدە كىشىلەردىن ھېچقانداق بىرنەرسە ئۈمىد قىلماستىن ئىبادىتىڭنى پەقەت الله ئۈچۈنلا قىلغان بولىسەن. ئىخلاس بىر تۈرلۈك ۋاسىتە بولۇپ، ئۇ پەقەت سالىھ كىشىلەرنىڭ ئەمىلىدۇر. مۇناپىق ۋە كاززاپلار ئەمەللىرىنى پەقەت باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مەڭگۈ ئىخلاس قىلالمايدۇ. پەقەت راستچىل مۇئمىنلەرلا قەلب ئەمەللىرىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ.

دېمەك، قەلبىي ئەمەل بەندە بىلەن رەببى ئارىسىدىكى سىرلارنىڭ زىننىتىدۇر. لېكىن قەلب ئەمىلى ئىنتايىن ئاز، ئۇنتۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان بۈگۈنكىدەك بىر ۋاقىتتا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئىلىم ۋە

[1] «تفسير القرطبى» 15- توم 127- بەت.

ئەمەل جەھەتتە ئۇنى تىرىلدۈرۈشى، ياشلارنى شۇ ئاساستا تەربىيىلىشى لازىم.

ھەربىر ئىنسان شۇنى بىلىشى كېرەككى، شەيتان بىرەر بەندىنىڭ يوشۇرۇن ئەمىلىنى كۆرسە قەتئىي چىداپ تۇرالمايدۇ ۋە شۇ ئەمەلىنى ئاشكارا ئەمەلگە ئايلاندۇرۇۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ. چۈنكى، يوشۇرۇن ئەمەل ــ رىيا ئارىلىشىپ قېلىشتىن، مەغرۇرلىنىشتىن ۋە نام-شۆھرەتتىن ئەڭ يىراق بولغاچقا شەيتانغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئەمەلدۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يوشۇرۇن ئەمەل كەڭ تارقالسا، ئىنسانلار ئارىسىدا بەرىكەت ياغىدۇ، ياخشىلىقلار ئومۇملىشىدۇ. بىز شاھىد بولۇۋاتقان دۇنياغا دوم چۈشۈشنىڭ سەۋەبى دەل ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن جەھەتتىكى ئاچ كۆزلۈكتۇر. بىرىنچى تۈرلۈك سەۋەبى ھەممىگە ئاياندۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك سەۋەبى يوشۇرۇن تائەت-ئىبادەتتىن يىراقلىشىپ كېتىشتۇر. چۈنكى، ئىچ-ئىچىدىن اللە نى ياخشى كۆرىدىغان، اللە نىڭ ھوزۇرىدىكى نەرسىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قىزىقىپ رەببى يولىدا ئۆزىنى ئۇنۇتقان، رەببىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى مەقسەت قىلىپ ئەمىلىنى يوشۇرغان، ئوڭ قولى چىقىم قىلغان نەرسىنى سول قولىغا بىلدۈرمەيدىغان ئاشۇنداق ئىخلاسمەن ئەزالار ۋە پاك روھلارنى ياخشى كۆرگەن ئېسىل، ئالىيجاناب قەلبتىنلا يوشۇرۇن ئەمەللەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ»[①].

ئىمام ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) اللە تائالانىڭ: ﴿**ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ**﴾ «رەببىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە-كەلمەس سۆزلەپ، تووۋلاپ) ھەددىدىن

---

[①] مۇسلىم تور بېكىتىدىن ئېلىندى.

ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى الله ياقتۇرمايدۇ»[1] دېگەن سۆزى ھەققىدە، سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ئۆز ئەمەللىرىنى يوشۇرۇشتىكى بەزى ھالەتلىرىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇبارەك ئىبنى فۇزالەدىن، ئۇ ھەسەندىن نەقىل قىلغان بىر ئەسەردە، ھەسەن مۇنداق دېگەن: ‹ئىلگىرى كىشىلەرگە تۇيدۇرماي قۇرئاننى جەملىگەنلەر، كىشىلەرگە بىلىندۇرمەي كۆپلىگەن فىقھى ئىلىمگە ئېرىشكەنلەر، ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە تۇيدۇرماي ئۇلارنىڭ يېنىدا نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيدىغانلار ئۆتكەن ئىدى. ۋەھالەنكى، بىز ئەمەلنى يوشۇرۇن قىلالايدىغان تۇرۇقلۇقمۇ دائىم ئاشكارا قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۇچرىتىۋاتىمىز. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى ـ يۇ، ھېچ ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. ئەگەر ئاڭلاندى دېيىلسە، پەقەت رەببى بىلەن پىچىرلاشقىنىلا ئاڭلىناتتى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً﴾ ‹رەببىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار›[2]. الله تائالا ئۇنىڭ ئەمەلىدىن رازى بولغان سالىھ بەندە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِذْ نَادَى رَبَّهُ نِدَاءً خَفِيًّا﴾ ‹ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە تۆۋەن ئاۋازدا مۇناجات قىلدى›[3]›». [4]

مەن تۆۋەندە بۇ تېمىنىڭ تېخىمۇ مەنپەئەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، سەلەف ـ سالىھلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەمەللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنى باشقىلاردىن يوشۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر

---

[1] سۈرە ئەئراف 55 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مەريەم 3 ـ ئايەت.
[4] «تفسير ابن كثير» 3 ـ توم 424 ـ بەت.

قىسىم شائىلىق نەمۇنىلەرنى بايان قىلىمەن.

• زەينۇل ئابىدىن ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن مەدىنىدىكى يۈز ئائىلىنىڭ چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىقلىرىنى كېچىدە ئېلىپ كېلەتتى. ئەمما، ئۇلار ئاشلىقنى كىمنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. تاكى ئۇ ۋاپات بولۇپ كېتىپ ئۇلارغا ئاشلىق كەلمىگەندىن كېيىنلا ئۇلار ئاشلىق ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ ئۇ ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنىڭ دۈمبىسىدە تۇل ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاشلىق توشۇغانلىق ئىز-ئەسىرىنى تاپتى.[1]

• ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك باشقىلارنىڭ تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن جەڭدە يۈزىگە نىقاب كىيىۋالاتتى. ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ﷲ ئىبنى مۇبارەكنىڭ مەرتىۋىسىنى پەقەت ئۇنىڭ يوشۇرۇن قىلغان ئەمەللىرى سەۋەبىدىنلا ئۈستۈن قىلغان».[2]

• مەنسۇر سۇلەيمىنىڭ تاكى 40 يىلغىچە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى قىيامدا تۇرغانلىقى نەقىل قىلىنغان. ئۇ دائىم يىغلايتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم! سەن ئۆزۈڭنى نېمانچە تۈگەشتۈرىسەن؟» دېگەندە، ئۇ: «مەن ئۆزۈمگە نېمە قىلغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن» دەيتتى. تاڭ يورۇغاندا كۆزىگە سۈرمە تارتىپ، چېچىنى مايلاپ، لەۋلىرىنى پارقىرىتىپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا چىقاتتى.[3]

• داۋۇد ئىبنى ئەبۇ ھىندى ئەھلى-بالىلىرىغا تۇيدۇرماستىن 40 يىل روزا تۇتتى. ئۇ موزدۇز بولۇپ، تامىقىنى ئەھلىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ

[1] «سيرة أعلام النبلاء» 3- توم 393- بەت.

[2] «صفة الصفوة» 4- توم 115- بەت.

[3] «سيرة أعلام النبلاء» 5- توم 406- بەت.

چىقىپ كېتىپ يولدا سەدىقە قىلىۋېتەتتى. كەچتە قايتىپ كېلىپ ئائىلىسى بىلەن بىرگە ئىپتار قىلاتتى. ①

• سۇفيان مۇنداق دېگەن: «رەبىيئە ئىبنى خەيسەمنىڭ پارتىزانلىق ئەترىتى ماڭا خەۋەر قىلىپ مۇنداق دېدى: ‹رەبىيئەنىڭ پۈتۈن ئەمەلى يوشۇرۇن ئىدى. ئۇ قۇرئاننى ئېچىۋاتقان چاغدا يېنىغا بىرەرسى كېلىپ قالسا كىيىمى بىلەن ئۇنى يۆگىۋالاتتى›». ②

• سەلەمە ئىبنى دىينار مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئەمەلىڭنى يامان ئەمەلىڭدىنمۇ بەكرەك يوشۇرغىن». ③

• ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئالىم كىشىنىڭ خىلۋەتتە قىلىنغان يوشۇرۇن سالىھ ئەمەلى بولۇشى كېرەككى، پەقەت ئىلىمگىلا تايىنىۋالماسلىقى لازىم، چۈنكى ئىلىمگە تايىنىۋېلىشنىڭ ئاخىرەتتە كۆپ مەنپەئەتى بولمايدۇ». ④

• سۇفيان سەۋرى (رەھىمەھۇللاھ) بىر قېرىندىشىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ھوقۇق-مەنسەپنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن پەخەس بول، چۈنكى ھوقۇق-مەنسەپكە بېرىلمەسلىك دۇنياغا بېرىلمەسلىكتىنمۇ قىيىن بىر ئىشتۇر». ⑤

• ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم مۇنداق دېگەن: «نام-شۆھرەتكە ئامراق كىشى الله قا راستچىل بولمىغان بولىدۇ». ⑥

---

① «حيلة الأولياء» 3- توم 94- بەت.
② «حيلة الأولياء» 2- توم 108- بەت.
③ «حيلة الأولياء» 2- توم 108- بەت.
④ «العهود المحمدية» 1- توم 266- بەت.
⑤ «حلية الأولياء» 6- توم 387- بەت.
⑥ «حلية الأولياء» 8- توم 19- بەت.

• ئىبنى قۇتەيبە مۇنداق دېگەن: «مەسلەمە بىر قورغاننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، كىشىلەرنى قورغاننىڭ بىر چېتىدىكى تۆشۈكتىن قورغانغا كىرىشكە چاقىرغانىدى، ھېچكىم كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ ئارىدا قوشۇن ئارىسىدىن بىر كىشى (باشقىلارغا تونۇتمىغان ھالدا) كېلىپ قورغانغا كىردى. الله ئۇلارغا قورغاننى فەتىھ قىلىپ بەردى. كېيىن مەسلەمە: <قورغانغا كىرگەن كىشى قېنى> دەپ توۋلىغانىدى، ئۇنىڭ قېشىغا ھېچكىم كەلمىدى. ئۇ يەنە: <مەن (قورغانغا) كىرگەن كىشى قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدىم، ئۇ قەتئىي كېلىشى لازىم!> دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كىشى كېلىپ: <ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورايمەن> دېدى. ئىشىك باقار ئۇنىڭدىن: <قورغانغا كىرگەن كىشى سەنمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى: <مەن سىلەرگە ئۇنىڭ خەۋىرىنى بېرەي> دېدى. ئاندىن ئىشىك باقار مەسلەمەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن مەسلەمە ئۇنىڭ كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ئۇ كىشى مەسلەمەگە: <قورغانغا كىرگەن كىشى سىلەردىن ئۈچ نەرسىگە ئەھدە ئالىدۇ: بىرىنچىدىن، سىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلەپ خەلىپىگە يوللىمايسىلەر؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بۇيرۇپ بەرمەيسىلەر؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىمايسىلەر> دېدى. مەسلەمە ئۇنىڭغا: <دېگىنىڭدەك بولسۇن> دېگەنىدى، ئۇ كىشى: <قورغانغا كىرگەن كىشى مەن بولىمەن> دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەسلەمە ھەر نامىزىدا: <ئى الله! مېنى قورغانغا كىرگەن كىشى بىلەن بىرگە قىلغىن> دەپ دۇئا

قىلاتتى». [1]

**2. ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش، قەلب ئەملى ئەزالارنىڭ ئەملىگە قارشى كەلمەسلىك**

بۇ ـــ اللە نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ قەلبىگە مۇخالىپ كېلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلمايدۇ ۋە ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەرگە ئوخشاش بىرسىگە بىر خىل، يەنە بىرسىگە بىر خىل مۇئامىلە قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى بولۇپ، اللە تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَقُولُونَ بِأَفْوَاهِهِمْ مَا لَيْسَ فِي قُلُوبِهِمْ وَاللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا يَكْتُمُونَ﴾ «ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) اللە ئوبدان بىلىدۇ» [2]. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَقُولُونَ بِأَلْسِنَتِهِمْ مَا لَيْسَ فِي قُلُوبِهِمْ﴾ «ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقىنى دىلىدىكى سۆز ئەمەس (يەنى ئۇلار يالغان ئۆزرە ئېيتىدۇ)» [3].

ئىچىنىڭ سىرتىغا ئوخشاش بولۇشى ئىخلاسنىڭ ئالامىتىدۇر، بەلكى ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئىچى سىرتىدىنمۇ گۈزەلدۇر. ئىبنى ئۇيەينە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «قەلب ئەملى بىلەن ئەزالار ئەملىنىڭ بىردەك بولۇشى ـــ ئادالەت، قەلب ئەملىنىڭ ئەزالارنىڭ ئەملىدىن ئۈستۈن بولۇشى ـــ پەزىلەت، ئەزالارنىڭ ئەملىنىڭ قەلب ئەملىدىن ئۈستۈن بولۇشى ـــ زالالەتتۇر». [4]

---

[1] «عيون الأخبار» 1 ـ توم 266 ـ بەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 167 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فەتھ 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] «تفسير الطبري» 13 ـ توم 163 ـ بەت.

قىسمەن دەۋەتچى ۋە زاھىدلاردا، ئىخلاسنىڭ گۈزەل ئالامەتلىرىگە قارشى كېلىدىغان بەزى ئالامەتلەر كۆپ سادىر بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئالدىدا الله قا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە زاھىدلىقىنى ئاشكارىلايدۇ، ئەمما باشقىلار كۆرمەيدىغان يەردە يامان ئەمەل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: «لأعلمن أقواما من أمتي يأتون يوم القيامة بحسنات أمثال جبال تهامة بيضاء فيجعلها اللّٰه هباء منثورا» «ئۈممىتىمدىن شۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئاپئاق تىھامە تاغلىرىدەك ياخشى ئەمەللىرى بىلەن كېلىدۇ. ھالبۇكى، الله ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى چاڭ-توزانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ» دېگەندە، سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ بىلمەستىن ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى بىزگە ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «أما إنهم إخوانكم ومن جلدتكم ويأخذون من الليل كما تأخذون ولكنهم قوم إذا خلوا بمحارم اللّٰه انتهكوها» «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار ۋە سىلەرنىڭ مىللىتىڭلاردىندۇر. ئۇلار كېچىلىرى سىلەر قىيامدا تۇرغاندەك قىيامدا تۇرىدۇ، ئەمما يالغۇز قالغانلىرىدا الله نىڭ ھۆرمەتلىرىنى دەپسەندە قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[①]

بۇ ھەرگىزمۇ الله نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىنىڭ ئوبرازى ۋە ئەخلاقى ئەمەس. ئەكسىچە ئىخلاسمەن كىشىلەر ــ مەيلى كىشىلەر بار يەردە بولسۇن ياكى يوق يەردە بولسۇن، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇسا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى قىلىدىغان، باشقىلارنى يامانلىقتىن توسسا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى يانىدىغان كىشىلەردۇر.

---

① ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىيلەن بىرلىكتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق خەت يازغان: «ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەلدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. مەقسەتكە كەلسەك، بىز ئىشىڭنى ئۆزۈڭگە ھاۋالە قىلدۇق. مەيلى ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، سەن بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلىندىڭ. ئالدىڭغا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرمۇ كېلىدۇ، نام-شەرىپى يوقلارمۇ كېلىدۇ؛ سېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ كېلىدۇ، يامان كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئادىل مۇئامىلىدە بولغىن. سەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈڭنىڭ قايسى ھالەتتە بولىدىغانلىقىڭغا قارىغىن. ئى ئۆمەر! بىز سېنى شۇنداق بىر كۈندىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، ئۇ كۈندە چىرايلار سولغۇنلىشىدۇ، قەلبلەرنى تىترەك باسىدۇ، قەھرى كۈچلۈك الله نىڭ دەلىل-پاكىتلىرى ئالدىدا باشقا دەلىل-پاكىتلار بەربات بولىدۇ، بارچە مەخلۇقاتلار الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقۇپ الله قا بويۇن ئېگىدۇ. بىز ئاخىرقى زاماندا بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشىنىڭ <ئېغىزىدا كۈلكە-چاقچاق، قويىنىدا پالتا-پىچاق> بولۇش گىردابىغا يېتىپ بارىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلەشكەن ئىدۇق. ئۇشبۇ خېتىمىزدىن بىزنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىڭدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. بۇ خەتنى پەقەت ساڭا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈنلا يازدۇق. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئىككىيلەنگە مۇنداق جاۋاب خېتى يازغان: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە مۇئازلارغا:

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. مەقسەتكە كەلسەك، خېتىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئىشىمنى ئۆزۈمگە ھاۋالە قىلىپسىلەر. مەيلى ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشىغا مېنىڭ ئىگە قىلىنغانلىقىمنى، ئالدىمغا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرمۇ، نام-شەرىپى يوقلارمۇ، مېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ، يامان كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ كېلىدىغانلىقىنى ھەمدە ھەربىرىگە ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ۋە شۇ چاغدا قايسى ھالەتتە بولىدىغانلىقىمغا قارىشىم كېرەكلىكىنى ئەسلىتىپسىلەر. مەن شۇ ۋاقىتتا پەقەت اللە قىلا تايىنىمەن، اللە نىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. خېتىڭلاردا ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىشتىن مېنىمۇ ئاگاھلاندۇرۇپسىلەر. قەدىمدە كېچە-كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى كىشىلەرنىڭ ئەجەللىرىگە نىسبەتەن ھەرقانداق يىراقنى يېقىنلاشتۇراتتى، يېڭىنى كونىرىتاتتى ھەمدە تاكى كىشىلەر جەننەت ۋە دوزاختىن ئىبارەت مەنزىللىرىگە قايتقانغا قەدەر، ۋەدە قىلىنغان بارچە نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. خېتىڭلاردا يەنە ئاخىرقى زاماندا بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشىنىڭ <ئىچىدە كۆلكە-چاقچاق، قويىنىدا پالتا-پىچاق> بولۇش گىردابىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىدىن مېنى ئاگاھلاندۇرۇپسىلەر. سىلەر ئۇ كىشىلەر ئەمەس ھەمدە بۇمۇ ئۇ دەۋر ئەمەس. ئۇ دەۋر — قىزىقىش ۋە قورقۇش كۆپىيىدىغان، پەقەت دۇنيالىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈنلا بىر-بىرىگە قىزىقىدىغان دەۋردۇر. خېتىڭلاردا يەنە مېنىڭ سىلەرنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىمدىن اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلەپسىلەر، شۇنداقلا ماڭا نەسىھەت قىلىش يۈزىسىدىن بۇ خەتنى يېزىپسىلەر. ئېيتقانلىرىڭلار بەرھەق. ماڭا

خەت يېزىشنى تاشلاپ قويماڭلار، چۈنكى مەن ئىككىڭلاردىن ئايرىلالمايمەن. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»].[1]

هۇمەيد تەۋىيل (رەھىمەھۇللاھ) سۇلايمان ئىبنى ئەلىگە: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دېگەندە، سۇلايمان مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن الله نىڭ سېنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ خىلۋەت جايدا الله قا ئاسىي بولغان بولساڭ، ھەقىقەتەن <بۇيۇك> بىر گۇناھقا جۈرئەت قىلغان بولىسەن؛ ناۋادا سەن: <الله مېنى كۆرمەيدۇ> دەپ ئويلاپ الله قا ئاسىي بولغان بولساڭ، ئالىلىبۇرۇن كاپىر بولغان بولىسەن».[2]

ئىبنى ئەئرابى مۇنداق دېگەن: «ئەڭ زىيانكار كىشى شۇكى، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەلىنى ئاشكارىلىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن بولغان الله قا يامان ئەمەلىنى ئاشكارىلىغان كىشىدۇر».[3]

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) «ئىچى بىلەن سىرتى بىردەك» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئىخلاسمەنلەرنىڭ بىرىدۇر. خالىد ئىبنى سەفۋان مۇنداق دېگەن: «مەن مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: <ئى خالىد! ماڭا بەسرە خەلقىنىڭ ئالىمى ھەسەن بەسرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن> دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا: <الله سېنى ئىسلاھ قىلسۇن! مەن ساڭا ئۇ توغرىلىق بىلگىنىمنى ئېيتىپ بېرىمەن. مەن ئۇنىڭ تام قوشنىسى ۋە سورۇندىشى ئىدىم، شۇنداقلا ئۇنى بۇرۇندىنلا بىلەتتىم. ئۇ كىشىلەر ئىچىدىكى ئىچى بىلەن تېشى، سۆزى بىلەن ئەمەلى ئوپمۇ-ئوخشاش كىشى ئىدى؛ بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ئۇ

[1] «حلية الأولياء» 1- توم 238- بەت.
[2] «إحياء علوم الدين» 4- توم 398- بەت.
[3] «شعب الإيمان» 6987- بەت.

ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلاتتى؛ بىرەر ئىشنى قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئۇنى قىلماي قالمايتتى؛ بىرەر ياخشىلىققا بۇيرۇسا، ئۇنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى قىلاتتى؛ بىرەر يامانلىقتىن توسسا، ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى قول ئۈزەتتى؛ ئۇنىڭ باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەيتتى، ئەمما باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشەتتى> دېدىم».①

بۇ يەردە ئىچى بىلەن سىرتى بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ساغلام قەلب ئىگىسى ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغان بەزىبىر كۆرۈنۈشلەر بار بولۇپ، ئۇ كۆرۈنۈشلەر تۆۋەندىكىچە:

- قەلبىدىكى ئىش ئەمەلىيىتىنىڭ ئەكسىچە بولغان، قەلبىدە دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ئورۇن ئالغان، دۇنيانىڭ جىلغىلىرىغا قاراپ يول ئالغان ۋە ئۇنىڭ ئەگرى-توقاي يوللىرىغا كىرىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، دۇنياغا بېرىلمەيدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتكە قىزىقىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاش.
- قىلمۇۋاتقان دەۋاسى تىلىنىڭ ئۇچىدا ياكى كىتاب يۈزىدە قېلىپ قالغان، قەلبى ئىسلامدىن بەكرەك باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشلەر بىلەن توشۇپ كەتكەچكە، قىلمۇۋاتقان شۇ دەۋادىن قورۇقدىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۆزىنىڭ دىنغا كۈيۈنىدەشلىكى ۋە ھېسداشلىقى بار ئىكەنلىكىنى، بىردىنبىر غېمىنىڭ دىن غېمى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاش.

ئادەتتە قىسمەن دەۋەتچىلەر ياكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ۋە ياكى يازغۇچىلاردا يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەر كۆرۈلۈپ قالىدۇ (الله قەلبىتىكىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر). ئۇلار ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. بىز بۇ خىل قارىمۇقارشىلىقنىڭ

① «سيرة أعلام النبلاء» 4- توم 576- بەت.

خەتىرىدىن ۋە بۇ خىل پىتنىدىن ئاگاھ بولۇشىمىز لازىم، چۈنكى بۇ مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَقُولُونَ بِأَفْوَاهِهِمْ مَا لَيْسَ فِي قُلُوبِهِمْ وَاللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا يَكْتُمُونَ﴾ «ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) الله ئوبدان بىلىدۇ»[1].

• كاپىرلار ياكى زالىم ۋە ياكى پاسىقلار بىلەن ئارىلىشىش، ئۇلارنى تەرىپلەش ياكى شەرىئەتكە قارشى سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە ئۇلارغا ماسلىشىش، ئۇلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىش. مانا بۇ ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئۇنى «نىفاق» دەپ قارىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ئىشتۇر.

• قەلبىدە ئۆز دەۋاسىغا قارشى كېلىدىغان ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان كېسەللەر ئورۇن ئالغان تۇرۇقلۇق، باشقىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، مېھرى ـ شەپقەت قىلىدىغانلىقى ۋە قەلبىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاش.

• شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ئىچى بىلەن سىرتى بىردەك بولماسلىقنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن تەكرار يۈز بېرىپ قالىدىغان بىر كۆرۈنۈشنى قەيت قىلغان. يەنى، راستچىل بولغان، ئىچ ئاغرىتقان ۋە ئەقىدە قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ باشقىلارنىڭ ئوپئوچۇق غەيۋىتىنى قىلىش كۆرۈنۈشىدۇر.

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئىچىدە ھەرخىل قىياپەتكە كىرىۋېلىپ غەيۋەت قىلىدىغانلار بار، بەزىدە ناھايىتى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 167 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دىيانەتلىك ۋە ئىسلاھ قىلغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ غەيۋەت قىلىدۇ. ئۇ: «مېنىڭ باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادىتىم يوق، ئەگەر گېپىنى قىلسام پەقەت ياخشى گېپىنىلا قىلىمەن. مەن غەيۋەت قىلىشنى ۋە يالغان سۆزلەشنى ياقتۇرمايمەن، سىلەرگە پەقەت ئۇ كىشىنىڭ بەزى ئەھۋالىنى ئېيتىپ قويىمەن، خالاس» دەيدۇ. ئۇ كىشى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ تولىمۇ بىچارە ۋە ياخشى ئادەم، لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق تەرىپىمۇ بار». يەنە بەزىدە: «بولدىلا، ئۇ كىشىنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى! الله بىزنى ۋە ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن» دەيدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلىشتىكى مەقسىتى ھېلىقى كىشىنى چۈشۈرۈش ۋە تۆۋەن كۆرۈشتۇر. يەنە بەزىلەر ئەقىدە قىلغان ۋە ئىسلاھ قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ غەيۋەت قىلىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق خۇددى ئىنسانلارنى ئالدىغاندەك الله نىمۇ ئالدىماقچى بولىدۇ. بىز ئۇلاردىن بۇنىڭ نۇرغۇن ئىپادىلىرىنى كۆردۇق...

يەنە بەزىلەر ھەيران قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ غەيۋەت قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پالانىدىن بەك ھەيران قالدىم. ئۇ قانداق بولۇپ ئۇنداق ئىشنى قىلىپ سالغاندۇ؟!». ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەيران قالغىنىنى ئىپادىلەپ (ھاياجىنىنى باسالماي) ھېلىقى كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلايدۇ.

يەنە بەزىلەر ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ غەيۋەت قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «پالانى ئەجەبمۇ بىچارە ئادەم ئىدى، ئۇنىڭغا كەلگەن كېلىشمەسلىكلەردىن ئەنسىرەپ قالدىم». بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇلارنى «ھېلىقى كىشىگە كۆڭۈل بۆلۈۋېتىپتۇ، قەلبى ئۇنىڭ

شىپا تېپىشىغا باغلىنىپتۇ› دەپ ئويلاپ قالىدۇ. (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس،) ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن بولاتتى.

يەنە بەزىدە دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۈچىنى ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ يېنىدا قەستەن ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش كۆرۈنۈشلەر ـــ ئەڭ چوڭ قەلب كېسەللىكلىرى، شۇنداقلا الله ۋە الله نىڭ بەندىلىرىنى ئالداشتىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىقنىڭ قاتارىدىندۇر.

يەنە بەزىلەر گۇناھ ـ مەئسىيەتكە غەزەپلەنگەن ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ غەيۋەت قىلىدۇ. بۇ باپتا بايان قىلىنغانلىرى دەل ئۇنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىدىغان (ياسالما) گۈزەل سۆزلەردۇر. الله تىن ياردەم سورايمىز». ①

### 3. ياخشى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن ئەنسىرەش

الله تائالا سالىھ بەندىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ هُمْ مِنْ خَشْيَةِ رَبِّهِمْ مُشْفِقُونَ۞ وَالَّذِينَ هُمْ بِآيَاتِ رَبِّهِمْ يُؤْمِنُونَ۞ وَالَّذِينَ هُمْ بِرَبِّهِمْ لَا يُشْرِكُونَ۞ وَالَّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوْا وَقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنَّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ۞﴾ «ھەقىقەتەن رەببىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققۇچى كىشىلەر [57]، رەببىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنگۈچى كىشىلەر [58]، رەببىگە شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر [59]، سەدىقە بېرىدىغان ئەمما رەببىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر [60]»②.

① «مجموع الفتاوى» 28 ـ توم 237 ـ ۋە 238 ـ بەت.
② سۈرە مۆئمىنۇن 57 ـ ئايەتتىن 60 ـ ئايەتكىچە.

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) ئاخىرقى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سەدىقە ۋە ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بەرسىمۇ، ئەمما سەدىقە ۋە زاكات بېرىشتىكى بەلگىلىمىلەرگە تولۇق رىئايە قىلالىغاندىمىزمۇ دەپ ئەنسىرەپ، بەرگەن سەدىقە ۋە زاكاتلىرىنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ. بۇ پەقەت ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن بولغان قورقۇشتۇر.

ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) توپلىغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: [ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ﴿وَالَّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوْا وَقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنَّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ﴾ <سەدىقە بېرىدىغان، ئەمما رەببىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر>[1] دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەر ئوغرىلىق ياكى زىنا قىلىدىغان ۋە ھاراق ئىچىدىغان، ئاندىن الله تائالادىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «لا بنت أبي بكر، يا بنت الصديق! ولكنه الذي يصلي ويصوم ويتصدق وهو يخاف الله عز وجل» «ئى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى، ئى سىددىقنىڭ قىزى! ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلار ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ ۋە سەدىقە قىلىپ تۇرۇپمۇ الله ئەززە ۋە جەللەدىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن].[2]

ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ئەبۇ ھاتەممۇ يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش بىر ھەدىسنى نەقىل قىلغان: [رەسۇلۇللاھ ﷺ: «لا يا بنت الصديق، ولكنهم الذين يصلون ويصومون ويتصدقون، وهم يخافون ألا يتقبل منهم» «ئى سىددىقنىڭ قىزى!

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 60 ـ ئايەت.

[2] «مسند أحمد» 6 ـ توم 159 ـ بەت.

ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان ۋە سەدىقە قىلىدىغان، لېكىن بۇ ئەمەللىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر» دېگەن ۋە اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان: ﴿أُولَئِكَ يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ﴾ «ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر»[1]].[2]

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئىخلاس بىلەن بېرىدىغان، شۇنداقلا ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر».[3]

سەلەف ـ سالىھلار ئەمەللىرىدىكى بەزى نۇقسانلار سەۋەبلىك ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

تەمىيم مەقەررى مۇنداق دېگەن: مەن ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «اللّٰه نىڭ مېنىڭ بىرەر رەكئەت نامىزىمنى قوبۇل قىلغانلىقىغا جەزم قىلىشىم، مەن ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارچە نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكتۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللَّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ﴾ <اللّٰه پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ>[4]».[5]

رەبىئە ئىبنى خەسيەم مۇنداق دېگەن: «اللّٰه نىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ھەرقانداق ئەمەل چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ (يەنى يوقۇلۇپ

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «تحفة الأحوذي» 9 ـ توم 19 ـ بەت، «مصباح المنير في تهذيب تفسير ابن كثير» 916 ـ 917 ـ بەت.
[3] «الجامع لأحكام القران» 12 ـ توم 132 ـ بەت.
[4] سۈرە مائىدە 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] «تفسير ابن كثير» 3 ـ توم 79 ـ بەت.

كېتىدۇ)».[1]

مۇھەممەد ئىبنى مالىك ئىبنى زەيغەم مۇنداق دېگەن: خوجايىنىمىز ئەبۇ ئەييۇب ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: «بىر كۈنى ئەبۇ مالىك: <ئى ئەبۇ ئەييۇب! سەن نەپسىڭدىن ئاگاھ بولغىن، چۈنكى مەن مۇئمىنلەرنىڭ دۇنيا غەملىرىنىڭ تۈگىمەيۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاخىرەت مۇئمىنگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمىسە، ئەلۋەتتە ئۇ مۇئمىن دۇنيانىڭ غەم-ئەندىشىسى ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختسىزلىكىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشقا تەڭلا دۇچار بولىدۇ> دېدى. مەن ئۇنىڭغا: <ئاتام ساڭا پىدا بولسۇن! مۇئمىن دۇنيا ھاياتىدا الله ئۈچۈن چارچىغان ۋە جاپا چەككەن تۇرسا، ئاخىرەت ئۇنىڭغا قانداقمۇ خۇشاللىق ئېلىپ كەلمىسۇن؟!> دېسەم، ئۇ (ماڭا): <ئى ئەبۇ ئەييۇب! ئەمەللەر قوبۇل قىلىنماي، قەلب ساغلام بولماي تۇرۇپ قانداقمۇ خۇشاللىق بولسۇن؟!> دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: <نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھالىتىنى، بەرگەن قۇربانلىقلىرىنى، ئىرادىسىنى ۋە ئەمىلىنى ئىسلاھ قىلدىم دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى (ئۇنىڭ ھەممىسى) يىغىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلىدۇ>».[2]

ئىززى ئىبنى ئابدۇسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان بەزىدە ئىككى كىشىنى كۆرۈپ، ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى ياخشىلىقىغا قاراپ ئۇنى يەنە بىرىدىن ئەۋزەل دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، يەنە بىرى (ماھىيەت) نى تونۇش ۋە ھالەت ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭدىن كۆپ

[1] «صفة الصفوة» 3- توم 61- بەت.

[2] «صفة الصفوة» 3- توم 360- بەت.

ئەۋزەل بولۇپ چىقىدۇ. (بىرەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى) بەكرەك تونۇغۇچىنىڭ ئازغىنە ئەمىلى يۈزەكى تونۇغۇچىنىڭ كۆپلىگەن ئەمىلىدىن ئەۋزەلدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىبىل سۈپەتلەر ۋە مۇكەممەل تونۇشنى ھازىرلاپ ئىبادەت قىلغۇچىلار بىلەن ئىخىزلىرىدا تەسبىھ ئېيتقان، ئەمما قەلبلىرى ئۇنىڭدىن غاپىل قالغان كىشىلەرنىڭ نىمە پەرقى بولسۇن؟ ئىنىقكى، سۈرمە تارتىلغان كۆز تەبىئىي سۈرمىلىك كۆزگە ئوخشىمايدۇ».[1]

**4. مەغرۇرلىنىشتىن ۋە ئۆزىنى ئاقلاشتىن يىراق تۇرۇش**

مەغرۇرلىنىش ۋە ئۆزىنى ئاقلاشتىن يىراق تۇرۇش ئىخلاسمەن بەندىلەرنىڭ دائىملىق ئادەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار رەببىنى گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرى بىلەن تونۇيدۇ ھەمدە الله نىڭ ئۆز پەزلىدىن ئۇلارنى يوقلۇقتىن بار قىلغانلىقى، راۋرۇس قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا نېئمەت ئاتا قىلغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا جەزمىي ئىشىنىدۇ؛ الله نىڭ ئۇلارغا ئاڭلايدىغان قۇلاق، كۆرىدىغان كۆز ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىل ئاتا قىلغانلىقىنى، ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ۋە ھېچنىمىگە قادىر بولالمىغان ھالەتتە چىقىرىلغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا جەزمىي ئىشىنىدۇ. ئۇنداقتا ھەربىر نەرسىدە رەببىنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان پەزلىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كەمچىلىكى ۋە ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان كىشىلەر يەنە قانداقمۇ مەغرۇرلانسۇن؟! ناۋادا الله ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە زىيان تارتقان ۋە ھالاك بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

[1] «قواعد الأحكام» 359- بەت.

بىز شۇ ئىخلاسمەن بەندىلەرنىڭ الله تىن ياردەم سورىشى ۋە يەككە-يېگانە الله قا بولغان تەۋەككۇلچانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلار ھېچقاچان ئۆزىدىكى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىقتىدارغا تايىنىۋالمايدۇ، مەغرۇرلىنىشتىن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن ساقلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسمىنىلا بايان قىلىمىز.

مۇتەررەف ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ كېچىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈپ ئەتىگەندە پۇشايمان قىلىشىم، كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ ئەتىگىنى مەغرۇرلانغىنىمدىن سۆيۈملۈكتۇر».①

مەسرۇق مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ الله تىن قورقۇشى ئۇنىڭ ئىلمىلىك ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر، ئەمەلىدىن مەغرۇرلىنىشى بولسا ئۇنىڭ جاھىل ۋە نادانلىقىغا يېتەرلىكتۇر».②

ئىبنى ھەزمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «مېنىڭ نۇرغۇن ئەيىبلىرىم بار بولۇپ، مەن ئۇ ئەيىبلىرىمدىن ناھايىتى ھەيرانلىق ھېس قىلاتتىم. ئەقلىم ئۆزى تونۇيدىغان ئەيىبلەر ھەققىدە نەپسىم بىلەن دەتالاش قىلدى. نەتىجىدە، ھەممە ئەيىبلىرىم يوقالدى. الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ بىرەر ئەسىرىمۇ قالمىدى. ئەسلىدە مەن نەپسىمنى شۇ ئەيىبلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتا ۋە كەمتەرلىكنى سۇيىئىستېمال قىلىشقا زورلىغان ئىكەنمەن».③

ئىبنى ھەزمنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «كىمكى

① «حلية الأولياء» 2- توم 200- بەت.

② «الدر المنثور» 5- توم 470- بەت.

③ «الأخلاق والسير» 33- ۋە 34- بەتلەر.

مەغرۇرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرى ئۈستىدە ئويلانسۇن. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلار بىلەن مەغرۇرلانغان بولسا، ئۆزىنىڭ ناچار ئەخلاقىنى تەكشۈرۈپ كۆرسۇن؛ ئەگەر ئەيىبلىرى ئۇ كىشىگە ئۆزىدە ھېچقانداق ئەيىب يوق دەپ گۇمان قىلىدىغان دەرىجىدە مەخپىي بولغان بولسا، ئۇنداق كىشى بىلىپ قويسۇنكى، ئۇ مەڭگۈلۈك مۇسىبەتتۇر. ئۇنداق كىشى ھەممە ئەيىبلەر تولۇق تېپىلىدىغان كىشىدۇر. چۈنكى، ئەقىللىق ئادەم — ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ۋە ئۇنى قومۇرۇپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلغان كىشىدۇر. ئەگەر سەن ئۆز پىكرىڭدىن مەغرۇرلانغان بولساڭ، پىكىرلىرىڭنىڭ رەت قىلىنغان تەرەپلىرىنى ئويلانغىن ۋە ئۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىن! ئەگەر سېنى ياخشى ئەمەللىرىڭ مەغرۇرلاندۇرغان بولسا، ئۆزۈڭنىڭ ئۆتكۈزگەن مەئسىيەتلىرىڭ ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقىڭنى ئويلىغىن! ئەگەر سېنى ئىلمىڭ مەغرۇرلاندۇرغان بولسا، بىلىپ قويغىنكى، ئۇ سەندىكى خىسلەت بولماستىن، بەلكى الله تەرەپتىن ساڭا بېرىلگەن نېئمەتتۇر».[1]

ئەبۇ ۋەھىب مەرۋەزى مۇنداق دېگەن: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكتىن: <تەكەببۇرلۇق دېگەن نېمە؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق> دېدى. مەن يەنە <مەغرۇرلىنىش دېگەن نېمە> دەپ سورىسام، ئۇ: <ئۆزىدە بار نەرسىنى باشقىلاردا يوق دەپ ئويلاشتۇر. ناماز ئوقۇغۇچىلاردا مەغرۇرلىنىشتىنمۇ يامان بىرنەرسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى

[1] «رسائل ابن حزم» 1 ـ توم 287 ـ بەت.

بىلمەيمەن› دېدى».①

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مەغرۇرلىنىشتىن قۇتۇلۇش ھەققىدە ئاجايىپ گۈزەل دۇردانىلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، بەندىنىڭ ئۆز گۇناھىغا شاھىد ئىكەنلىكى ۋە الله نىڭ ئۇ بەندىنى گۇناھى بىلەن خالىي قويۇشىدىكى ھېكمىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر الله تائالا بەندىسىگە ياخشىلىقنى خالىسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىنى كۆرۈشنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قەلبى ۋە تىلىدىن شۇ ئىبادەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ ئەگەر ئۇ بەندە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالسا، گۇناھىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىلگىرى قىلغان بارلىق تائەت-ئىبادەتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ، ئۇنىڭ بارچە غەم-ئەندىشىسى ئۆزىنىڭ گۇناھى بولىدۇ-دە، ئۆرە تۇرسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، ئەتىگەندىمۇ ۋە كەچتىمۇ دېگۈدەك دائىم گۇناھى كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدۇ. مانا بۇ الله نىڭ ئۇ كىشىگە ئاتا قىلغان رەھمىتىدۇر.

بەزى سەلەفلەر: ‹بەندە ھەقىقەتەن (بەزىدە) گۇناھ ئەمەلنى قىلىدۇ، ئاندىن شۇ گۇناھ ئەمەلى ئارقىلىق جەننەتكە كىرىدۇ؛ (بەزىدە) ياخشى ئەمەلنى قىلىدۇ، ئاندىن شۇ ياخشى ئەمەلى ئارقىلىق دوزاخقا كىرىدۇ› دېگەندە، كىشىلەر ئۇلاردىن: ‹قانداقسىگە بۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟› دەپ سورىغان. ئۇلار مۇنداق دېگەن: ‹بىر بەندە خاتالىق سادىر قىلىدۇ-يۇ، ئەمما ئۇ خاتالىق دائىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدۇ، ھەرقاچان شۇ خاتالىقنى ئەسلەپ يىغلايدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ، تەۋبە قىلىدۇ، ئىستىغپار ئېيتىدۇ، الله قا يالۋۇرىدۇ، (خاتالىقىدىن) الله تەرەپكە قايتىدۇ، الله قا ئۆزىنىڭ خارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ، قەلبى سۇنۇق بولىدۇ ۋە شۇ خاتالىقى

① «سيرة أعلام النبلاء» 8- توم 407- بەت.

ئۇچۇن باشقا نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەمەللەر ئۇنىڭ رەھمەتكە (جەننەتكە) ئېرىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ؛ يەنە بىر بەندە ياخشى ئەمەل قىلىدۇ-يۇ، ئەمما ئۇ ياخشى ئەمەلى دائىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدۇ، ئەمەلىنى اللە قا ۋە كىشىلەرگە مىننەت قىلىدۇ، ئەمەلىنى اللە نىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، ئەمەلى سەۋەبلىك كىبىرلىنىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى چوڭ بىلمەيدىغانلىقى، ھۆرمەتلىمەيدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە ئىززەت-ئىكرام كۆرسەتمەيدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىدۇ، ھەتتا بۇ ئىشلار داۋاملىشىپ ئۇ كىشىگە بولغان تەسىرى كۈچىيىدۇ-دە، (ئۇ ئىشلار) ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزۈۋېتىدۇ>.

دېمەك، بەندىنىڭ قىلغان يامان ئەمەللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ياخشى ئەمەللىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشى — ئۇ كىشىنىڭ سائادەتمەن ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ يامان ئەمەللىرىنى ئۇنتۇپ، ياخشى ئەمەللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېلىشى — ئۇ كىشىنىڭ بەختسىز ۋە شەقىي ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. پەقەت اللە تىنلا ياردەم سورايمىز.

بەندە گۇناھ ۋە خاتالىقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئۆزىنىڭ ھېچبىر كىشىدىن ئارتۇق ئەمەسلىكى ۋە ھېچبىر كىشى ئۈستىدە ھەققى يوقلۇقىنى تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىب ۋە گۇناھلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى اللە قا ۋە اللە نىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتقان، اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلى ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلغان ھېچبىر مۇسۇلماندىن ياخشى دەپ قارىمايدۇ.

ئۇ كىشى مانا شۇلارنى تونۇپ يېتەلىگەندە، مېنىڭ باشقا كىشىلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىشقا ۋە مېنى ھۆرمەتلىمىگەنلەرنى ئەيىبلەشكە

ھېچقانداق ھەققىم يوق دەپ قارايدۇ، باشقىلار چوقۇم مېنىڭ ھەققىمگە رىئايە قىلىشى، مېنى ھۆرمەتلىشى، ماڭا ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىشى ۋە مېنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشى لازىم دەپ قارىمايدۇ. بەلكى، ئۆزىگە ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇچراشقان ياكى سالام قىلغان كىشىنى ماڭا ياخشىلىق قىلدى، مەن ھۆرمەتلىنىشكە لايىق بولمىساممۇ ماڭا ھۆرمەت كۆرسەتتى دەپ قارايدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىشتىن ئۆزىنىڭ قەلبىمۇ راھەت تاپىدۇ، ئۆزگىگىمۇ راھەت بېغىشلايدۇ. بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش، نېمىدېگەن ياخشى ئەھۋال، بۇنداق كىشى نېمىدېگەن بەختلىك-ھە!!! بۇنداق كىشى بىلەن دائىملا باشقىلارغا كايىيدىغان، ئۆزىنىڭ ھەققىنى بەرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ يۈرىدىغان، ئۇلارغا نەپرەتلىنىدىغان، ھالبۇكى باشقىلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچلۈك نەپرەتلىنىدىغان كىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ-ھە!!!».[1]

**5. ھاۋايى-ھەۋەس بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە ئۇنى ھەقىقەتكە بويسۇندۇرۇش**

مانا بۇمۇ ئىخلاسنىڭ ئىخلاسمەنلەرنىڭ نەپسلىرىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان بىر تۈرلۈك ئالامىتىدۇر. چۈنكى، ھاۋايى-ھەۋەس — نەپسىنىڭ ئۆزى ئېغىپ كەتكەن تەرەپكە مايىل بولۇشى ۋە شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلىنىشىدۇر. ئۇنىڭدىن پەقەت راستچىل مۇئمىنلەرلا قۇتۇلالايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قەلبنىڭ بۈيۈك جىھادى، ئىنچىكە نازارەتتى ۋە كۈچلۈك ھوشيارلىقىغا موھتاجدۇر. سىز بەزىدە ئۆزىڭىزنى ئىنتايىن

[1] «مفتاح دار السعادة» 1- توم 310- بەت.

ئىخلاسىمەن، قىلچىلىكمۇ ھاۋايى ـ ھەۋەسىم ئارىلاشمىدى دەپ ئويلاپ بىر ئىشقا كىرىشسىز، ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا شۇ ئىشقا ھاۋايى ـ ھەۋەسىڭىز ئارىلىشىپ قالىدۇ ـ دە، ھەممە ئىشلار ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مانا بۇ دەل سىزدىكى ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ يوشۇرۇن كۆرۈنۈشلىرىدىندۇر.

ئىخلاس قىلماقچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىشى، رەببىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورقۇشى ۋە ئاقىۋەتنىڭ جەننەت بولۇشى ئۈچۈن ئۆز نەپسىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىشتىن چەكلىشى لازىم. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَى۝ فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَى۝﴾ «رەببىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى ـ خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك [40]، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ [41]»[1].

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئەۋزەل جىھاد — ھاۋايى ـ ھەۋەسكە قارشى قىلىنغان جىھادتۇر».[2]

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەت ھاۋايى ـ ھەۋەسكە مۇۋاپىق كەلسە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە مۇخالىپ كەلسە ھەقكە قارشىلىشىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالمىغىن! ئەگەر شۇنداق كىشىلەردىن بولۇپ قالساڭ، ھەقكە مۇۋاپىقلاشقانلىقىڭ ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشەلمەيسەن، بەلكى ھەقكە قارشىلاشقانلىقىڭ ئۈچۈن جازالىنىسەن. چۈنكى، سەن ھەر ئىككىلا

[1] سۈرە نازىئات 40 ـ ۋە 41 ـ ئايەت.
[2] ماۋەردىنىڭ «أدب الدنيا والدين» ناملىق كىتابى 41 ـ بەت.

ئەھۋالدا پەقەت ھاۋايى ـ ھەۋەسكىلا ئەگەشكەن بولىسەن».[1]

شەيخ ئابدۇراھمان مەئلەمىي (رەھىمەھۇللاھ) «التنكيل» ناملىق قىممەتلىك كىتابىدا ھاۋايى ـ ھەۋەس، مۇتەئەسسىپلىك ۋە ھەقنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان بىر بۆلۈك سەۋەبلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولسا ئىخلاسنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىدۇر. شۇنداقلا يەنە ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى بايان قىلغان. كىتابخان قېرىنداشلىرىمىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنىلا بايان قىلىمەن.

شەيخ ئابدۇراھمان مەئلەمىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھاۋايى ـ ھەۋەس ھەقنى ئېتىراپ قىلىشتا بىرقانچە تەرەپتىن قارشىلىشىدىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

• بىرىنچى، ھەقنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش.

ئىنسان <ھەقنى ئېتىراپ قىلىشىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ (ئىلگىرى) ئازغۇنلۇق ئۈستىدە ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشىم لازىم> دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، ئىنسان ئۆزىنىڭ تەربىيىچىسى ۋە مۇئەللىمىدىن ھەق دەپ قوبۇل قىلغان دىن ياكى ئېتىقاد ۋە ياكى ئىدىيىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئاندىن مۇئەييەن مەزگىل شۇ خىل ئىدىيە بىلەن ياشايدۇ. كېيىن ئۇ خىل ئىدىيىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى بىلىنگەندە، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئەجدادلىرى ۋە ئۇستازلىرىمۇ بىر خىل ئىدىيىدە بولۇپ، كېيىن ئۇ خىل ئىدىيىنىڭ خاتا

[1] «شرح العقيدة الطحاوية» 1 ـ توم 590 ـ بەت.

ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغاندا، ئۇ كىشى «ئۇلارنىڭ كەمچىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ كەمچىللىكىمنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى ياكى خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىم ئۆزۈمنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىم» دەپ قارايدۇ.

- ئىككىنچى، باتىل ئەمەل ئارقىلىق قىسمەن يۈز-ئابرۇي ۋە شان-شۆھرەتكە ئېرىشىش.

باتىل ئەمەل ئارقىلىق قىسمەن يۈز-ئابرۇي، شان-شۆھرەت ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن كىشىنىڭ شۇ پايدىلاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىلگىرىكى شۇ ئەمەللىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى قىيىن بولىدۇ.

- ئۈچىنچى، تەكەببۇرلۇق.

بىر كىشى جاھالەت ياكى ئازغۇنلۇقتا قالغاندا، باشقا بىر كىشى ئۇنىڭغا (ئۇنىڭ جاھالەت ياكى ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنىڭ) دەلىلىنى بايان قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشى شۇ دەلىلنى ئېتىراپ قىلىشنى «ئۆزىنىڭ كەمچىللىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ھەمدە دەلىلنى بايان قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە يول كۆرسەتكۈچى كىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىق» دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئىلىملىك دەپ قارالغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئىزدىنىپ ۋە تەپەككۇر قىلىپ ھەقنى تاپسا، ناھايىتى ئاسانلا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى؛ ئەگەر باشقىلار ئۇنى ھەققە تەۋسىيە قىلسا، ھەقنى قوبۇل قىلىش ئۇنىڭغا قىيىن تۇيۇلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز.

- تۆتىنچى، ھەسەتخورلۇق.

بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ھەقنى بايان قىلسا، ئۇ كىشى: «مېنىڭ ھەقنى ئېتىراپ قىلىشىم، ھەقنى بايان قىلغان كىشىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلمىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىم، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۆزلىرىنى ئىلىملىك ھېسابلايدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باشقا ئالىملارغا ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى خاتالىق بىلەن ئەيىبلەپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈشكە تىرىشىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. . . ».①

شەيخ ئابدۇراھمان مەئلەمىي (رەھىمەھۇللاھ) يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن كېيىن، بىر قىسىم ئىلىملىك كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان بەزى ھالەتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىز «ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگۈچى كىشىگە قارشى ئېقىمدىكىلەر تەرىپىدىن بىرەر دەلىل كەلتۈرۈلسە ياكى ئۇ كىشى ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ دەلىلىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىرەر دەلىلگە دۇچ كەلسە، ئۇ دەلىل ئۇنىڭغا قىيىن تۇيۇلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن بىئارام بولىدىغانلىقى ۋە نەپرەتلىنىپ جېدەللىشىشكە ئارانلا تۇرىدىغانلىقىنى؛ ئۆزىگە قارشى ئېقىمدىكىلەرنىڭ دەلىلى ھەققىدە: «ئۇ دەلىلەر بولسا جەزمىي دەلىللەرگە زىت كېلىدىغان باتىل شۇبھىدۇر، ئۇ مەزھەب بولسا ئازغۇن مەزھەبتۇر، ئۇنىڭغا ئازغۇن كىشىلەردىن باشقىلار قوشۇلمىدى...» دەيدىغانلىقى؛ ئۆز مەزھىبىنى ۋە ئۆز مەزھىبىدىكى ئالىملارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرىنى ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزلەر ۋە

① «التنكيل» 2 ـ توم 180 ـ بەتتىن 182 ـ بەتكىچە.

گۈزەل تەرىپلەشلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ياكى باتىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئېلىملىرىنىڭ خىسلەتلىرىنى ۋە قارشى ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى سۆزلەيدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭىزدەك، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەرخىل دىنلار، ئوخشاش بولمىغان سۆزلەر، پىرقە-پىرقىلەر ۋە قارىمۇقارشى كۆزقاراشلار ئۈستىدە بولغانلىقى — ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ كۆپىنچە ئىنسانلار ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. بۇنداق كىشىلەرنى خۇددى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدىكى ھالەتكە ئوخشاش كۆرىسىز: ﴿كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ﴾ <ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر>①.

سىز يۇقىرىقى ئادەتلەرنىڭ بىرەرسى ئۈستىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە ئۇنىڭدا ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان كىشىلەر ئىچىدە (ھەققە مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن) ئۇنىڭدىن قايتقانلارنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. ئەگەر ئۆسۈپ يېتىلگەن ئادەتلەردىن دۇنيالىق غەرەز ئۈچۈن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلگەندە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن قايتىدىغان كىشىلەرنىڭ بەكمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز».②

شەيخ ئابدۇراھمان مەئلەمىي (رەھىمەھۇللاھ) ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىشنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدىكى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېگەن: «پەرەز قىلىپ بېقىڭ! سىز بىر ئايەتنى ئوقۇسىڭىز، ئۇ ئىمامىڭىزنىڭ سۆزىگە ئۇيغۇن كەلسە؛ يەنە بىر ئايەتنى ئوقۇسىڭىز، ئۇ

① سۈرە مۇئمىنۇن 53-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «التنكيل» 2-توم 180-بەتتىن 182-بەتكىچە.

ئىمامىڭىزنىڭ يەنە بىر سۆزىگە قارشى كېلىپ قالسا، شۇ چاغدا سىزنىڭ ئۇ ئىككى ئايەتكە تۇتقان پوزىتسىيىڭىز ئوخشاش بولامدۇ؟ سىز ئۇ ئىككى ئايەت ھەققىدە ئويلانغاندىن كېيىن، ئىمامىڭىزنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمامسىز؟

پەرەز قىلىپ بېقىڭ! سىز سەھىھ ياكى زەئىپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئىككى ھەدىس ئۇستىدە توختالسىڭىز، ئۇ ئىككى ھەدىسنىڭ بىرى ئىمامىڭىزنىڭ سۆزىگە ئۇيغۇن كېلىپ، يەنە بىرى ئۇنىڭ سۆزىگە قارشى كېلىپ قالسا، سىزنىڭ ئۇ ئىككى ھەدىسكە تۇتقان پوزىتسىيىڭىز ئوخشاش بولامدۇ؟ سىز ئۇ ئىككى ھەدىسنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىسنادىنىڭ سەھىھ ۋە زەئىپ ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمامسىز؟

پەرەز قىلىپ بېقىڭ! سىز ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى بىلەن سىز ياقتۇرمايدىغان بىر كىشى بىر مەسىلىدە مۇنازىرىلىشىپ قالدى. سىز ئۇ مەسىلە توغرىلىق پەتىۋا سورىدىڭىز. ئەمما سىز ئۇنىڭ ھەقىقىي ھۆكمىنى بىلىشنى مەقسەت قىلماي، پەقەت ئۇقۇپ بېقىشنىلا مەقسەت قىلسىڭىز، ئەجىبا شۇ چاغدا سىزنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىڭىز سىز ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە مۇۋاپىق كەلمەمدۇ؟

پەرەز قىلىپ بېقىڭ! سىز بىراۋنىڭ بىر يامانلىق سادىر قىلغانلىقىنى بىلدىڭىز، ئەمما سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزرىلىك دەپ ئويلاپ ئۇنى ئىنكار قىلمىدىڭىز. كېيىن بىر ئالىمنىڭ ئۇنى كۈچلۈك ئىنكار قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىز دەيلى، ئىنكار قىلغۇچى ئالىم سىزنىڭ دوستىڭىز ياكى دۈشمىنىڭىز، ئىنكار قىلىنغۇچىمۇ سىزنىڭ دوستىڭىز ياكى دۈشمىنىڭىز بولسا، شۇ چاغدا سىزنىڭ شۇ ئالىمنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىغا بولغان

قارىشىڭىز ئوخشاش بولامدۇ؟

سىز ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھ ياكى ئىمانىي ئاجىزلىق ئۈستىدە ئىكەنلىكىڭىزنى، سىز يامان كۆرىدىغان كىشىنىڭمۇ ئوخشاشلا گۇناھ ياكى ئىمانىي ئاجىزلىق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ھەقىقەتەن، دىندا سىزنىڭ بۇ مۇسىبىتىڭىزدىنمۇ چوڭ مۇسىبەت بولمايدۇ. شۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھىنى ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىغا ئوخشاشلا قەبىھ ھېسابلىيالامسىز؟ ئۆزىڭىزنى خۇددى ئۇ كىشىنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرەلەمسىز؟

يىغىپ ئېيتقاندا، ھاۋايى-ھەۋەس يوللىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەن ئىلگىرى ئۆزۈمنى تەجرىبە قىلىپ باققان ئىدىم. بەزىدە ئۆزۈمنى ھاۋايى-ھەۋەسكە قىلچە بېرىلمىدىم دەپ ئويلاپ بىر مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنەتتىم، ئاندىن مەن ئۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بىر ھۆكۈمنى تېپىپ چىقاتتىم ۋە شۇ ھۆكۈمگە ئاجايىب قايىل بولاتتىم. كېيىن مەن ئۇ ھۆكۈمنىڭ نۇقسانلىقىنى بىلگىنىمدە بەكمۇ بىئارام بولاتتىم، ھاۋايى-ھەۋىسىم مېنى قارىسىغا جاۋاب بېرىشكە ۋە ئۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلارغا پەرۋا قىلماسلىققا ئۈندەيتتى.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولاتتى. چۈنكى، مەن تۇنجى قېتىم ئاجايىب قايىل بولغان، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە قانائەت تېپىپ بولغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھۆكۈمدىكى نۇقسانلىقنى ھېچكىم بىلمىگەن ئىدى. ئۇنداقتا مەن ئۇ ھۆكۈمنى كىشىلەر ئالدىدا ئوچۇق ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى نۇقسانلىقنى بايقىسامچۇ؟ ناۋادا ماڭا ئۇ نۇقسانلىق ئاشكارا بولماي، باشقا بىر كىشى ئۇنىڭدىكى

نۇقسانلىقنى ماڭا كۆرسىتىپ قويىسىچۇ؟ ئەگەر كۆرسىتىپ قويغان كىشى مەن يامان كۆرىدىغان كىشى بولۇپ قالسىچۇ؟ بۇ چاغدىكى ئەھۋالىم قانداق بولار؟

ئالىم ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ئۇنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈشى، ھەق ھەق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چوڭقۇر نەزەر سېلىشى، ئەگەر ھاۋايى-ھەۋىسىنىڭ ھەققە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ئىككىلەنمەستىن ھاۋايى-ھەۋىسىنى قايرىپ قويۇپ ھەقنى تاللىشى ۋاجىبتۇر». [①]

ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىش، ھەقنى رەت قىلىش ۋە باتىلغا يان بېسىشنىڭ سەۋەبلىرى توغرۇلۇق ئەتراپلىق سۆزلىگەندىن كېيىن ھەمدە ئۇنىڭ مىساللىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھاۋايى-ھەۋەستىن ساقلىنىش ۋە ھەقنى قوبۇل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋاسىتىلەرنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

باتىلغا ۋە ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قېلىشنىڭ سەۋەبى بىلىمسىزلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇلى — ئىلىم ۋە دىندا روشەن دەلىل ئۈستىدە بولۇشتۇر. باتىلنىڭ باتىللىقى ئاشكارا بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدا ئەزۋەيلەش، ھەقنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى رەت قىلىش خەتەرلىك كېسەلدۇر. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا ئىلىم ۋە شۈبھەنى يوقۇتۇشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ كېسەل — ئىلىمسىزلىك ۋە شۈبھىدىن ئەمەس، بەلكى ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىش، ئىخلاسسىزلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئۇنىڭغا

[①] «التنكيل» 2- توم 186- بەتتىن 198- بەتلەرگىچە قىسقارتىپ يىغىنچاقلانغان.

الله قا تەقۋالىق قىلىش ۋە الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇشتىن باشقىسى مەنپەئەت قىلمايدۇ. شۇنداقلا، ھەققە ئەگىشىش، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە شەھۋەتلىرىگە بېرىلمەستىن ھەققە ئەگەشكۈچىلەرگە الله ئاتا قىلىدىغان كاتتا ئەجىرنى ئەسلەش مەنپەئەت قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە مەئلەمىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ــ ئىنسانلىنىڭ ئالدىن تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىگە بەكمۇ مۇناسىپ كېلىدىغان ئىشلاردۇر. بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلغان كىشى ــ ھەقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە باتىلنىڭ رەزىللىكى، الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەمدە ئالەملەرنىڭ رەببى ئىكەنلىكى، ھەقنى ياخشى كۆرۈپ باتىلنى يامان كۆرىدىغانلىقى؛ ھەققە ئەگەشكەنلەرنىڭ الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقى، الله نىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇ بەندىگە ئىگە بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ مەنپەئەتلىك، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ يۈكسەك دەپ بىلگەن ھەممە نەرسىنى ئۇ بەندىگە مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقى، نەتىجىدە ئۇ بەندىنى الله ئۇ بەندىدىن رازى بولغان ۋە بەندىمۇ الله تىن مەمنۇن بولغان ھالدا ۋاپات تاپقۇزىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا كۆتۈرۈپ ئۆزىگە يېقىن قىلىدىغانلىقى ھەمدە ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىدا كاتتىلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى مەڭگۈلۈك شەرەپ، مۇقىم نېئمەت (جەننەت) بىلەن نېئمەتلەندۈرىدىغانلىقى ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقى؛ ئەكسىچە باتىلنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالغان كىشى ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ۋە ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقى، ناۋادا الله ئۇنىڭغا دۇنيالىق بىرەر نېئمەتنى ئاتا قىلسا (بۇ الله قا ئاساندۇر)، ئۇنىڭ قەدىرىگە يەتمىسە، ئۇ

خىل نېئمەت ئۇ كىشىنى الله تىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقى، ئاخىرەتنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى مەڭگۈلۈك ئەلەملىك ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلغان كىشى ـــ ھەقنى تاللىغان كىشىنىڭ الله نىڭ رازىلىقىغا، الله نىڭ ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىگە ھەمدە ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك زور بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىنى؛ ئەكسىچە، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشكەن كىشىنىڭ الله نىڭ غەزىپىگە، دۇنيادا ئۆچ كۆرۈشكە، ئاخىرەتتە بولسا الله نىڭ مەڭگۈلۈك دەرتلىك ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىدۇ.

ئاقىل كىشى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىپ ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولدىن بېرىشكە، رەببىنىڭ رازىلىقى، ھەمراھلىقى ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى كاتتا نېئمەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئاقىۋەت الله نىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە مەڭگۈلۈك دەرتلىك ئازابىغا دۇچار بولۇشقا رازى بولامدۇ؟ مەيلى بۇ نەتىجىگە ئىشەنگەن كىشى بولسۇن، ياكى ئۇنىڭغا گۇمانى نەزەردە قارىغان كىشى بولسۇن، ياكى ئۇنىڭدىن شەكلەنگەن كىشى بولسۇن ۋە ياكى ئىنكار قىلغان كىشى بولسۇن، ھەتتا كەم ئەقىل كىشىلەرمۇ بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشقا رازى بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلغان كىشى ئۆزىگە مۇھىم بولغان ۋە سوئال ـ سوراق قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. شۇندىلا، ئۇ كىشىنىڭ مۇئەللىمى ياكى تەربىيىچىسى ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە ياكى ئۇستازلىرىنىڭ خاتالىق ئۈستىدە بولۇشى ئۇ كىشىگە نىسبەتەن الله نىڭ نەزىرىدىمۇ، شۇنداقلا ئىلىم ئەھلى ۋە

دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ قارىشىدىمۇ ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.
پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن!) ۋە الله ئۇلاردىن رازى بولغان بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى بولغان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىمۇ بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ قالالىغان ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ مۇشرىك ئىدى.

سىزنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرىڭىزمۇ ئاگاھلاندۇرۇلمىغان ۋە ئۇلارغا ھۆججەت تۇرغۇزۇلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزرىلىك بولۇش ئېھتىمالى بار ئىدى. پەرەز قىلىپ بېقىڭ! ئەگەر ئاتا ـ ئانىڭىز جازالىنىدىغان خاتالىق ئۈستىدە بولسا، سىزنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشىڭىز ۋە ئۇلار تەرەپتارى بولۇشىڭىزنىڭ ئۇلارغا قىلچىلىك پايدىسى بولمايدۇ، بەلكى زىيىنى چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، سىز ئاتا ـ ئانىڭىزغا ئەگەشكەن سەۋەبلىك ئۇلار سىزنىڭ، سىزگە ئەگەشكەن بالىلىرىڭىزنىڭ ۋە قىيامەتكە قەدەر سىزگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ھەمدە سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ۋە قىيامەتكە قەدەر سىزگە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھىنى ئۈستىڭىزگە ئالىسىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەجەبا ئۆزىڭىزنىڭ ھەققە قايتىشىڭىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىز ئۈچۈن ياخشىلىق دەپ قارىمامسىز؟!

بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلغان كىشى ئۆزى ئېنىق بىلگەن ئىشتا ھاۋايى ـ ھەۋەسگە بېرىلمەستىن ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ ـ دە، نەپسىنىڭ ۋاجىب ياكى ۋاجىبقا ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى تەرك قىلىشىغا، گۇناھ ياكى گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشىغا ۋە شۈبھىلىك ئىشلارغا قەدەم بېسىشىغا يول قويمايدۇ. شۇنداقلا، نەپسىنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا كۆندۈرىدۇ. ھەققە بويسۇنۇش ۋە ھاۋايى ـ

ھەۋەسكە قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن نەپسىگە يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ.

بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلغان كىشى ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئادەتكە قارشى كېلىدىغان ئىشلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەگەر ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئادەتلەر ئىچىدە ھېچ گۇناھ يوق ياكى مۇستەھەپ دەپ قارالغان ئىشلار بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنى شېرىك، بىدئەت ياكى ھارام دەيدىغانلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن شۇ ئادەتنىڭ توغرا ئىكەنلىكى روشەن دەلىللەر بىلەن ئايدىڭلاشقانغا قەدەر ئۇنى تەرك قىلىدۇ. شۇنداقلا ئەھۋالى ئۆزىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا كىشىلەرگىمۇ نەسىھەت قىلىدۇ.

ئەگەر سىز نەپسىڭىزنىڭ شۇنى (ئۆسۈپ يېتىلگەن ئادەتتىن ۋاز كېچىشنى) رەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىسىڭىز، بىلىپ قويۇڭكى، ھاۋايى-ھەۋەس سىزنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئاپتۇ. شۇڭا سىز ھاۋايى-ھەۋەسىڭىزگە قارشى جىھاد قىلىشىڭىز لازىم!».[①]

**❖ ئىككىنچى تۇرلۇك ئالامەت — بىھۇدە ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى قويۇپ ئۆز ئەيىبى بىلەن بولۇش ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش**

بۇ بولسا قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، سىز ساغلام قەلب ئىگىسىنىڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى تۈزەش ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. سىز ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھالىتىنى ئىسلاھ

---

[①] «التنكيل» 2-توم 190-بەتتىن 200-بەتكىچە.

قىلىشتا قەلبنى ئاساس قىلغانلىقىنى، قەلبنىڭ بۇزۇلغان تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى ۋە قەلبنى بۇزىدىغان كېسەللەردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. بۇ ــ اللّٰه نىڭ مۇئمىن بەندىسىنى ھەقكە مۇۋەپپەق قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

بىر بەندىنىڭ ئۆز ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى تۈزەش بىلەن مەشغۇل بولۇشى ــ اللّٰه نىڭ ئۇ بەندىنى ياردەمسىز تاشلاپ قويغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىمام ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) اللّٰه نىڭ بەندىنى گۇناھى بىلەن خالىي قويىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكمىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋە ئۇ ھەقتە پىكىر قىلىشتىن توختاپ، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى تۈزەش بىلەن مەشغۇل بولۇشى ــ اللّٰه نىڭ ھېكمەتلىرىدىندۇر. ھە دېسە باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى تۈزەش بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىگە مۇبارەك (يەنى جەننەت) بولسۇن؛ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي! (يەنى ئۇنىڭغا ۋەيلۇن دېگەن دوزاخ بولسۇن!) خۇددى ئاۋۋالقىسى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئالامىتى بولغاندەك، كېيىنكىسى بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر».[①]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنى تونۇغان كىشى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى قويۇپ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۆز رەببىنى تونۇغان كىشى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمەي

[①] «مفتاح دار السعادة» 1 ـ توم 310 ـ بەت.

الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغان ئەمەل ــ الله نىڭ شۇ ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇپ، خالىي جايدا ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەلدۇر. شۇندىلا مەغرۇرلىنىش ۋە رىياخورلۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ».[①]

بۇ ھەرگىزمۇ ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك قىلىش ۋە كىشىلەرنى دەۋەت قىلىشقا سەل قاراشنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى كىشىلەرگە دەۋەت قىلىمەن دەپ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزىدىكى ئاشكارا ـ يوشۇرۇن نۇقسان ۋە كېسەللەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

## ❖ ئۈچىنچى تۈرلۈك ئالامەت ــ قارىغۇچىلارغا الله نى ئەسلىتىدىغان ياخشى قەلب ئىگىلىرى بولۇش

عن أسماء بنت يزيد قالت: قال النبي ﷺ: «ألا أخبركم بخياركم؟» قالوا: «بلى» قال: «الذين إذا رؤوا ذكر اللّٰه، أفلا أخبركم بشراركم؟» قالوا: «بلى» قال: «المشاؤون بالنميمة، المفسدون بين الأحبة، الباغون للبرآء العنت»

ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ مەن سىلەرگە سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

ــ دېگەندە، ئۇلار:

ــ بولىدۇ، ئېيتىپ بەرگىن ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۇلار قارىغۇچىلارغا الله نى ئەسلىتىدىغان كىشىلەردۇر. ئەمدى سىلەرگە سىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ــ دېگەندى،

[①] «بدائع الفوائد» 63 ـ بەت.

ئۇلار:

ــ بولىدۇ، ئېيتىپ بەرگىن ــ دېدى. پەيغەمبەرﷺ:

ــ ئۇلار بولسا چېقىمچى، دوستلار ئارىسىنى بۇزىدىغان، ئىپپەتلىك كىشىلەرنى زىنا بىلەن قارىلايدىغان كىشىلەردۇر ــ دېدى.①

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك (رەھىمەھۇللاھ) «الزهد» ناملىق كىتابىدا ئەلا ئىبنى مۇسەييەبتىن، ئۇ ئەبۇ زۇھادىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەبۇ زۇھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: <الله قا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ، ئۇلار قارىغۇچىلارغا الله نى ئەسلىتىدىغان كىشىلەردۇر>».②

شەك-شۈبھىسىزكى، قارىغۇچىلارغا الله نى ئەسلىتىدىغان بۇ كىشىلەر ــ قەلبلىرىنى ئىسلاھ قىلغان، ئاندىن الله ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنى نۇرلۇق قىلغان، كىشىلەرگە ياخشى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا باشقىلار ئۇلارغا قاراپ الله نى ئەسلەيدىغان كىشىلەردۇر. الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنى سۈپەتلەپ دېگەن مۇنۇ سۆزى بۇنى ئىسپاتلايدۇ: ﴿سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ﴾ «ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار»③.

ئىمام ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «﴿سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ﴾ <ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار> دېگەن ئايەتنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

① ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② «الزهد» 3-توم 148-بەت.

③ سۈرە فەتىھ 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

‹گۈزەل ئەخلاقنى كۆرستىدۇ› دەپ تەپسىرلىسە، مۇجاھىد ۋە باشقا تەپسىرشۇناس ئالىملار ‹الله تىن ئەيمىنىش ۋە كىچىك پېئىللىق› دەپ تەپسىرلىگەن، سۇدى ‹ناماز ئۇلارنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋېتىدۇ› دەپ تەپسىرلىگەن، بەزى سەلەف ئالىملار ‹كېچىسى كۆپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈزى كۈندۈزى نۇرلۇق بولىدۇ› دېسە، يەنە بەزىلىرى ‹ياخشى ئەمەللەر قەلبنى يورۇتىدۇ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، رىزىقنى كەڭرى قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە مۇھەببەت قوزغايدۇ› دېگەن.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ‹بىر بەندە يوشۇرۇن سالىھ ئەمەل قىلسا الله تائالا ئۇ ئەمەلنى ئۇ كىشىنىڭ چىرايى ۋە تىلىدىن ئاشكارىلاپ قويىدۇ›. دېمەك، قەلبتە يوشۇرۇنغان نەرسە چىرايىدا ئاشكارا بولىدۇ. مۇئمىن كىشىنىڭ قەلبى الله قا قارىتا ساغلام بولسا، الله ئۇ كىشىنىڭ سىرتىنى باشقا كىشىلەرگە گۈزەل كۆرسىتىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ‹كىمكى ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئىسلاھ قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭ سىرتقى ئەمىلىنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ›. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ نىيەتلىرى خالىس، ئەمەللىرى سالىھ بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارىغان ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقى ۋە ھىدايىتى بىلەن ھەيران قالدۇرغان».[1]

بەقائى (رەھىمەھۇللاھ) «نظم الدرر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: [«﴿سِيمَاهُمْ﴾ ـــ ئۇلارنىڭ چىرايىدا ھەمىشە جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئالامەت» نى الله نىڭ ﴿مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ﴾ «سەجدىنىڭ تەسىرىدىن» دېگەن سۆزى بىلەن

[1] «تفسير ابن كثير» 7- توم 342-، 343- بەتلەر.

تەپسىرلىگەندە، «ئۇ بولسىمۇ قىيامەت كۈنىدىكى نۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنى تەبەرانى ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلغان. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ چىرايى نۇرلۇق بولۇشتىن باشقا، بۇ دۇنيادىمۇ ئۇلارنىڭ الله تىن ئەيمىنىشى ۋە قورقۇشى نەتىجىسىدە ئەگەر بىرەر كىشى ئۇلارغا قارىسا، گەرچە ئۇنىڭ تۇرقى كۆرۈمسىز ۋە كىيىنىشى رەتسىز بولسىمۇ، قارىغان كىشىگە الله نى ئەسلىتىدۇ، ئەگەر قۇرئان ئوقۇسا باشقىلار ئۇنىڭ قىرائىتىدىن تەسىرلىنىدۇ].[①]

سەئىد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «تۆتىنچى مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئىبادەتنىڭ ئۇلارنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغان ئوچۇق تەسىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىياپىتىدە ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ﴿سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ﴾ <ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ تەسىرىدىن نىشانلار بار >[②] . ئۇلارنىڭ چىرايىدا جىلۋىلىنىدىغىنى — گۈزەللىك، نۇر، پارقىراقلىق، سۇزۇكلۇك ھەمدە ئىبادەتنىڭ جانلىق، گۈزەل ۋە نازۇك شەكلىدىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ الله تىن ئەيمىنىشنىڭ تەسىرىدۇر. شۇنداقلا بۇ يەنە تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن كەمتەرلىك، ئالىيجانابلىق، قەلبى سۇزۇكلۇك، تەمكىنلىك ھەمدە چىرايىدا گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىقنى زىيادە قىلىدىغان خۇشۇنىڭ ئىپادىسىدۇر».[③]

ئەبۇ ئاسىم، ھەمماد ئىبنى زەيد (رەھىمەھۇللاھ) نى سۈپەتلەپ

---

[①] «نظم الدرر» 18- توم 340- بەت.

[②] سۈرە فەتىھ 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] «في ظلال القرآن» 6- توم 3332- بەت.

مۇنداق دېگەن: «ھەمماد ئىبنى زەيد ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، مەن ئىسلامدىكى ھەيۋىتى ۋە چىرايىدىكى ئالامىتى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېچبىر كىشىنى كۆرمىدىم».①

فۇزەيل ئىبنى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «سەن الله تىن قانچىلىك ئەيمەنسەڭ، كىشىلەر سەندىن شۇنچىلىك ئەيمىنىدۇ».②

ئىبراھىم ئىبنى ئەشئەس مۇنداق دېگەن: «مەن فۇزەيلدىنمۇ بەكرەك قەلبىدە الله نى ئۇلۇغلىغان ھېچبىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ الله نى ئەسلىسە ياكى ئۇنىڭ يېنىدا الله ئەسلەنسە ۋە ياكى قۇرئان ئوقۇلغاننى ئاڭلىسا، قورقۇنچ بېسىپ ۋە غەم-قايغۇغا چۆمۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى، ھەتتا سورۇندىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى».③

**❖ تۆتىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ الله نى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش، الله تىن قورقۇش**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكَ وَمَنْ يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِنْ تَقْوَى الْقُلُوبِ﴾ «ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر».④

دىنىي ئىشلارنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش قەلبنىڭ تەقۋالىقى ۋە ئىسلاھ بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، چەكلىگەنلىرىدىن يېنىش، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىشقا ئالدىراش

① «حلية الأولياء» 6- توم 258- بەت.
② «حلية الأولياء» 8- توم 110- بەت.
③ «حلية الأولياء» 8- توم 84- بەت.
④ سۈرە ھەج 32- ئايەت.

ۋە الله تىن ھايا قىلىش قاتارلىقلار دىنىي ئىشلارنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ ھەمدە بۇ الله نى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، الله نىڭ شەرئىي ھۆكۈملىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىش، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىشتىن قورقماسلىق قاتارلىقلار قەلبنىڭ بۇزۇق ۋە كېسەل ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ قەلبىدە الله نى ئۇلۇغلاش مۇستەھكەم ئورۇنلاشسا، الله قا ئاسىيلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھاۋايى-ھەۋەسكە ئالدانغان بەزى كىشىلەر مۇنداق دېگەن: <مەن قەلبىمدە الله نى ئۇلۇغلىشىمنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى الله نىڭ ئەپۇ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ۋە ئۈمىد قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالىمەن>. بۇ سېپى ئۆزىدىن يالغانچىلىقتۇر، چۈنكى قەلبىدە الله نى ئۇلۇغلىغان كىشى الله نىڭ شەرئىي ئەھكاملىرىنىمۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇلۇغلايدۇ. الله نىڭ شەرئىي ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش بەندىنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن توسىدۇ (يەنى الله نىڭ شەرئىي ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىغان كىشى گۇناھلارغا يېقىن يولىمايدۇ). گۇناھ-مەئسىيەتكە جۈرئەت قىلغۇچىلار بولسا الله نى ھەقىقىي مەنىدە ھۆرمەتلىمىگەنلەردۇر. الله نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان كىشى، يەنە قانداقمۇ الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇلۇغلىغان، ھۆرمەتلىگەن، كاتتىلىغان ۋە الله قا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقان بولسۇن؟! بۇ قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان، خاتالىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدىغان ئىشتۇر. بەندىنىڭ قەلبىدە الله نى ئۇلۇغلاش، الله نىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاشنىڭ

ئاجىزلىشىشى ۋە الله نىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىگە سەل قارىشى گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىگە نىسبەتەن يېتەرلىك ئازابتۇر». ①

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «بەندە ئۆز رەببىنى تونۇغانسېرى ئۇنىڭ قەلبىدە الله قا بولغان ئۇلۇغلاش شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە الله نى ئەڭ ئۇلۇغلايدىغان ۋە ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر الله نى ھەقىقىي تونۇغان كىشىلەردۇر. الله نى ئۇلۇغلاش ۋە ياخشى كۆرۈش ئىبادەتنىڭ روھى بولۇپ، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىلىپ قالسا ئىبادەت بۇزۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككىسىگە ئۆزى ئۇلۇغلاۋاتقان ۋە ياخشى كۆرۈۋاتقان زاتنى مەدھىيىلەش قوشۇلسا، ئۇ چاغدا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مەدھىيىلەش بولىدۇ. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر». ②

ھەرەم ئىبنى ھەييان ئۇۋەيس قەرنىيگە: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دېگەندە، ئۇۋەيس قەرنىي مۇنداق دېگەن: «ئۇخلىماقچى بولغىنىڭدا ئۆلۈمنى ئەسلىگىن ۋە ئۇنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگىن. ئويغانغاندا قەلب ۋە نىيىتىڭنىڭ ئىسلاھ بولۇشى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلغىن. سەن ئۆزۈڭگە نىسبەتەن قەلب ۋە نىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىنمۇ قىيىن بولغان ھېچبىر ئىشقا دۇچ كەلمەيسەن. بەزىدە قەلبىڭ بىلەن نىيىتىڭ سەن بىلەن بىرگە تۇرۇپمۇ بۇرۇلۇپ كېتىدۇ، يەنە بەزىدە بۇرۇلۇپ كەتكەن ھالەتتە تۇرۇپ ئۇشتۇمتۇت ئەسلىگە قايتىدۇ. سەن سادىر قىلغان گۇناھىڭنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، بەلكى ئۆزۈڭ ئاسىي بولۇۋاتقان زاتنىڭ

① «الجواب الكافي» 99- بەت.

② «مدارج السالكين» 2- توم 495- بەت.

ئۆلۈغلۇقىغا قارىغىن». ①

الله ھارام قىلغان ئىشلارغا جۈرئەت قىلىنغاندا ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىش قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ الله نىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنسا ئۇنىڭغا ئىچى سىقىلىش، الله نىڭ ھەد ـ ھۇدۇدلىرىغا تاجاۋۇز قىلىنسا ئۇنىڭ ئۈچۈن غەزەپلىنىش الله نى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئوقەيىل «الفنون» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئەتراپىڭدا الله نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىنىۋاتسا ئۇنىڭغا قارشى گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، چىرايىڭ قىلچىمۇ تۇرۇلمىسە؛ الله قا بولغان ئاسىيلىقلار ۋە كۇفۇرلۇقلار كۆپىيىپ، شەرىئەتنىڭ ھۆرمىتى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىۋاتسا ئۇنى قىلچە ئىنكار قىلمىساڭ، شۇ ئىشنى قىلغۇچىدىن ئادا ـ جۇدا بولمىساڭ، سەندە قانداقمۇ ئىماننىڭ پۇرىقى بولسۇن! بۇ بولسا قەلبنىڭ تامامەن ئۆلۈپ، روھىڭنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىدۇر. بۇنداق قەلبتە ئىماندىن ھېچبىر ئەسەر بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، (يامان ئىشلارغا) چىرايىنى تۇرۇش (الله قا بولغان) مۇھەببەت ۋە ئېتىقادنىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر». ②

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله پەيغەمبىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن، پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەر تۇتۇپ ماڭغان ھەق دىننى چۈشەنگەن كىشىگە نىسبەتەن، دىندار دەپ قارالغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە دىنغا

① «صفة الصفوة» 3 ـ توم 55 ـ بەت.

② «الاداب الشرعية» 1 ـ توم 95 ـ بەت.

ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولىدۇ (اللە تىن ياردەم سورايمىز). اللە نىڭ ھۆرمەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىنىۋاتسا، بەلگىلىمە ۋە چەكلىمىلىرىگە تاجاۋۇز قىلىنىۋاتسا، دىن تەرك ئېتىلىۋاتسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈلۈۋاتسا قەلبى سىقىلمىغان، باتىلنى سۆزلىگەن ناتىق شەيتان كەبى باتىلغا سۈكۈت قىلىپ گاچا بولۇۋالغان كىشىدە يەنە قانداقمۇ ياخشىلىق ۋە دىن ـ ديانەت بولسۇن؟! پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ھوقۇق ـ مەنسەپ كويىدىلا يۈرىدىغان، دىنغا بولۇۋاتقان زىيانكەشلىكلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمايدىغان بۇ كىشىلەردىنلا بۇ دىنغا مۇسىبەت كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرى بولسا قايغۇرۇپ تىلىنى تامشىتىپ قويىدۇ، ناۋادا ئۇنىڭ ئابرۇيى ياكى پۇل ـ مېلىغا بىرىپ تاقىلىدىغان قىسمەن مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش قىلىنسا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بارلىقىنى سەرپ قىلىدۇ ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئىنكار قىلىشنىڭ ئۈچ خىل دەرىجىسىنى قوللىنىدۇ. نەتىجىدە ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن اللە نىڭ نەزىرىدىن چۈشۈش، غەزىپىگە دۇچار بولۇش بىلەن بىرگە، ھاياتىي دۇنيادا قەلبىنىڭ ئۆلۈشىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ مۇسىبەتكە گىرىپتار بولىدۇ. چۈنكى، قەلبىنىڭ ھاياتلىقى قانچە مۇكەممەل بولسا، ئۇنىڭ اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلى ئۈچۈن غەزەپلىنىشى شۇنچە كۈچلۈك، اللە نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشىمۇ شۇنچە مۇكەممەل بولىدۇ».[1]

**❖ بەشىنچى تۈرلۈك ئالامەت ـــ خەۋەرنى تەستىقلاش ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇش**

---

[1] «إعلام الموقعين» 2ـ توم 164ـ ۋە 165ـ بەت.

بىز ئىلگىرى ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ ياخشى نىيەت ۋە ساغلام قەلبنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق: «شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، تەسلىم بولۇش ــ خەۋەرگە (ۋەھىيگە) قارشى كېلىدىغان شۈبھە، بۇيرۇقۇا قارشى كېلىدىغان نەپسى ـ خاھىش، ئىخلاسقا قارشى كېلىدىغان ئىرادە، تەقدىر ۋە شەرىئەتكە قارشى كېلىدىغان ئېتىرازدىن قۇتۇلۇش دېگەنلىكتۇر».[1]

بەندە بۇ ئالامەتنى ئۆزىدىن بىلەلەيدۇ. ئەگەر بەندە ئۆزىدە بۇ ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلسە الله قا ھەمدە ئېيتسۇن، چۈنكى بۇ ساغلام قەلب ۋە سالىھ نىيەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەگەر بەندە ئۆزىدە مەيلى خەۋەرگە (ۋەھىيگە) قارشى كېلىدىغان شۈبھە، بۇيرۇقۇا قارشى كېلىدىغان نەپسى ـ خاھىش بارلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ قەلبىگە ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن قەلبىنى پاكلاشقا ۋە پاسادنى تۈزەشكە ئالدىرىسۇن. ئۇنداق بولمىغاندا زىيان تارتىدۇ ۋە ھالاك بولىدۇ (الله ئۆزى ساقلىسۇن!).

خەۋەرنى تەستىقلاش ــ الله نىڭ كىتابى ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تىلى ئارقىلىق كەلگەن، ئەقىللەر ئۇنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن، ئۆتمۈش ياكى كەلگۈسى ۋە ياكى غەيبىي ئىشلارغا ئائىت خەۋەرلەرنى تەستىقلاشتۇر. شۇندىلا ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ھەمدە شۈبھىسىز ۋە ئېتىرازسىز ھالدا ئۇنى تەستىقلايدۇ.

**ھۆكۈمگە تەسلىم بولۇش ۋە بويسۇنۇش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:**

• بىرىنچى، الله نىڭ شەرئىي ھۆكۈملىرىگە تەسلىم بولۇش. يەنى، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، ئۇنىڭ ياخشى ۋە

[1] «مدارج السالكين» 2 ـ توم 147 ـ بەت.

مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِينًا﴾ «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[②].

• ئىككىنچى، الله نىڭ كائىناتتا ئورۇنلاشتۇرغان ھۆكۈم ۋە قانۇنىيەتلىرىگە تەسلىم بولۇش. يەنى، مەيلى ئۇنىڭغا ئەقلى يەتسۇن ياكى يەتمىسۇن، ئۇنىڭدا چەكسىز ھېكمەت بار ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشتۇر. الله نىڭ كائىناتتا ئورۇنلاشتۇرغان ھۆكۈم ۋە قانۇنىيەتلىرىگە تەسلىم بولۇش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن چېكىندۇرۇش مۇمكىن بولغانلىرىنى چېكىندۇرۇشكە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى الله بىزنى داۋالىنىش بىلەن

[①] سۈرە ئەھزاب 36- ئايەت.
[②] سۈرە نىسا 65- ئايەت.

كىبىرلىكنى، تاماق يېيىش بىلەن ئاچلىقنى چېكىندۈرۈشكە ئوخشاش، بىر تەقدىرنى يەنە بىر تەقدىر بىلەن چېكىندۈرۈشكە بۇيرۇغان.

ناۋادا الله ئۆزى بىلىدىغان بىر ھېكمەتنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنى چېكىندۈرۈشكە رۇخسەت قىلمىغان بولسا ئىدى، شۇنداقتىمۇ الله نىڭ قازا ۋە قەدەرىگە تەسلىم بولۇش ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچ شۇبھىلەنمەسلىك ۋاجىب بولغان بولاتتى. چۈنكى، شۇبھىلىنىش الله ھەققىدە گۇمان قىلىش ۋە الله نىڭ ھۆكمىگە قارشىلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قەلبنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولىدۇ.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىماننىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى ــ الله نىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىش، تەقدىرىگە رازى بولۇش، چىن ئىخلاس بىلەن تەۋەككۇل قىلىش ۋە الله قا شەكسىز تەسلىم بولۇشتۇر».[①]

قەلبنىڭ ئالدامچىلىق، چىرىكلىك ۋە خىيانەتتىن پاك بولۇشى ــ الله نىڭ تەقدىرى ۋە ھۆكۈملىرىگە رازى بولۇش ۋە تەسلىم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىندۇر.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «رازىمەنلىك كىشىگە ساغلاملىق دەرۋازىلىرىنى ئاچىدۇ-دە، قەلبىنى ئالدامچىلىق، چىرىكلىك ۋە خىيانەتتىن پاكلايدۇ. الله نىڭ ئازابىدىن پەقەت (الله نىڭ ھۇزۇرىغا) ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن كىشىلەرلا قۇتۇلۇپ قالالايدۇ. (تەقدىرگە) رازى بولماي غەزەپلىنىش بىلەن قەلبنىڭ ساغلام بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بەندىنىڭ تەقدىرگە بولغان رازىمەنلىكى قانچە كۈچلۈك بولسا قەلبى شۇنچە ساغلام بولىدۇ. بۇزۇقلۇق، چىرىكلىك ۋە ئالدامچىلىق

[①] «حلية الأولياء» 1 ـ توم 216 ـ بەت.

(تەقدىرگە) غەزەپلىنىشكە ۋاستە بولسا؛ قەلبىنىڭ ساغلام، ياخشى ۋە پاك بولۇشى رازىمەنلىككە ۋاستە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەسەتخورلۇقمۇ نارازىلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، قەلبىنىڭ ھەسەتخورلۇقتىن پاك بولۇشى رازىمەنلىكنىڭ نەتىجىلىرىدىندۇر»[1].

**❖ ئالتىنچى تۈرلۈك ئالامەت — ئۆرپ-ئادەت يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى اللە نى ياخشى كۆرۈش، اللە نىڭ ئازابىدىن قورقۇپ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ۋە اللە قا قۇلچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، يامان ئەمەللەردىن يېنىش**

ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ اللە قا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بولسا شۇ ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى نەتىجىسىگە ئېرىشىشىنىڭ شەرتىدۇر.

ئەمەل قىلغۇچى كىشى بىر ئەمەلنى قىلىۋاتقاندا اللە قا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا، شۇ ئەمىلىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ۋە اللە نىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولىدۇ. ئەنە شۇ شەرتلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئەمەلنى پەقەت اللە ئۈچۈنلا خالىس قىلىش ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشتۇر.

ئەمەللەردە اللە قا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇكەممەل بولۇشى، قەلبتىكى ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ۋە قەلبىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بەندە ياخشى

---

[1] «مدارج السالكين» 2- توم 207- بەت.

ئەمەللەرنى قىلىپ يامان ئەمەللەردىن يانغاندا ئۆزىنىڭ الله قا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىدىن غاپىل قالسا، ئۇ بۇ ئەمەللىرىنى ئادەت يۈزىسىدىن قىلغان بولىدۇ ـ دە، بۇ ئەمەللەرنىڭ ئەجىر مېۋىسى ئازلاپ كېتىدۇ، بەلكى بەزىدە الله نىڭ ھوزۇرىدا زىيان تارتىپ قالىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) كەمتەرلىك ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كەمتەرلىك ـــ الله تائالاغا ئۆزۈڭنىڭ خاھىشىڭ بويىچە ئەمەس، بەلكى الله نىڭ بۇيرۇقىنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى بويىچە قۇلچىلىق قىلىشىڭدۇر. دىنىنى ساغلام چۈشەنمىگەن كىشىلەر ئادەت يۈزىسىدىن ئەمەل قىلغاندەك، سەنمۇ ئادەت يۈزىسىدىن ئەمەل قىلمىغىن. ئۇنداق كىشىلەر بىر ئىشقا ئادەتلەنسە (مەيلى ئۇ ياخشى ئىش بولسۇن ياكى يامان ئىش بولسۇن) ئۇنى ئادەتلەنگىنى بويىچە قىلىدۇ. ناۋادا شۇ ئىشنىڭ ئەكسىگە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ يەنىلا شۇنداق قىلىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ئىبادەت ھەرگىزمۇ كۆزقاراش، ھاۋايى ـ ھەۋەس، ياخشى كۆرۈش ۋە ئادەتكە ئاساسەن بولماستىن، بەلكى ئۇ بۇيرۇلغان بۇيرۇق بويىچە بولۇشى كېرەك. كۆزقاراش، ياخشى كۆرۈش، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ئادەت قاتارلىقلار ئاساسلىنىدىغان ۋە ئەتائەت قىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئەككىلەمچى نەرسىدۇر. بۇ ئىنتايىن نازۇك نۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت دىنىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن كىشىلەرلا دىققەت قىلىدۇ».[①]

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىنىڭ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرى قىلماۋاتقان ئىشلارنى ئۇنىڭ شەرىئەتتە

[①] «مدارج السالكين» 2 ـ توم 338 ـ بەت.

چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەنلىكتىن قىلمايدۇ... بىز بەزى كىشىلەرنىڭ بىدئەت نامازلارغا[1] ئەھمىيەت بېرىپ، پەرز نامازلارغا سەل قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بەزى كىشىلەر ئۆز دەسمايىسىنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ مالدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ. شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئىشلارغا ئادەتلەنسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىنسان ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن رامىزاندا قامچا بىلەن ئۇرۇلسىمۇ روزىسىنى ھەرگىز بۇزمايدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ يۈز-ئابرۇيى ۋە مال-مۈلكىگە چېقىلىپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ يۈز-ئابرۇيى ۋە مال-مۈلكىگە چېقىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆپ يۈز بېرىپ قالىدۇ».[2]

ھەرەۋىي نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە «نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچ دەرىجە بويىچە بولىدۇ: بىرىنچى، ئەمەلنى پاكلاش بولۇپ، بۇنىڭغا بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلۇش، ئەمەلگە ئادەت سىڭىپ كىرمەسلىك ۋە ئىرادە ئاجىزلاپ قالماسلىق ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ» دېگەن.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ھەرەۋىينىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىكى «ئەمەلگە ئادەت سىڭىپ كىرمەسلىك» دېگەن بۆلىكىنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «ئادەتنىڭ سىڭىپ كىرىشى — ئىبادەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بىرەر ھۆكۈمنىڭ ئىبادەتكە ئارىلىشىپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتلەنگۈچىمۇ ئۇنى اللە قا ئىتائەت قىلغانلىق دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. مەسىلەن، روزا تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن، مەشىق

[1] رەجەب ئېيىنىڭ تۇنجى جۈمە كېچىسى ئوقۇلىدىغان نامازغا ئوخشاش بىدئەت نامازلار.
[2] «صيد الخاطر» 231- بەت.

قىلغان، كۆنۈپ كەتكەن بىر كىشى باشقىلار زورلىمىسىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن روزا تۇتىدۇ، ئاندىن ئۇ شۇ تۇتقان روزىسىنى ئىبادەت دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ھالبۇكى، بۇ (ساپ ۋە خالىس ئىبادەت بولماستىن بەلكى) ئادەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

بۇنىڭ تىپىك ئالامىتى شۇكى، ئەگەر ئۇ كىشى ئۇنىڭدىنمۇ ئاسان ۋە مەنپەئەتلىك بولغان باشقا بىر ئىبادەتكە دۇچ كەلگەندە، بۇرۇنقى ئىبادەتكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى ئىبادەتنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ.

بەزى سالىھ سوپىلاردىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن خالىس نىيەت بىلەن كۆپ قېتىم ھەج قىلغان بولساممۇ، كېيىن شۇلارنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىشىم ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. چۈنكى، ئانام مەندىن بىر يۇتۇم سۇ ئىچكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنگەنىدى، بۇ ئىش ماڭا ئېغىر تۇيۇلدى. شۇندىلا مەن ئىلگىرىكى قىلغان ھەجلىرىمنىڭ ئۆزۈمنىڭ خالىشى، قىزىقىشى ۋە خاھىشى بىلەن بولغانلىقىنى بىلدىم. ئەگەر نەپسى-خاھىشىم يوقالغان بولسا شەرئىيتە ھەق بولغان ئۇ ئەمەل (ئانامغا سۇ ئىچكۈزۈپ قويۇش) ماڭا ئېغىر تۇيۇلمىغان بولاتتى».[1]

**رىيائىلىقتىن ئېلىنغان ئىككى مىسال**

- بىرىنچى مىسال

سىرتقا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىمدە يۈز بەرگەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان بىر ئىشنى مىسال قىلىپ ئۆتەي. بىر يىلى مەن ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىن سەپەر قىلدىم. بىز بىلەن بىرگە يەنە بەزى ئائىلىلىك كىشىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر

[1] «مدارج السالكين» 2- توم 98- ۋە 99- بەتلەر.

جۈپ ئەر-ئايال ۋە ئوغلىمۇ بار ئىدى. ئايروپىلان قوزغىلىشتىن بۇرۇن بۇ ئايال ھىجابلانغان، يۈزى، چېچى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى چۈمبەل ۋە ئابايى بىلەن يېپىۋالغان ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئايروپىلان قوزغىلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈۋېدى، ھېلىقى ئايال ئاۋۋال ئابايىنى يىغدى، ياغلىقىنى ئېلىپ قول سومكىسىغا سالدى، ئاندىن كېيىن ئۇ چېچى ۋە يۈزى ئوچۇق بىر ئايالغا ئايلاندى. الله نىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، الله ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر!

بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇ ئايالنىڭ ئېتىقادى ئاجىز، الله نىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا ئىبادەت تۇيغۇسى يوق بولۇپ، ھىجابلىنىشنىڭ ئۇ ئايالغا نىسبەتەن ئەقىدە ۋە الله تىن قورقۇشتىن ئايرىلغان ئادەتلەنگەن بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

- ئىككىنچى مىسال، پەقەت ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈنلا قىسمەن دەۋەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش

كۆپلىگەن دەۋەتچى ياشلاردا، ئىنساني ياردەم ۋە ھەرخىل تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا بۇ خىل ئەھۋال سادىر بولۇپ قالىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ۋاقتى ۋە تىرىشچانلىقىنى شۇنىڭغا سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى؛ ئۇيقۇسىزلىق، ھېرىپ-چارچاشلارغا ۋە زېرىكمەي بېرىپ-كېلىشكە چىداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. الله تىن ئۇلارنىڭ شۇ قىلغانلىرىغا ياخشى مۇكاپات بېرىشىنى سورايمىز.

ئەمما، بۇ يەردە ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ قىسمەن كىشىلەرنىڭ بۇ ئەمەللەرگە ئادەتلىنىپ قېلىشى، كۆنۈپ قېلىشى ۋە بۇ ئەمەللەردىن ھوزۇرلىنىشى ئۇلارنىڭ بۇ ئەمەللەردە الله قا

ئىبادەت قىلىشقا تاقالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىنى يوقىتىپ قويۇۋاتماقتا. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، بۇ ياشلارنىڭ ئىچىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تولىمۇ سەل قارىغانلار بار. شۇ سەۋەبتىن، ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ «ناھايىتى ئالدىراش» پەرزەنتلىرى ئۇستىدىن قىلىۋاتقان شىكايەتلىرىنى ئاڭلاۋاتىمىز. ئۇ ياشلارنىڭ ئۆيىنىڭ بىرەر ئېھتىياجىنى قامداشقا، ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يوقلاشقا ئوخشاش بىرقانچە مىنۇتمۇ كەتمەيدىغان ئاسان ئىشلاردىمۇ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا سەل قاراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز.

بىز بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ قويىمىزكى، ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىزچىل ھەرىكەت قىلىش، دەۋەت سورۇنلىرىدا ئۇيقۇسىز قېلىش ۋە ھېرىپ-چارچاشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بەزى ۋاقىتلاردا زېرىكمەستىن بىرقانچە سائەت، ھەتتا بىرقانچە كۈنلەپ دەۋەت قىلىپ ھېرىپ-چارچىمايدۇ-يۇ، نېمە ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا كەلگەندە ھېرىپ-چارچايدۇ؟ ئەجىبا ئۇ ئىككى ئەمەلگە كېتەرلىك ۋاقىت پەرقى شۇنچە چوڭ ئەمەسمۇ؟ ھەر ئىككىلىسى ئىبادەت ئەمەسمۇ؟ بەلكى ئەڭ چوڭ ۋاجىبلاردىن باشقا ئەمەللەر ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئەمىلىنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ، ئۇ ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىبادەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ پەرقىنىڭ جاۋابى (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) شۇكى، قىسمەن دەۋەتچىلەر دەۋەتكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ۋە قىزىققانلىقتىن تىرىشىپ دەۋەت قىلغان، ئەمما ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن ۋە قىزىقمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشلار ئۇلارغا ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالغان.

❖ **يەتتىنچى تۈرلۈك ئالامەت ـــ ساغلام قەلب ئىگىسى ھەق ئالدىدا ۋە كىشىلەر ئالدىدا كەمتەر بولىدۇ، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ**

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇئمىننى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «المؤمن مؤلف، ولا خير فيمن لا يألف ولا يؤلف» «مۇئمىن چىقىشقاق كېلىدۇ. باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدىغان كىشىدە ياخشىلىق يوق».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «ألا أخبركم بمن يحرم على النار؟ أو بمن تحرم عليه النار؟ تحرم على كل قريب، هين، لين، سهل» «مەن سىلەرگە دوزاخنىڭ قانداق كىشىگە ھارام بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كۆن چۈشكەندە ئۇنىڭغا يېقىن تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىدىغان كىشىدۇر».[2]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) راستچىل كىشىلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەندە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ اللہ قا يۈزلەنگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللہ قىلا بېرىلگەن ۋاقىتتا باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدۇ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ئارقىلىق باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ باشقىلارنىمۇ كەمتەر ۋە مۇلايىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئىللىق ۋە يېقىملىق مۇئامىلىسى سەۋەبلىك باشقا قەلبلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ. ئەگەر كىشى باشقىلارغا بولغان

[1] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.
[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇئامىلىسىدە قوپال بولسا، گەرچە ئۇ دىندا ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەن بولسىمۇ كىشىلەر يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

ھەمراھىغا يامانلىق كېلىپ قېلىشىنى توسۇش، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشتەك بۇ گۈزەل يول، قەلبى ئىللىق ۋە مۇلايىم بولغان اللە نىڭ دوستلىرىغا ئېغىر تۇيۇلمايدۇ. بۇ يول ئىخلاسمەن ۋە راستچىل بەندىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئېغىر تۇيۇلمايدۇ. بۇ پەقەت قەلبىنى يامانلىق قاپلاپ كەتكەن كىشىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ. مانا بۇ يول بەندىگە گۈزەللىك ۋە مۇلايىملىق تونىنى كىيگۈزىدۇ. سىز سادىق كىشىلەرنىڭ بۇ يول ئارقىلىق بەندىلەر ئىچىدىكى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ سىلىق ـ سىپايە ۋە ئەڭ مۇلايىم كىشىلەر ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلاردىكى قوپاللىق ۋە ناچار تەبىئەتلەرنىڭ يوقىلىپ، ھايۋان سۈپەت ھالەتتىن پەرىشتە سۈپەت ھالەتكە ئايلانغانلىقىنى؛ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەڭ چىقىشقاق، مۇئامىلىسى ئەڭ يېقىملىق، قەلبى ئەڭ يۇمشاق كىشىلەردىن بولغانلىقىنى بايقايسىز. مانا بۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانغا مۇلايىملىق، ئىللىقلىق ۋە پاكلىق بېغىشلايدۇ. ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا ھېچقاچان چوڭچىلىق قىلماسلىق، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش ھەمدە ئۇنىڭغا كەمتەر ۋە خۇشچىراي ھالەتتە ئۇچرىشىش بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ مۇلايىملىقىدىندۇر. دېمەك، ئۇ كىشى ئۆزى سالغان چىقىشقاقلىق كۆرپىسىدە ھەمراھىنى ئولتۇرغۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ھەمراھىغا نىسبەتەن ئاشۇ يۇمشاق كۆرپىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ». [1]

---

[1] «مدارج السالكين» 3 ـ توم 180 ـ ۋە 181 ـ بەتلەر.

قەلبىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كەمتەرلىك ئىككى تۈرلۈكتۇر:

1. ھەق ئالدىدا كەمتەر بولۇش، ھەقنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش.

2. كىشىلەرگە كەمتەر بولۇش، چوڭچىلىق قىلماسلىق.

پەيغەمبەر ﷺ (يۇقىرىدىكى) ئىككى خىل كەمتەرلىككە تۈپتىن قارشى بولغان تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىككى خىل كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الكبر: بطر الحق وغمط الناس» «تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈشتۇر».[①]

سىز ساغلام قەلب ئىگىسىنىڭ ھەقكە بويسۇنۇپ تەسلىم بولغانلىقىنى، ئەقلىي شۇبھە ۋە قەلبىي شەھۋەتلەر بىلەن ھەقكە قارشىلاشمايدىغانلىقىنى، اللە نىڭ بەندىلىرىگە چوڭچىلىق قىلمايدىغانلىقىنى ۋە مەغرۇرلانمايدىغانلىقىنى، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرمەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنى ئۇلاردىن پەزىلەتلىك دەپ قارىمايدىغانلىقىنى، باشقىلارغا كەمتەر بولىدىغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭ باشقىلارغا كەمتەر بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى شۇكى، گەرچە ئۆزىگە يامانلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ يېتەرلىك ئۆزرىسى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كەمتەرلىك ــ اللە نى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى تونۇش، اللە نى ھۆرمەتلەش، ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلۇغلاشتىن ھەمدە ئۆزىنىڭ نەپسى ـ خاھىشى ۋە ئەمەلىدىكى ئەيىب ـ

[①] مۇسلىم توپلىغان.

نۇقسان ۋە ناچار تەرەپلىرىنى تونۇشتىن بارلىققا كېلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىشلاردىن كەمتەرلىك ئەخلاقى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ خىل ئەخلاققا ئىگە كىشى اللە ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن تۇرىدۇ، اللە نىڭ بەندىلىرىگە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدۇ، مېھرىبانلىق قىلىدۇ. ئۆزىنى ھېچكىمدىن پەزىلەتلىك ۋە بىرەر كىشىدە ھەققىم بار دەپ قارىمايدۇ، بەلكى باشقىلارنى ئۆزىدىن پەزىلەتلىك ۋە ئۆزىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بار دەپ قارايدۇ. اللە بۇ ئەخلاقنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ۋە يېقىن تۇرىدىغان بەندىسىگە نېسىپ قىلىدۇ».①

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) دىنغا كەمتەر بولۇشنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «دىنغا كەمتەر بولۇش — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرىگە شەكسىز تەسلىم بولۇش ۋە بويسۇنۇشتۇر. بۇ تۆۋەندىكى تۆت تەرەپتىن ئەمەللىشىدۇ:

بىرىنچى، كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن <ئەقىل، قىياس، زۇق② ۋە سىياسەت> تىن ئىبارەت تۆت خىل قارشىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن ھەققە قارشىلاشماسلىق.

ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق ئەقىللىرى بىلەن ۋەھىي دەلىللىرىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ھەقتىن چەتنەپ كەتكۈچى تەكەببۇرلار: <ئەگەر ئەقىل بىلەن نەقىل (ئايەت ـ ھەدىس) قارشىلىشىپ قالسا، ئەقىلنى ئۈستۈن ئورۇنغا

① «بدائع الفوائد» 157 ـ ۋە 158 ـ بەت.

② بۇ سوپىلارنىڭ ئىستىمالىدىكى سۆز بولۇپ، سوپىلار ناماز ئوقۇش ياكى زىكىر ئوقۇش ئارقىلىق قەلبىدە ئىلگىرى ھېس قىلىپ باقمىغان بىرنەرسىنى ھېس قىلسا «مەن مۇنداق بىرنەرسىنى ھېس قىلدىم» دەيدۇ ۋە بۇنى زۇق دەپ ئاتىشىدۇ.

قويۇپ، نەقىلدىن ئايرىلىمىز› دەيدۇ. ئۇلار تەپۋىز قىلىش (يەنى بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىنى بىز بىلمەيمىز، بەلكى الله بىلىدۇ، دېيىش) ياكى تەئۋىل قىلىش[1] ئارقىلىق نەقىلدىن ئايرىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزلىرىنى ئىلىملىك ھېسابلايدىغان تەكەببۇرلار. ئۇلار: ‹ئەگەر قىياس ۋە كۆزقاراش شەرئىي دەلىللەرگە قارشى كېلىپ قالسا، بىز قىياسنى شەرئىي دەلىلدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمىز، شەرئىي دەلىلنى ئېتىبارغا ئالمايمىز› دەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆزلىرىنى زاھىد سوپى ھېسابلايدىغان، ئەمەلىيەتتە ھەقتىن چەتنەپ كەتكەن تەكەببۇرلار. بۇلار زوق بىلەن شەرئىي بۇيرۇق قارشىلىشىپ قالسا، زوقنى ۋە ھالەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، شەرئىي بۇيرۇققا پەرۋا قىلمايدۇ.

تۆتىنچى، ھەقتىن چەتنىگەن زالىم، تەكەببۇر ئەمىرلەر. بۇلارنىڭ نەزىرىدە شەرىئەت سىياسەتكە قارشى كېلىپ قالسا، سىياسەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە پەرۋا قىلمايدۇ.

مانا بۇ تۆت تۈرلۈك كىشى تەكەببۇر كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ شۇ سۈپەتلىرىدىن قۇتۇلۇش كەمتەرلىكتۇر».[2]

**سەلەفلەرنىڭ ھەق ئالدىدا كەمتەر بولۇش ۋە ئۇنى تەۋسىيە قىلىشىدىن بىرقانچە ئۆرنەكلەر**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان قازىلىق ھەققىدىكى مەشھۇر خېتىدە مۇنداق دېگەن: «...

[1] سۆزنى ئاشكارا مەنىدىن يوشۇرۇنراق مەنىگە دەلىلسىز ھالدا يۆتكەپ چۈشەندۈرۈش.
[2] «مدارج السالكين» 2 ـ توم 347 ـ بەت.

سېنىڭ بۈگۈن چىقارغان ھۆكمىڭ ئەتە ئۆزۈڭنى تەكشۈرۈپ، توغرىنى تېپىپ، ھەقىقەتكە قايتىشىڭغا توسالغۇ بولمىسۇن. چۈنكى، ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت، ئۇ چوقۇم ئاشكارا بولىدۇ. ھەقىقەتكە قايتىش باتىلدا ئەزۋەيلەشتىن كۆپ ياخشىدۇر».①

ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئۇنىڭغا: <ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! ماڭا ھەممە ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنپەئەتلىك سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويغىن> دېگەندە، ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا: <ﷲ قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، قەيەردە بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر قۇرئاندىن ئايرىلمىغىن، گەرچە يىراق دۈشمىنىڭ ساڭا ھەقنى ئېلىپ كەلسىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلغىن، يېقىن دوستۇڭ ساڭا باتىلنى ئېلىپ كەلسىمۇ ئۇنى رەت قىلغىن> دېگەن».②

زەھەبى مۇنداق دېگەن: [ئەبۇ ھەنىفە ئىبنى سىمماك ماڭا مۇنداق دېدى: «ئىبنى ئەبۇ زىئبە مەقبۇرىدىن، ئۇ ئەبۇ شۇرەيھتىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: <ومن قتل له قتيل فهو بخير النظرين: إما أن يفدى، وإما أن يقتل > <ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بىرەر يېقىن ئادىمى ئۆلتۈرۈلسە، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋەلىيسى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللىۋالسا بولىدۇ، خالىسا تۆلەم ئالسۇن، خالىسا قىساس ئالسۇن>.

مەن ئىبنى ئەبۇ زىئبەگە: «سەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلامسەن؟» دېسەم، ئۇ مېنىڭ مەيدەمگە ئۇرۇپ توۋلاپ كەتتى ۋە ماڭا كايىپ تۇرۇپ: «ساڭا

① «سنن الدارقطني» 4- توم 206- بەت.

② «صفة الصفوة» 1- توم 419- بەت.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتسام، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلامسەن دەۋاتىسەنغۇ؟ شۇنداق، مەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن، بۇ ماڭا ۋە ئۇنى ئاڭلىغانلارغا پەرزدۇر. ﷲ ھەقىقەتەن مۇھەممەد ﷺ نى ئىنسانلار ئىچىدىن تالالاپ، ئۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلدى. مەيلى ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى بولسۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ۋاجىب. مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوقتۇر» دېدى].[1]

رەبىئە مۇنداق دېگەن: «مەن ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <ئەگەر مېنىڭ كىتابىمدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە خىلاپ نەرسىنى بايقىساڭلار، مېنىڭ سۆزۈمنى رەت قىلىپ سۈننەتكە ئەگىشىڭلار>».[2]

رەبىئە يەنە مۇنداق دېگەن: [مەن ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بىر كىشى ماڭا: <ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! سەن ھەدىسكە ئەمەل قىلامسەن؟> دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا: <مەن قاچان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سەھىھ بىر ھەدىسىنى نەقىل قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان بولسام، سىلەرنى گۇۋاھ قىلىپ ئېيتىمەنكى، (ئۇ چاغدا) مەن ئەقلىمنى يوقاتقان بولىمەن> دېدىم»].[3]

ھۇمەيدى مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) بىر ھەدىسنى سۆزلىگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا: <سەن بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلامسەن؟> دېسەم، ئۇ ماڭا: <سەن مېنىڭ چېركاۋدىن چىققانلىقىمنى

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[2] «سيرة أعلام النبلاء» 10 ـ توم 34 ـ بەت.

[3] «سيرة أعلام النبلاء» 10 ـ توم 34 ـ بەت.

ياكى زۇننار[1] تاقىۋالغانلىقىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟ مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلمايمەنمۇ؟> دېدى».[2]

رەبىئە مۇنداق دېگەن: «مەن ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بىرەر ھەدىسنى نەقىل قىلىپ ئۇنى قوبۇل قىلمىسام، قايسى ئاسمان ماڭا سايە تاشلاپ، قايسى زېمىن مېنى كۆتۈرەر؟>».[3]

ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مەن ئەيمىنىدىغان ۋە دوستۇم دەپ بىلىدىغان قانداق بىر كىشى ھەقتىن باش تارتىدىكەن ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىدىكەن، مېنىڭ نەزىرىمدىن چۈشىدۇ».[4]

ئىبنى رەجەب يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ سەلەفلەرنىڭ بارلىق ئىماملىرىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ۋە پەزىلەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن سەلەف ئىماملىرى گەرچە كىچىك بالا ھەقنى ئېلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلاتتى. باشقىلارنىڭ سۆزى ھەق بولۇپ قالغان ۋاقىتتا ئۆز ھەمراھلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى ھەقنى قوبۇل قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى».[5]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «وأسألك كلمة الحق في الغضب والرضا» «ئى الله ! مەيلى ئاچچىقلانغاندا بولسۇن ياكى خۇرسەن بولغاندا بولسۇن (ھەرقانداق ئەھۋالدا) ھەقنى سۆزلىشىمنى سورايمەن»

---

[1] زۇننار: ناسارالار تاقىۋالىدىغان بىر خىل بەلگىنى كۆرسىتىدۇ.

[2] «سيرة أعلام النبلاء» 10 ـ توم 34 ـ بەت.

[3] «سيرة أعلام النبلاء» 10 ـ توم 35 ـ بەت.

[4] «سيرة أعلام النبلاء» 10 ـ توم 33 ـ بەت.

[5] «الفرق بين النصيحة والتعبير» 10 ـ بەت.

دېگەن دۇئاسىنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇن كىشىلەر خۇرسەن بولغاندا ھەقنى سۆزلىسىمۇ، لېكىن ئاچچىقلانغاندا خاتا سۆزلەپ قالىدۇ. بەزىدە ھەتتا خۇرسەنچىلىكتىمۇ خاتا سۆزلەپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاچچىقلانغاندىمۇ ۋە خۇرسەن بولغاندىمۇ ھەقنى سۆزلەشكە مۇۋەپپەق قىلىشنى اللە تىن سورىغان. بەزى سەلەفلەر مۇنداق دېگەن: <سەن خۇرسەن بولغاندا خۇرسەنلىكى ئۇنى خاتالاشتۇرۇپ قويمىدىغان، ئاچچىقلانغاندا ئاچچىقى ئۇنى ھەقتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتمىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالمىغىن>».①

مۇھەممەد ئىبنى ھارىس سەھنۇن ئىبنى سەئىدنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مالىك، ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبۇ سەلەمە، مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى دىينار قاتارلىقلار ئىبنى ھورمۇزنىڭ يېنىغا دەۋالىشىپ باردى. مالىك بىلەن ئابدۇلئەزىز ئىككىيلەن ئۇنىڭدىن (ئىبنى ھورمۇزدىن) سوئال سورىسا، ئۇ ئىككىسىگە جاۋاب بېرەتتى، ئەمما ئىبنى دىينار ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى سوئال سورىسا جاۋاب بەرمەيتتى. بىر كۈنى ئىبنى دىينار ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: <ئى ئەبۇبەكرى! نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى ماڭا راۋا كۆرىسەن؟> دېگەندە، ئىبنى ھورمۇز: <ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن نېمە دېمەكچى؟> دېدى. ئىبنى دىينار: <نېمە ئۈچۈن مالىك بىلەن ئابدۇلئەزىزنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، بىزنىڭ سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بەرمەيسەن؟> دېگەندە، ئىبنى ھورمۇز: <ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن رەنجىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟> دەپ سورىدى. ئۇ: <ھەئە، رەنجىپ

① «إغاثة اللهفان» 1 ـ توم 29 ـ بەت.

قالدىم› دېدى. ئىبنى هورمۇز: ‹يېشىم چوڭىيىپ ئاجىزلاپ قالدىم، بەدىنىمنى چىرمىۋالغان نەرسىنىڭ ئەقلىمنىمۇ چىرمىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. مالىك بىلەن ئابدۇلئەزىز دىننى چۈشىنىدىغان ئالىم كىشىلەر، ئۇلار مېنىڭدىن ھەقنى ئاڭلىسا قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر خاتا (پەتىۋا)نى ئاڭلىسا رەت قىلىدۇ، ئەمما سەن ۋە دوستلىرىڭ مەن نېمە دەپ بەرسەم شۇنى قوبۇل قىلىسىلەر (شۇڭا جاۋاب بەرمىدىم)› دېدى.

ئىبنى ھارىس مۇنداق دېگەن: ‹الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۆزىنىڭ ھەزىل ئارىلاش سۆزلىرىنى قۇرئانغا سېلىشتۇرماقچى بولغان كىشىنىڭ ئەمەس، بەلكى دىنى مۇكەممەل ۋە ئەقلى كۈچلۈك كىشىنىڭ ئېيتقان سۆزىدۇر›».[1]

**سەلەفلەرنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشىدىن ئۆرنەكلەر**

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر تۇلۇمدا سۇ توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇنداق قىلىش ساڭا لايىق ئەمەس› دېسەم، ئۇ: ‹ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان ھالدا مېنىڭ يېنىمغا كېلىۋىدى، قەلبىمدە مەغرۇرلىنىش ھېس قىلىپ قالدىم، شۇڭا مەن ئۇنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىمەن› دېدى».[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەن ھالىتىدە بىر يۈدە ئوتۇننى يۈدۈپ كېتىۋېتىپ: «ئەمىرگە يول بېرىڭلار» دەيتتى.[3]

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلىمغا مىنىمەكچى بولغاندا

[1] «إعلام الموقعين» 2ـ توم 198ـ بەت.
[2] «مدارج السالكين» 2ـ توم 330ـ، 331ـ بەتلەر.
[3] «مدارج السالكين» 2ـ توم 330ـ، 331ـ بەتلەر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاغنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن يېقىنلاشتى. زەيد ئىبنى سابىت ئۇنىڭغا: «ئى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! بۇنداق قىلمىغىن» دېگەندە، ئىبنى ئابباس: «بىز ئالىملىرىمىز ۋە چوڭلىرىمىزغا مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز» دېگەنىدى، زەيد ئۇنىڭغا: «قولۇڭنى چىقارغىن» دېدى. ئىبنى ئابباس قولىنى چىقىرىشىغىلا زەيد ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى ۋە: «بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسىگە مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز» دېدى.①

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئارىسىدا تونلارنى تەقسىم قىلغاندا مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىممەت باھالىق بىر تونىنى ئەۋەتىپ بەردى. مۇئاز ئۇ تونىنى ساتتى ۋە ئۇنىڭ پۇلىغا ئالتە نەپەر قۇل سېتىۋېلىپ ئۇلارنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا يەنە باشقا بىر تون ئەۋەتىپ بەرگەندە، ئۇ ئۆمەرگە كايىدى. ئاندىن ئۆمەر ئۇنىڭغا: «تۇنجى قېتىم ئەۋەتىپ بەرگەن تونىنى سېتىۋېتىپسەنغۇ؟» دېۋىدى، مۇئاز: «شۇنداق قىلدىم، ماڭا پەقەت ئۆزۈمگە تېگىشلىك بولغىنىنى بەرسەڭلا بولمامدۇ؟ مەن تونىنى كۆرۈپ سېنىڭ بېشىڭغا ئۇرۇشقا قەسەم قىلغانمەن» دېدى. ئاندىن ئۆمەر ئۇنىڭغا: «مانا، بېشىم ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. ئەجەبا ياش يىگىتنىڭ قېرىغان ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدىغۇ؟!» دېدى.②

ھەسەن كىچىك باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ

① «مدارج السالكين» 2- توم 330-، 331- بەتلەر.

② «مدارج السالكين» 2- توم 330-، 331- بەتلەر.

يېنىدا بىر پارچە نان تۇرغانلىقىنى كۆردى. باللار ھەسەننى تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇ كېلىپ باللار بىلەن ئۇ ناننى بىللە يېدى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ تاماق ۋە كىيىم-كېچەك بەرگەندىن كېيىن ئۇلارغا: «مېنىڭ نەرسەم سىلەرنىڭ نەرسەڭلاردۇر، سىلەرنىڭ يېيىشكە مېنى تەكلىپ قىلغان نېنىڭلاردىن باشقا ھېچنەرسەڭلار يوقكەن، ئەمما مەن ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تاپالايمەن» دېدى.[1]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «قارا خوتۇننىڭ بالىسى» دەپ ئەيىبلىگەنلىكىنى ئەسلەپ قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ۋە: «اللّٰه بىلەن قەسەمكى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ يۈزۈمگە دەسسىمىگۈچە بېشىمنى ھەرگىز كۆتۈرمەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ قويدى.[2]

رەجا ئىبنى ھەيۋە مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا (مەن تۆۋەندە ئولتۇرۇپ) ئۇنىڭ كىيىمىنى ئون ئىككى دەرھەمگە باھالىدىم. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا بىر تال تون، بىر تال سەللە، بىر دانە كۆينەك، بىر دانە ئىشتان، بىر دانە يەكتەك، بىر جۈپ ئۆتۈك ۋە بىر تال باش كىيىمى بار ئىدى».[3]

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ ئۆزىنىڭ بىر ئوغلىنىڭ غادىيىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغلىغا: «ئى ئوغلۇم! ئاناڭنى قانچە پۇلغا سېتىۋالغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ئاناڭ بولسا مەن 300 دەرھەمگە

[1] «مدارج السالكين» 2- توم 330-، 331- بەتلەر.
[2] «مدارج السالكين» 2- توم 330-، 331- بەتلەر.
[3] «مدارج السالكين» 2- توم 330-، 331- بەتلەر.

سېتىۋالغان بىر قۇل ئايال، مېنىڭ ھالىممۇ ساڭا ئايان، شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن يەنە نېمىگە غادىيىپ ماڭىسەن؟ اللّٰه مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا سەندەك كىشىلەرنى كۆپەيتمىگەي!» دېدى.[①]

ئەلى ئىبنى سابىت مۇنداق دېگەن: «سۇفيان سەۋرىنىڭ سورۇنىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغانلىقىنى قەتئىي كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇ دائىم بىر بۇلۇڭدا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى».[②]

مۇتەررەف مۇنداق دېگەن: «بىرەر كىشى مېنى ماختىسىلا كەيپىياتىم بۇزۇلىدۇ».[③]

رەجا ئىبنى ھەيۋە مۇنداق دېگەن: «بىر كېچىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدىم. پاراڭلىشىپ ياتقىنىمىزدا ئۇشتۇمتۇت چىراق ئۆچۈپ قېلىپ پارىڭىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. مەن چىراقنى ئوڭشاپ قويماقچى بولىۋېدىم، ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى چىراقنى ئوڭشاپ كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن: <مەيلى ئولتۇراي ياكى ئۆرە تۇراي مەن يەنىلا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئۆز مېھمىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش يامان ئىش ئەمەستۇ؟> دېدى».[④]

كەنانە ئىبنى جەبەلە سۇلەمىي مۇنداق دېگەن: [بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈڭدىن چوڭلارنى كۆرگىنىڭدە: <بۇ كىشى ئىمان ئېيتىشتا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ مەندىن ياخشى> دېگىن؛ ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرنى كۆرگىنىڭدە:

---

① «مدارج السالكين» 2- توم 330-، 331- بەتلەر.

② «حلية الأولياء» 6- توم 378- بەت.

③ «حلية الأولياء» 2- توم 198- بەت.

④ «حلية الأولياء» 5- توم 332- بەت.

‹گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىم ئۇنىڭكىدىن كۆپ، شۇڭا ئۇ مەندىن ياخشى› دېگىن؛ قېرىنداشلىرىڭنىڭ سېنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە: ‹بۇ ئۇلارنىڭ پەزىلىتى› دېگىن؛ ئۇلارنىڭ (ساڭا) پەرۋا قىلمىغانلىقىنى كۆرگىنىڭدە: ‹ھەممىسى مېنىڭ گۇناھىم سەۋەبىدىن› دېگىن»].[1]

**❖ سەككىزىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈش، مۇسۇلمانلار سېپىنى بىرلەشتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولۇش ۋە تەپرىقچىلىقتىن يىراق تۇرۇش**

قەلبى ساغلام ۋە نىيىتى سالىھ مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھەرگىزمۇ ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ ۋە ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، بەلكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «لا يؤمن أحدكم حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دىنىي قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۇئمىن ھېسابلانمايدۇ»[2] دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن، ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ ياخشى كۆرۈشنى زۆرۈر دەپ بىلىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆزىگە يامان كۆرگەننى مۇسۇلمانلارغىمۇ يامان كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشال بولۇپ، مۇسىبەتلىرىگە قايغۇرىدۇ.

ئىمام ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) ھاتەم ئەسەمدىن نەقىل قىلىنغان سۆزنى ياخشى دەپ قارىغان. (كىشىلەر) ھاتەمگە: ‹سەن بولساڭ ئەجەم، پاساھەتلىك سۆزلىيەلمەيسەن، ئەمما ھەرقانداق بىر كىشى بىلەن مۇنازىرىلەشسەڭ ئۇنى

[1] «صفة الصفوة» 3 ـ توم 248 ـ بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

توختىتىپ قويىسەن. سەن رەقىبىڭنى نېمىگە تايىنىپ يېڭىسەن؟› دېگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: ‹مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بىلەن يېڭىمەن: ئەگەر رەقىبىم توغرىنى تاپسا ئۇنىڭغا خۇشال بولىمەن، خاتالاشسا قايغۇرىمەن، تىلىمنى ساقلاپ ئۇنى رەنجىتىدىغان سۆزلەرنى قىلمايمەن›. ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) بۇنى ئاڭلاپ: ‹بۇ نېمىدېگەن ئەقىللىق كىشى ـ ھە!› دېگەن».[①]

مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن چوقۇم قەلبتىن ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىكنى يوقىتىش كېرەك. ھەسەتخورلۇق ــ كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەقىقەتتە ئۇ اللە نىڭ تەقدىرىگە، اللە نىڭ بېرىش ـ بەرمەسلىك، ئاسانچىلىق ۋە قىيىنچىلىق ھەققىدىكى ھېكمىتىگە نارازى بولۇشتۇر. ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرەر بەندىگە اللە نىڭ نېئمىتىنىڭ بېرىلىشىنى ياقتۇرماسلىق ۋە ئۇ نېئمەتنىڭ شۇ بەندىدىن يوقىلىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىشتۇر. ھەسەتخورلۇقنىڭ دىنغا نىسبەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە ناھايىتى چوڭ زىيىنى بار بولۇپ، ئۇ قەلبنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

- ھەسەتخورلۇقنىڭ تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار:

1. ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت. بۇ بولسا ھەسەتخورلۇقنىڭ ئەڭ چوڭ دەرۋازىسىدۇر.

2. ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش. بۇ ــ ھەسەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزى ھەسەت قىلغان كىشىنىڭ دىن ياكى دۇنيالىق جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى

① «الفرق بين النصيحة والتعيير» 32 ـ بەت.

مەرتىۋىلىك بولۇشقا چىدىمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

3. تەكەببۇرلۇق، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىشى ۋە بويسۇنۇشىنى ئارزۇ قىلىش. ئەگەر باشقىلار بىرەر نېئمەتكە ئېرىشىپ هال ـ ئەھۋالى ياخشىلانسا، ھەسەتخور كىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىشىدىن ۋە ئۆزىگە ئەگەشمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ.

4. باشقىلارنى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇش ۋە باراۋەر قىلىش. بۇ ئادەتتە دىن ياكى دۇنيالىق جەھەتتە ئۆزئارا تەڭ دەرىجىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

5. مەقسەتكە يېتەلمەسلىكتىن ئەنسىرەش. بۇ ئوخشاش بىر مەقسەتكە يېتىشكە ئىنتىلىۋاتقان ئىككى كىشى ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ، چۈنكى ئىككىيلەننىڭ ھەربىرى پەقەت ئۆزىنىڭلا مەقسەتكە يېتىشىنى ئويلاپ، يەنە بىرىنىڭ مەقسەتكە يېتىشىگە ياردىمى بولىدىغان نېئمەت سەۋەبلىك ھەمراھىغا ھەسەت قىلىدۇ.

6. ئەمەل ـ مەنسەپكە ئېرىشىشنى، يۈز ـ ئابرۇي تېپىشنى ۋە ماختىنىشنى ياخشى كۆرۈش. بۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەردە ئۆزىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتىدۇ دەپ قارىغان ياكى ئاڭلىغان ۋە ياكى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى ھەممە كىشىلەرگە قارىتا ھەسەت پەيدا بولىدۇ.

7. ئىچى تارلىق قىلىش، الله نىڭ بەندىلىرىنىڭ ياخشىلىققا ئېرىشىشىگە چىدىماسلىق ۋە يامانلىققا دۇچار بولغىنىدىن خۇشال بولۇش.[1]

پەقەت الله مۇۋەپپەق قىلغان كىشىلەرلا قەلبىنى ئىسلاھ قىلىپ، بۇ جاھىل كېسەللەردىن قەلبىنى پاكلاش ئارقىلىق ھەسەتخورلۇقنى داۋالاش

[1] «تصفية القلوب» 175 ـ بەتتىن 177 ـ بەتكىچە.

سەۋەبلىرىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ.

- ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك داۋاسى بار:

1. ئىلىم. يەنى، مەنپەئەتلىك ئىلىم بىلەن ھەسەتخورلۇقنى يوقىتىش. ئۇ بولسىمۇ الله نىڭ تەقدىرىگە، بىرىش ۋە بەرمەسلىكتىكى ھېكمىتىگە ۋە تەقسىماتىغا رازى بولۇش، شۇنداقلا ھەسەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ھەسەتنىڭ ھەسەت قىلىنغۇچىغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى بەزىدە ئۇنىڭغا پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىش.

2. ئەمەل. يەنى، مەنپەئەتلىك ئەمەل بىلەن ھەسەتخورلۇقنى يوقىتىش. ئۇ بولسىمۇ ھەسەتخورنىڭ ئۆزىنى ئۆز مەقسىتىنىڭ ئەكسىگە زورلاش ئارقىلىق ھەسەتتىن ساقلىنىشىدۇر. مەسىلەن، ئەگەر قەلبىدىكى ھەسەت ئۆزى ھەسەت قىلغان كىشىنى ئەيىبلەشكە قۇتراتسا، ئۆزىنى ھەسەت قىلىنغۇچى كىشىنى ماختاشقا زورلاش؛ ئەگەر قەلبىدىكى ھەسەت ئۆزى ھەسەت قىلغان كىشىگە تەكەببۇرلۇق قىلىشقا زورلىسا، ئۆزىنى ئۇنىڭغا تۆۋەن تۇتۇشقا، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا زورلاش، شۇنداقلا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن يامانلىقنى توسۇش.

مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ دەۋەتچىلەر ۋە مۇجاھىدلارنىڭ سېپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن خۇشال بولۇش، سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلىمىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە ۋە گۇرۇھۋازلىقنى تەرك ئېتىشكە تىرىشىش بولسا مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇھىم تەلىپىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىغا ئەۋەتكەن رىسالىسىدە ئىنتايىن گۈزەل مىساللارنى بايان قىلغان. ئۇ رىسالىسىدە شاگىرتلىرىنى سەپنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قەلبلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئارىنى ئىسلاھ قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «قەلبلەرنى بىرلەشتۈرۈش، سەپنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئارىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەقىدە بىرلىكىدىن ئىبارەت چوڭ قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغايسىلەر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا﴾ <ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)>[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ تَفَرَّقُوا وَاخْتَلَفُوا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ <روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ>[2]. بۇ ئايەتلەر جامائەت بولۇشقا ۋە بىرلىشىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ئاساس (يەنى يۇقىرىقى ئايەت) تىن چىقىپ كەتكۈچىلەر تەپرىقچى بولغىنىدەك، بۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار بىرلەشكۈچىلەردۇر...».

رەھىمەھۇللاھ رىسالىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ ھەقتە تۇنجى بولۇپ ئۆزۈمگە ئائىت ئىشلار ھەققىدە سۆزلەيمەن. الله ھەممىڭلاردىن رازى بولسۇن! سىلەر مېنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىمىز ئۇياقتا

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 105- ئايەت.

تۇرسۇن، ھەتتا مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بىرەر كىشىنىڭمۇ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالەتتە بىرەر نەرسە بىلەن رەنجىتىلىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىلەر. مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەسلا ئەيىبلىمەيمەن ۋە مالامەت قىلمايمەن، بەلكى ئۇلارغا ئىلگىرىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىززەت ـ ئىكرام قىلىمەن، ياخشى كۆرىمەن، ھەربىرىنى ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلەيمەن.

كىشى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالەتنىڭ بىرىدە بولىدۇ: بىرىنچى، توغرىنى تاپقۇچى مۇجتەھىد بولۇپ، ئۇ ئەمىلىگە قارىتا مۇكاپاتلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، خاتالاشقۇچى مۇجتەھىد بولۇپ، ئىجتىھادىغا ئەجىر بېرىلىپ، خاتالىقى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، گۇناھ ئۆتكۈزگۈچى بولۇپ، الله ئۇنىڭ، بىزنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلسۇن!

بىز قېرىنداشلىرىنى ئەيىبلەيدىغان كىشىلەرنىڭ <بۇ مەسىلىگە پالانى سەۋەبچى> دېگەندەك سۆزلىرىنى بۇ ئاساسقا قارشى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئېتىبارغا ئالمايمىز. مەن (قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن بەزى خاتالىقلىرى سەۋەبلىك) ئۇلارنى رەنجىتكەنلەرنى كەچۈرمەيمەن. بۇنداق سۆزنى قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ياخشىلىقى بار ياكى الله خالىسا گۇناھىنى كەچۈرىدىغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، الله ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

رەھىمەھۇللاھ رىسالىسىنىڭ داۋامىدا يەنە مۇنداق دېگەن: «بىرەر كىشى ماڭا يالغاننى چاپلىغان ياكى زۇلۇم قىلغان ياكى ئاداۋەت ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى، مەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننى ئەپۇ قىلىۋەتكەنمەن. بارلىق

مۇسۇلمانلارغا ئۆزىۈم ياخشى كۆرگەن ھەرقانداق نەرسىنى ياخشى كۆرىمەن. ماڭا يالغاننى چاپلىغان ياكى زۇلۇم قىلغان مۇسۇلماننى ئاللىبۇرۇن كەچۈرۈۋەتكەنمەن».[1]

ئۆزلىرىنى بىر ئەقىدە ۋە بىر مەنھەج ئۈستىدە دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى تەرەپبازلىق ۋە گۇرۇھۋازلىقفا خاتىمە بېرىشى — مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلارنىڭ كەلىمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك تەلىپىدۇر.

ساغلام قەلب ئىگىسى روشەن دەلىل ئاساسىدا الله قا دەۋەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق دەۋەتچى ۋە جامائەتنى گەرچە ئۆزى تونۇمىغان ياكى ئۇچرىشىپ باقمىغان تەقدىردىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ساغلام قەلب ئىگىسى الله تائالانىڭ بىرەر بەندىسىنىڭ قولى ئارقىلىق بىرەر ياخشىلىق ئىشىكىنى ئاچقانلىقى ۋە بىرەر بەندىسىنىڭ قولى ئارقىلىق بىرەر يامانلىق ئىشىكىنى تاقىغانلىقىدىن خۇشال بولىدۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ، ئەگەر قادىر بولالىسا ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ياخشى كۆرۈلىدىغان تەشكىللىنىش بىلەن يامان كۆرۈلىدىغان تەشكىللىنىشنىڭ پەرقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر جامائەت مۇئەييەن تەشكىلىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇلار الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان نەرسە ئۈستىگە كەم ياكى زىيادە قىلماستىن بىرلەشكەن بولسا، ئۇلار مۇئمىنلەردۇر. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدە ھەقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بار. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جامائىتىگە كىرگەنلەرگە توغرا ياكى خاتا

[1] «مجموع الفتاوى» 28- توم 51- بەتتىن 58- بەتكىچە يىغىنچاقلانغان.

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يان باسقان، جامائەتكە كىرمىگەنلەردىن يۈز ئۆرۈگەن، ئوتتۇراھالىلىقتىن ئاشۇرۇۋەتكەن ياكى سەل قارىغان بولسا، مانا بۇ ـــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەيىبلىگەن گۇرۇھۋازلىقتۇر. چۈنكى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ﷺ بىرلىشىشكە ۋە تەشكىللىنىشكە بۇيرۇپ، بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلىشىشتىن توسقان؛ ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىشكە بۇيرۇپ، گۇناھ ۋە زۇلۇمغا ياردەملىشىشتىن توسقان».[1]

يۇقىرىدىكى سۆزلەر ھەرگىزمۇ شەخسلەر ياكى جامائەتلەر ئارىسىدا ھېچقانداق بىر ئىختىلاپ بولماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. مىجەز ـ خاراكتېر، خۇسۇسىيەت، كۆزقاراش ۋە ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك مۇقەررەر ھالدا ئىختىلاپ مەۋجۇد بولىدۇ (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر). بىراق ھېچقانداق بىر ئىختىلاپ بۆلۈنۈپ كېتىشنى، بىر ـ بىرىدىن ۋاز كېچىشنى ۋە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى كېرەك.

سەلەف ـ سالىھلار نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ۋە قەلبلىرى بىرلەشكەچكە ئۆزئارا بۆلۈنۈپ كەتمىگەن. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىمىز، دىنىمىزنىڭ تارماق مەسىلىلىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولسىمۇ، ئاساسىي مەسىلىدە ئىختىلاپلاشمىغان ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە دائىرىسىدىكى كىشىلەردۇر. ئەمما ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە قارشى بىدئەتچى پىرقىلەرگە كەلسەك، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ئىختىلاپلىشىشىمىز ناھايىتى تەبئىي ۋە توغرا بولغان بىر ئىش بولۇپ، بۇنداق كىشىلەردىن ئايرىلىپ كېتىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ

---

[1] «مجموع الفتاوى» 11 ـ توم 92 ـ بەت.

بىدئەت ـ ئازغۇنلۇقلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىمىز لازىم.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ئۈممەت ئارىسىدا قىسمەن مەسىلىلەردە ئىختىلاپ بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىختىلاپ ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان. شەيتاننىڭ ياكى ئۇنىڭ ئىنسان ۋە جىندىن بولغان دوستلىرىنىڭ (سىڭىپ) كىرىپ، قەلبلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۇنىڭدىن سىرت ئىختىلاپى مەسىلىلەرنىڭ قايسىسىدا ئىختىلاپ قىلىش، قايسىسىدا ئىختىلاپ قىلماسلىقنى بىلەلمەسلىك نەتىجىسىدە شەرىئەتتە (مەۋجۇد بولۇش) ئېھتىماللىقى بولغان، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ئۇلاردىن كېيىنكى سەلەفلەر ۋە ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدە مەۋجۇد بولغان ئىختىلاپى مەسىلىلەر ئاداۋەتلىشىش ۋە بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**❖ توققۇزىنچى تۈرلۈك ئالامەت ـــ ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇش**

بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىدە ھازىرلىشى تولىمۇ تەس بولۇۋاتقان ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل خىسلەت ساغلام قەلبلىك ۋە سالىھ نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ سۈپەت تېپىلغان كىشىلەر مەيلى باشقىلار ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز ئەھۋالدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر قەلبىدە الله نى ئۇلۇغلىغان، ھەرقانداق ئەھۋالدا الله تىن قورققان، الله قا ئىتائەت قىلغان بەندىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

الله قا ئىخلاس قىلغۇچى ساغلام قەلب ئىگىسى ئادىل ۋە ھەققانىي بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە قىيىنچىلىقىنى ئۇنۇتمايدۇ، كەلگەن

خەۋەرلەرنى ئېنىقلايدۇ ۋە ئالدىراپ تارقاتمايدۇ، مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىگە قارىتا ھەققانىي بولىدۇ، قوش ئۆلچەم قوللانمايدۇ، ھەقىقەتنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ، ھەق قەيەردە بولسا ھەق بىلەن بىرگە بولىدۇ (يەنى ھەق تەرەپتارى بولۇپ ھېچكىمگە يان باسمايدۇ).

**قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى**

**بىرىنچى، تۈرلۈك خەۋەر ۋە تارقىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ قوبۇل قىلماسلىق**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا﴾ «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ»[1].

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: <بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بىلمەيدىغان نەرسەڭنى دېمە دېگەنلىكتۇر> دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. ئەۋفىي: <بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزۈڭ بىلمىگەن نەرسە بىلەن بىر كىشىنى قارىلىما دېگەنلىكتۇر> دېگەن. مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە: <بۇ ئايەتتىن يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ> دېگەن. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: <سەن كۆرمەي تۇرۇپ كۆردۈم، ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدىم، بىلمەي تۇرۇپ بىلدىم دېمە، چۈنكى الله تائالا

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل (ئىسرا) 36 ـ ئايەت.

بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرۇلۇق سەندىن ھېساب ئالىدۇ› دېگەن. بۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، الله تائالا بىلمەي تۇرۇپ ياكى گۇمان بىلەن سۆزلەشتىن توسقان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ﴾ ‹ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر›①».②

خەۋەر ۋە گەپ-سۆزلەرنى ئېنىقلاشتىن تۆۋەندىكىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ:

يەتكۈزۈلگەن خەۋەرنى ئېنىقلاش، چۈنكى خەۋەر بەزىدە يالغان ۋە ئويدۇرما بولۇپ قالىدۇ.

بەزىدە خەۋەر توغرا بولسىمۇ، لېكىن شۇ خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى تولۇق يەتكۈزمىگەن ياكى ئېلىشتۇرۇۋەتكەن بەزى ئېلىشتۇرمىلار بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئېلىشتۇرمىلار ئېنىقلانغاندىن كېيىن خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆزرىسى ئاشكارا بولىدۇ.

بەزىدە خەۋەر ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئۇ خەۋەر ھەقىقەتەن توغرا بولۇپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدا خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ھېچقانداق خاتالىقى بولمايدۇ، لېكىن ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئۇ خەۋەرنىڭ ئومۇمىي بىر ھالەت ياكى ئومۇمىي پروگراما خاراكتېرلىك ئەمەس، بەلكى كىچىك دائىرىدىكى خاس شارائىتقا ئالاقىدار خەۋەر ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. ئەگەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىنىڭ ئىلىم، دەۋەت ۋە جىھادقا بولغان ھىممىتى يۇقىرى

① سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «تفسير ابن كثير» 3- توم 39- بەت.

بولسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى خاتالىقىنى يۆگەپ كېتىشى مۇمكىن.

خەۋەر يەتكۈزگۈچىنىڭ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ سالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزى يەتكۈزگەن خەۋەر ۋە ھۆكۈملەرنى ئېنىقلىشى بولسا الله قا ئىخلاسمەن بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرىدىن سانىلىدىغان ئادىل بولۇشىنىڭ مۇھىم تەلىپىدۇر. الله تائالا ئىمام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) قا رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «الله بىلىپ سۆزلەشنى ۋە ئادىللىقنى ياخشى كۆرىدۇ، بىلمەي سۆزلەشنى ۋە زۇلۇمنى ئۆچ كۆرىدۇ».[1]

**ئىككىنچى، خاتالاشقۇچىلارنى تەنقىدلەشتە ئادىل بولۇش**

پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھەرقانداق ئىنسان خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كل بني آدم خطاء» «ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ».[2]

ئىش-پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتتا، بولۇپمۇ دەۋەت سورۇنلىرىدا، يېڭى ۋە ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن مەسىلىلەردە خاتالىقلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىشلار تېز قارار ئېلىش ۋە جىددىي بىر تەرەپ قىلىشقا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇ چاغدا شۇ سورۇندىكى دەۋەتچىلەر ۋە ئۇلارنى قوللىغان كىشىلەر ئەھۋالنى توغرا مۆلچەرلىشى، خاتالىقلارنى تەنقىدلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە سەلەف-سالىھلارنىڭ ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇشتىكى ئىش-ئىزلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلىشى لازىم.

كىشىلەر قەلبتىكى نەرسىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكى بويىچە

---

[1] «مجموع الفتاوى» 16- توم 96- بەت.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

خاتالىقفا، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرگە ۋە ئۇلارنى تەنقىدلەشكە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قارىتا ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر زۇلۇم قىلغان، بىر تۈرلۈك كىشىلەر ئادىل بولغان بولىدۇ.

- بىرىنچى تۈردىكى كىشىلەر، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر

بۇلار خاتالاشقۇچىلارنى ۋە خاتالىقلارنى تەنقىدلەشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. نەتىجىدە تارماق مەسىلىلەرنى ئاساسىي مەسىلە، ئاساسىي مەسىلىلەرنى تارماق مەسىلە دەپ قاراپ قېلىپ، ئاساسلىق زېھنىنى خاتالىقلارنى سۈرۈشتە قىلىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش ۋە شۇنىڭدىن خۇشال بولۇشقا قارىتىدۇ. مۇجاھىدلار ۋە ئىلىم ئالغۇچىلار خاتالىشىپ قالسا ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلماستىن زۇلۇم قىلىدۇ، ھەتتاكى ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىدىن گۇمانلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، تارتقان مۇسىبەتلىرىنى، جىھاد، دەۋەت، ئىلىم-مەرىپەت، ئىبادەت ۋە تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ.

بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقتىن يىراقلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس. شەئبى (رەھىمەھۇللاھ) شۇنداق كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن 99 قېتىم توغرا قىلىپ، بىر قېتىم خاتالىشىپ قالسام، ئۇلار 99 قېتىملىقنى قايرىپ قويۇپ، پەقەت شۇ بىر قېتىملىقنىلا ئېسىلىۋالىدۇ».[①]

ئەگەر بۇ تەنقىدچىلەر ئۆزى خاتالاشقان ۋاقىتتا ئۆزلىرىدىن ھېساب ئېلىپ: <مەن باشقىلارغا يولسىزلىق قىلغىنىمدەك، باشقىلارنىڭمۇ ماڭا يولسىزلىق قىلىشىنى ياخشى كۆرەرمىدىم؟> دەپ ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ

[①] «حلية الأولياء» 4- توم 320-، 321- بەتلەر.

باققان بولسا ئىدى، بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈشكە ھەمدە خاتالىق ۋە خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارنى تەنقىدلەشتىكى خاتا پرىنسىپىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەب بولغان بولاتتى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «خاتالىقى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىشلاردىمۇ خاتالاشماسلىق الله نىڭ تەقۋادار دوستلىرى بولۇشنىڭ شەرتى ئەمەس. شۇنداقلا، قەتئىي كىچىك گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىك، چوڭ گۇناھلارنى ۋە تەۋبە قىلسا كەچۈرۈلىدىغان كۇفرى ئەمەلنى سادىر قىلىپ قالماسلىق ھەم ئۇلارنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِي جَاءَ بِالصِّدْقِ وَصَدَّقَ بِهِ أُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ۞ لَهُمْ مَا يَشَاءُونَ عِنْدَ رَبِّهِمْ ذَلِكَ جَزَاءُ الْمُحْسِنِينَ۞ لِيُكَفِّرَ اللَّهُ عَنْهُمْ أَسْوَأَ الَّذِي عَمِلُوا وَيَجْزِيَهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ الَّذِي كَانُوا يَعْمَلُونَ۞﴾ «راست سۆز (يەنى قۇرئان) نى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر — ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر [33]. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەنە شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر [34]. الله ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇلارغا قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى بويىچە ساۋاب بېرىدۇ [35]>[①] . دېمەك، الله ئۇلارنى تەقۋادارلار دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، تەقۋادارلار الله نىڭ دوستلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە الله ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلغان. مانا بۇ — ئەھلى ئىلىم ۋە

[①] سۈرە زۇمەر 33ـ ئايەتتىن 35ـ ئايەتكىچە.

ئەقىدەشۇناس ئالىملار ئارىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىدۇر».[1]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، الله تىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[2].

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) يۇقىرىقى ئايەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ الله نىڭ يېقىن بەندىلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى، قارشىلىشىشى، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى يالغانغا چىقىرىشى ئېنىق تۇرۇپ، الله تائالا بەندىلىرىنى قەلبلىرىدىكى ئۆچمەنلىك تۈپەيلى دۈشمەنلىرىگە ئادىل مۇئامىلىدە بولماسلىقتىن چەكلىگەن يەردە، ئۇنداقتا ئۆزىنى ئىمانلىق دەپ قارايدىغان بىر كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نىسبەت بېرىلگەن، بەزىدە توغرا قىلىدىغان ۋە بەزىدە خاتالىشىپ قالىدىغان بىر جامائەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى يەنە قانداقمۇ ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىققا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئەزىيەت بېرىشكە سەۋەب بولسۇن؟ ئېھتىمال ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ الله قا، الله نىڭ رەسۇلىغا ۋە الله تەرەپتىن ئېلىپ كېلىنگەن ھەقىقەتلەرنى بىلىش ۋە

[1] «مجموع الفتاوى» 66- ۋە 67- بەت.
[2] سۈرە مائىدە 8- ئايەت.

ئەمەل قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، دەلىل ـ پاكىت ئارقىلىق الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشنى، الله يولىدا باشقىلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشنى، الله ئۈچۈن ھۆججەت تۇرغۇزۇشنى، قارشىلاشقۇچىلارغا قارىتا بىلىمسىزلىك ئۆزرىسى بېرىشنى بىلمەيدىغان كىشى بولۇشى مۇمكىن». [1]

كىشى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئادىل بولۇشىنى ياخشى كۆرگىنىدەك، باشقىلارمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرىنى ئەيىبلىگەن ۋاقىتتا ئادىل بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىسۋەر ئىبنى مەخرەمەنىڭ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنىڭ بەزى ئەيىبلىرىنى بايان قىلغاندا مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭغا قانداق رەددىيە قايتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ئەنە شۇ گۈزەل دىئالوگىنى خاتالىقلىرىمىزنى تۈزىتىۋېلىشىمىزغا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمەن.

[ئوقەيل بىلەن مەئمەر زۇھرىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە ئۆزىنىڭ مۇئاۋىيەگە ئەلچى بولۇپ بارغانلىقىنى ئۇرۋەگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇرۋە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە مۇئاۋىيەنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قاپتۇ. ئاندىن مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا:

ــ ئى مىسۋەر! سەن ئەمىرلەرگە نېمىدەپ تىل ئۇزاتتىڭ؟ ــ دېگەنىكەن، مىسۋەر:

ــ بولدى قىل! بىز بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى ــ دەپتۇ. مۇئاۋىيە:

ــ الله بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىز بولدى قىلمايمەن. سەن مېنى

[1] «بدائع التفسير» 2 ـ توم 105 ـ بەت.

ئەيىبلىگەن ئىشلىرىڭنى ئۆزۈڭ سۆزلەپ بېرىسەن ـــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىسۋەر ئۇنى ئەيىبلىگەن ئىشلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن مۇئاۋىيە مۇنداق دەپتۇ:

ـــ مەن گۇناھتىن خالىي ئەمەسمەن. بىز ئىگە بولغان ئومۇمنىڭ ئىشىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنى سەن ئەجرى ھەسسىلەپ كۆپەيتىلىدىغان ياخشىلىق دەپ قارىمامسەن؟ ياكى سەن گۇناھلارنىلا تىلغا ئېلىپ ياخشىلىقنى تىلغا ئالمامسەن؟

ـــ ئېغىزىڭدىن گۇناھ دېگەن سۆزنى چۈشۈرمەيدىكەنسەنغۇ؟

ـــ ئى مىسۋەر! ئەجىبا بىز ئۆتكۈزگەن ھەربىر گۇناھىمىزنى اللہ ئالدىدا ئېتىراپ قىلمامدۇق؟ ئەجىبا سېنىڭ مەغپىرەت قىلىنماي قالسا ھالاك بولۇپ كېتىشىڭدىن ئەنسىرەيدىغان بىرەر گۇناھىڭمۇ يوقمۇ؟

ـــ ئەلۋەتتە بار.

ـــ اللہ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ تۈزىتىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىم سېنىڭكىدىن كۆپ، مەن اللہ تىن سەندىنمۇ كۆپ مەغپىرەت تىلەشكە موھتاجمەن. لېكىن، اللہ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن ئىككى ئىشتىن بىرىنى، يەنى اللہ بىلەن باشقا نەرسىدىن بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلسەم، ئەلۋەتتە ھەممىدىن ۋاز كېچىپ اللہ نىلا تاللايمەن. مەن ھەقىقەتەن قوبۇل قىلىنغان ئەمەللەرگە قارىتا ياخشى مۇكاپات بېرىلىدىغان، اللہ ئەپۇ قىلمىغان گۇناھلارغا قارىتا جازالىنىدىغان ھەق دىننىڭ ئۈستىدىمەن».

مىسۋەر مۇنداق دېگەن: «ئۇ مېنى يېڭىۋالدى». ئۇرۋە مۇنداق دېگەن: «مەن شۇنىڭدىن كېيىن مىسۋەرنىڭ ھەرقېتىم مۇئاۋىيەنى تىلغا ئالغاندا

ئۇنىڭغا رەھمەت تىلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم»].[1]

• ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەر، سەل قارىغۇچىلار

بۇلار ھەقنى قوبۇل قىلىش ۋە باتىلنى رەت قىلىشقا سەل قارىغان، «بىز ئەگىشىۋاتقان كىشىلەر خاتالىقتىن پاك» دەپ قاراپ، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىغا كۆز يۇمۇشتا چەكتىن ئاشقان كىشىلەردۇر.

شۇڭا سىز ئۇلاردىن بىرەرسىگە يېتەكچىسى ياكى ئۇستازىنىڭ بەزى تەرەپتە خاتالاشقانلىقىنى ئېيتسىڭىز، ئۇنىڭ بىئارامىلىق ھېس قىلىپ كۆڭلى غەش بولغانلىقىنى كۆرىسىز. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇستازىنىڭ خاتالىقىغا كۆز يۇمىدۇ، ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇستازىنى ئىنتايىن ئاجىز ۋە ساختا پاكىتلار بىلەن ئاقلاپ، ئۇستازىنىڭ سۆزى ياكى ھەرىكىتىنى توغرىغا چىقىرىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ئىسلام رەھبەرلىرىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى تۈردىكى كىشىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام رەھبەرلىرى پەزىلەتلىك، ئىلىملىك، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا سەمىمىي ـ ساداقەتمەن كىشىلەر دەپلا ئۇلارنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن ھەقنى تولۇق چۈشەنمەستىن ئىجتىھاد قىلىپ بەرگەن خاتا پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلىۋېرىشكە بولمايدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى رەت قىلىشقا، ئۇلارنى كەمسىتىشكە ۋە نەزەردىن ساقىت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

[1] «سيرة أعلام النبلاء» 3 ـ توم 150 ـ بەت.

دېمەك، بۇ ئىككى تۈردىكى كىشىلەر (يەنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن سەل قارىغۇچىلار) ئەسلى كۆزلەنگەن نىشاندىن چەتنەپ كەتكەنلەر بولۇپ، توغرا يول دەل مۇشۇ ئىككى تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىدا قېلىپ قالغان. شۇڭا بىز ئۇ رەھبەرلەرنى گۇناھكار بولۇپ كەتتى دەپ قارىمايمىز، گۇناھتىن پاك دەپمۇ قارىمايمىز. رەھبەرلەرگە رافىزىيلارنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغىنىدەك ۋە ئىككى خەلىپە (ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار)غا قىلغىنىدەكمۇ مۇئامىلە قىلمايمىز».[1]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ھەرەۋى رەھىمەھۇللاھقا بەرگەن رەددىيەسىدە مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن باشقا ھېچبىر ئىنسان گۇناھتىن خالىي بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان خاتالىقلىرى ئۇلارنىڭ راستچىللىقى، توغرا مۇئامىلىسى، كۆچلۈك ئىخلاسى ھەمدە ساپ تەۋھىد بىلەن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك مەغپىرەت قىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ خاتالىقلار مۇنداق ئىككى تۈردىكى كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدى:

1. ئۆزلىرى ئەيىبلىگەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشتىن مەھرۇم قالغۇچىلار. بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئىسلام رەھبەرلىرىنىڭ خاتالىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلمىدى، ئۇلارنى كۈچلۈك ئىنكار قىلدى ۋە ئۇلاردىن پەقەت ياخشى گۇمان قىلمىدى. مانا بۇ چەكتىن ئاشقانلىقتۇر. ناۋادا خاتالىق ياكى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق كىشى پۈتۈنلەي رەت قىلىنىدىغان، ياخشىلىقى قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان بولسا ئىدى،

[1] «إعلام الموقعين» 3 ـ توم 358 ـ بەت.

ئەلۋەتتە ئىلىم ئېلىش ۋە ھۈنەر-كەسىپ ئىگىلەش يوللىرى ۋە ھېكمەتلىرى بۇزۇلغان ھەمدە پۈتۈنلەي بىكار بولغان بولاتتى.

2. باشقىلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكى، قەلبىنىڭ سۈزۈكلۈكى، ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە مۇئامىلىلىرىنىڭ ياخشىلىقىنىلا كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغۇچىلار. بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئىسلام رەھبەرلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرىنى كۆرمەسكە سالدى، پۈتۈن ھۆكمىنى قوبۇل قىلدى ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى، ئۇلار كۆرسەتكەن يوللارنىڭ ھەممىسىدە قارىقويۇق مېڭىشنى تاللىدى. ئەمەلىيەتتە بۇلارمۇ چەكتىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى».[①]

• ئۇچىنچى، ئادالەتپەرۋەر ۋە ھەققانىي كىشىلەر

بۇلار — ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلغان؛ ھەربىر كىشىنى ئۆز ئورنىغا قويغان؛ كېسەلنى ساق، ساقنى كېسەل دەپ ھۆكۈم قىلماستىن بەلكى قوبۇل قىلىدىغاننى قوبۇل قىلىپ، رەت قىلىدىغاننى رەت قىلغان كىشىلەردۇر.

## ئادىل ۋە ھەققانىي كىشىلەرگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە

بۇلار ساغلام قەلب ئىگىلىرى بولۇپ، يۇقىرىدا ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ئۇلارنى ئۈچىنچى تۈردىكى كىشىلەر دەپ تىلغا ئالغان ۋە ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇلار ئادالەتپەرۋەر ۋە ھەققانىي كىشىلەر بولۇپ، بۇلار — ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلغان؛ ھەربىر كىشىنى ئۆز ئورنىغا قويغان؛ كېسەلنى ساق، ساقنى كېسەل دەپ

[①] «مدارج السالكين» 2- توم 220- بەتتىن 224- بەتكىچە قىسقارتىپ ئېلىنغان.

هۆكۈم قىلماستىن، بەلكى قوبۇل قىلىدىغاننى قوبۇل قىلىپ، رەت قىلىدىغاننى رەت قىلغان كىشىلەردۇر». [①]

ئۇلار خاتالىق سادىر قىلغان كىشىنىڭ خاتالىقلىرىنىلا گەۋدىلەندۈرۈپ ھەق ـ ھوقۇقىغا رىئايە قىلمايدىغان، ياخشىلىقلىرىنى يوققا چىقىرىپ نىيەتلىرىگە تۆھمەت قىلىدىغان چەكتىن ئاشقۇچىلارنىڭ خاتالىقىنى سادىر قىلماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىدۇ؛ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىنى ئۇنۇتمايدۇ، خاتالىقلىرىنى چوڭايتىۋەتمەيدۇ، ياخشىلىقلىرى بىلەن يامان ئەمەللىرىنى ئايرىپ قاراپ، ئوتتۇراھال مۇئامىلە قىلىدۇ؛ كىشىلەرنى سۆز ياكى ھەرىكەتتە خاتالىقتىن پاك دەپ قارىمايدۇ ھەمدە مۇقەددەس بىلمەيدۇ؛ خاتالاشقۇچىلارغا ئۇلار خاتالىق سادىر قىلىشتىن پاك ئەمەس دېگەن نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ؛ ئۇستازلىرىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى سەۋەبلىك، ئۇستازلىرى دېگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىگىلا قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىغا كۆز يۇممايدۇ.

**سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى يول تۇتقۇچىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشىدىن پارلاق ئۆرنەكلەر**

- بىرىنچى ئۆرنەك

ئابدۇراھمان ئىبنى شۇماسە مۇنداق دېگەن: «مەن بىر مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ:

ــ سەن كىم؟ ــ دەپ سورىغانىدى، مەن:

[①] «مدارج السالكين» 2 ـ توم 220 ـ بەتتىن 224 ـ بەتكىچە قىسقارتىپ ئېلىنغان.

ـــ مىسىرلىق بىر ئادەممەن، ـــ دېدىم. ئۇ:

ـــ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار (يەنى ئەمىر ئىبنى ئاس) بۇ قېتىمقى غازىتىڭلاردا سىلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ بىز ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يامانلىق كۆرمىدۇق. ئەگەر بىرەرىمىزنىڭ تۆگىسى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭغا تۆگە بەردى، قۇلى ئۆلۈپ كەتسە قۇل بەردى، خىراجەتكە ئېھتىياجى بولۇپ قالسا خىراجەت بەردى، ـــ دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـــ ئەمىر ئىبنى ئاس گەرچە قېرىندىشىم (مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى) نى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغانلىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «اللّهم من ولي من أمر أمتي شيئا فرفق بهم فارفق به، ومن شق عليهم فاشقق عليه» ‹ئى الله ! بىرەر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا سىلىق-سىپايە بولغان بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا سىلىق-سىپايە بولغايسەن؛ بىرەر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مۇشەققەتچىلىك تۇغدۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇشەققەتچىلىك تۇغدۇرغايسەن›[1]».[2]

- ئىككىنچى ئۆرنەك

يۇنۇس سەدەفى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ)تىنمۇ زېرەك ھېچبىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىر كۈنى بىر مەسىلىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. ئاندىن بىز ئايرىلىپ كەتتۇق. كېيىن ئۇ مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «نزهة الفضلاء» 1- توم 327- بەت.

‹بىر مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلمىسەكمۇ يەنىلا قېرىنداشلارچە ئۆتسەك بولىدىغۇ؟› دېدى».[1]

• ئۈچىنچى ئۆرنەك

ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ) يۇنۇس ئىبنى ئابدۇلئەئلاغا مۇنداق دېگەن: «ئى يۇنۇس! دوستۇڭنىڭ ئۆزۈڭ ئۆچ كۆرىدىغان بىر يامانلىقىنى ئاڭلىساڭ، ئالدىراپ ئۇنىڭغا ئاداۋەت قىلىشتىن، دوستلۇق رىشتىسىنى ئۈزۈۋېتىشتىن، شۇنداقلا كىچىككىنە گۇمان سەۋەبلىك ئاراڭلاردىكى ئىشەنچنى يوقىتىشتىن ساقلانغىن. لېكىن، سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ‹سەن توغرىسىدا مۇنداق ـ مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىدىم› دېگىن، ئەمما يەتكۈزگۈچىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغىن. ئەگەر ئۇ ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭغا: ‹سەن راستچىل ياخشى كىشى، ئېيتقانلىرىڭدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيمەن› دېگىن؛ ئەگەر ئۇ ئېتىراپ قىلسا ھەمدە ئۇ ئىشتا بىرەر ئۆزرىسى بار بولسا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغىن؛ ئۆزرىسى بولمىسا، ئۇنىڭغا: ‹سەن توغرىسىدا ئاڭلىغان ئىشلارغا نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم؟›، دېگىن، شۇنىڭدىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر ئۆزرىسىنى ئېيتسا، يەنىلا ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغىن؛ ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىرەر ئۆزرىسى بار دەپ قارىمىساڭ ۋە بۇ ئىشتا قىيىنىلىپ قالساڭ، ئۇنىڭدا شۇ يامانلىقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىن.

ۋەھالەنكى، سەن ئۇنىڭ يامانلىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ئىختىيارلىقتا ئىكەنسەن. خالىساڭ ئاشۇرۇۋەتمەستىن شۇنىڭغا ئوخشاش جازالىغىن، خالىساڭ ئەپۇ قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ئەپۇ قىلىش

[1] «سيرة أعلام النبلاء» 10 ـ توم 16 ـ بەت.

تەقۋادارلىقتا ئەڭ يېقىندۇر ھەمدە يۈكسەك پەللىدىكى مەردلىكتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِثْلُهَا فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾ <بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ<①.

ئەگەر كۆڭلۈڭ ئۇنى جازالاشقا تارتسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى ساڭا قىلغان ياخشىلىقى ۋە ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىڭ ھەققىدە ئويلانغىن. ئاندىن بۇ يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا ئالدىرىغىن ۋە بۇ يامانلىق سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ياخشىلىقلىرىغا كۆز يۇمىغىن. چۈنكى، بۇ ئوپئوچۇق زۇلۇمدۇر. ئى يۇنۇس! ئۇنى دوستۇم دەپ قارىساڭ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقىن. چۈنكى، دوستلاشماق قىيىن، ئايرىلماق ئاساندۇر».②

- تۆتىنچى ئۆرنەك

ئىمام زەھەبى مۇھەممەد ئىبنى نەسىر مەرۋەزىينىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق دېگەن: «ھەرقاچان بىرەر ئالىم بەزى مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىنىدىغان بىرەر خاتالىقنى سادىر قىلىپ قالسا بىز ئۇنىڭغا قارشى تۇردۇق، ئۇنى بىدئەتچىگە چىقىرىپ ئارىمىزغا ئالمىدۇق. مەيلى ئىبنى نەسىر بولسۇن ياكى ئىبنى مۇنەددەھ بولسۇن ۋە ياكى ئۇ

① سۈرە شۇرا 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «صفة الصفوة» 2 - توم 252- ۋە 253- بەتلەر.

ئىككىنچىسىدىنمۇ بۈيۈك ئالىملار بولسۇن، ھېچكىم بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. الله ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنى ھەقىقەتكە يېتەكلىگۈچىدۇر ۋە ئەڭ مېھرىبان زاتتۇر. نەپسى ـ خاھىشىمىزغا بېرىلىپ قالغانلىقىمىزدىن ۋە قوپاللىق قىلىپ سالغانلىقىمىزدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز». [1]

- بەشىنچى ئۆرنەك

ئىمام زەھەبى قەتادە (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق دېگەن: «قەتادە ئاڭلىغان نەرسىنى بايان قىلىشتا ئىجمانى دەلىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇدەللىس [2] ئىكەنلىكى ھەممىگە مەشھۇر. ئۇ قەدەرىيەچى ئىدى، الله تىن ئۇنى ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز. شۇنداقتىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ ساداقىتى، ئادالىتى ۋە يادقا ئېلىش قۇۋۋىتى ھەققىدە توختىلىپ باقمىدى. ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن الله نى ئۇلۇغلاش ۋە پاكلاشنى نىيەت قىلىپ بىدئەتكە ئارىلىشىپ قالغان بۇنداق كىشىلەرگە الله نىڭ كەڭچىلىك قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، الله ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر ۋە قىلغىنىدىن سورالمايدىغان زاتتۇر. ئىلىملىك، ھەق ئۈچۈن ئىزدەنگەن، كۆپ ھاللاردا توغرىنى تاپقان، سالىھ، تەقۋادار ۋە ھەقىقەتكە ئەگەشكەن كاتتا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ خاتالىشىپ قالغان تەرەپلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بىز ئۇ كىشىنى ئازغۇنغا چىقىرىۋەتمەيمىز، نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز ھەمدە ئۇنىڭ قىلغان ياخشى خىزمەتلىرىنى ئۇنۇتمايمىز. شۇنداقلا، ئۇنىڭ بىدئىتى ۋە

[1] «نزهة الفضلاء» 1127 ـ بەت.

[2] مۇدەللىس: ئۆزى بىۋاسىتە ئاڭلىمىغان ھەدىس ياكى ئەسەرنى بىۋاسىتە ئاڭلىغاندەك نەقىل قىلغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

خاتالىقىغا ئەگەشمەيمىز، بەلكى تەۋبە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز».[1]

- ئالتىنچى ئۆرنەك

شەيخ ھەمدى ئىبنى ئەتىيقنىڭ يېقىن دوستى ھەسەنخان (رەھىمەھۇللاھ)قا يازغان خېتىدە ئادىللىق، ھەققانىيلىق، ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قالغان ئىلىم ئەھلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەل ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ ئېسىل ئۆرنىكى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئەسلىدە بۇ ئۇزۇن بىر رىسالە ئىدى، مەن بۇ يەردە پەقەت تۆۋەندىكى بۆلىكىنىلا تاللاپ ئالدىم:

[ھەمدى ئىبنى ئەتىيقتىن مۆھتەرەم ئىمام، ئېسىل باشلامچى (الله ئۇنىڭ بۇ سۈپەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بەرسۇن ۋە ئۇنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىسۇن!) مۇھەممەد سىددىقىقا:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ!

مەقسەتكە كەلسەك، مەن بۇ خەتنى سالام يوللاش، خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىش ۋە ھۆرمەت ئىپادىلەش ئۈچۈن يازدىم. الله سىز ئارقىلىق ئىسلام ئاساسلىرىنى مۇستەھكەملىسۇن، سۈننەت ۋە ئەھكاملارنى تارقاتسۇن ھەمدە سىزنى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە مۇيەسسەر قىلسۇن!

شۇنى بىلىڭكى، بۇگۈنكىدەك غېرىبسىنغان، قېرىنداشلار ئاز، بىدئەتچى ۋە ئازغۇن كىشىلەر كۆپ بولغان بىر زاماندا راستچىل، توغرا چۈشەنچىلىك ۋە توغرا يولدىكى قېرىنداشىمىز سىددىقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ بەكمۇ خۇشاللاندۇق ۋە كۆپ خۇرسەن بولدۇق. بۇ پەسىللەردە بىز مانا بۇ يېزىلغان كىتابلار ۋە تەھقىقلانغان ھەدىسلەرنى

[1] «سيرة أعلام النبلاء» 5- توم 271- بەت.

كۆرۈش نىئمىتىگە ئېرىشكەنلىكىمىزدىن چەكسىز خۇرسەن بولدۇق، شۇنداقلا اللە نىڭ بىز ۋە باشقىلارغا ئاتا قىلغان ئۇشبۇ پەزلى ـ ئېھسانى ئۈچۈن ئۇلۇغ رەببىمىزگە ھەمدە ئېيتتۇق.

مېنىڭ ئىلىمگە ئاشىق، ئىلىم ئوقۇشقا ھەمدە ئۆزىنىڭ چاڭقاق دىلىنى سىلەرنىڭ سۆزۈك ئىلىم بۇلىقىڭلاردىكى ئىلىم شەربىتى بىلەن قاندۇرۇشقا تەشنا بولۇۋاتقان بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇ سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قوشۇلۇشنى ۋە سىلەردىن ئىلىم ئېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. دىيارىمىزدا ئىلىم يوقۇلۇپ، ئىلىمسىزلىك يامراۋاتقان ۋە نەپسى ـ خاھىش قاتتىق ئەۋج ئېلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئۇشبۇ تەپسىر مۇكەممەل ھالەتتە بىزگە يېتىپ كەلدى.

بىز بۇ تەپسىرنى كۆرگەندىن كېيىن بەكمۇ ھەيران قالدۇق، چۈنكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن تەپسىرلەر بۇرمىلانغان، ھەقتىن چەتنىگەن، ئايەتلەر ئەسلى مەنىلىرىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، باتىل مەزھەبلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تەپسىر قىلىنغان، ھەدىسلەرمۇ ھەم شۇنداق قىلىنغانلىقتىن، بۇگۈنكى بۇ دەۋردە بۇنىڭدەك تەپسىرلەرنىڭ بارلىقىنى كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدۇق.

بۇ تەپسىرگە قارىغىنىمىزدا ئۇنى تۈزگۈچىنىڭ نىيىتى دۇرۇس، ئېتىقادى ساغلام، ھۆرمەتكە سازاۋەر سەلەف ئالىملىرىنىڭ مەزھىبىدىن باشقىسىنى مەقسەت قىلمىغانلىقى بىزگە ئايان بولدى. بۇ تەپسىرنىڭ يېزىلىشىنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿وَعَلَّمْنَاهُ مِنْ لَدُنَّا عِلْمًا﴾ «بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى غەيىب ئىلمىنى) بىز بىلدۇرگەن»[1] دېگەن سۆزىگە

[1] سۇرە كەھف 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆيغۇنلاشقانلىقىنى بىلدۈق.

ئالەملەرنىڭ رەببى اللە قا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان رەۋىشتە چەكسىز ۋە پاك مەدھىيىلەر بولسۇن! بۇ اللە نىڭ خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلغان پەزلىدۇر، اللە ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر. ئىلىم شەيدالىرىنىڭ ئىلىم ئېلىش ئىشتىياقى كۈچىيىپ، قىزىقىشى ھەسسىلەپ ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۇ يولدىكى قىيىنچىلىقلار كۆپىيىپ، توسالغۇلارمۇ زورايدى. اللە ھەممىگە قادىر زاتتۇر، ئىنساننىڭ نىيىتى خالىشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت اللە نىڭ خالىغىنىلا بولىدۇ. يۇرتلارنىڭ بىر-بىرىدىن يىراق ۋە يوللارنىڭ ئۇزۇن بولۇشىمۇ ئەنە شۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، تۇرۇۋاتقان ئورنىمىز يەمامەنىڭ چەت تەرىپىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللار خەتەرلىك، قاراقچىلار كۆپ. ئوغرىلارنىڭ ماللارنى بۇلاپ، قان تۆكۈپ، كىشىلەرنى قورقۇتۇشى ھەمدە بۇ يولدا بىدئەتچى-ئازغۇنلار، جۈملىدىن مۇئتەزىلىلەردىن باشقا رافىزىي مۇشرىكلىرى، جەھمىيەلەر قاتارلىق اللە نىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بولۇشىمۇ بۇ يولدىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ قاتارىدىندۇر. اللە ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! اللە تىن سورايمىزكى ﴿رَبَّنَا آتِنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَدًا﴾ «ئى رەببىمىز، بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن!»[1].

شۇنداقتىمۇ، اللە نىڭ بۇ دىنغا ياردەم بېرىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىپ بېرىشىنى، بىزنى شۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ، توسالغۇلارنى يوقىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەمدە

[1] سۈرە كەھف 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللە تىن شۇنى بىزگە ئىنئام قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. اللە ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشقا قادىر زاتتۇر.

بىزدە ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ «الكافية الشافية في الانتصار للفرقة الناجية» ناملىق قەسىدە نونىيەسى[1] بار ئىدى. گەرچە بىز شۇنچە تىرىشقان بولساقمۇ، لېكىن چۈشەنچىمىزنىڭ تېيىزلىقى ۋە ئىلمىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى ئۇنى چۈشىنىشكە ئاجىز كېلىپ قالدۇق. ئۇنىڭ شەرھلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئورۇنلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن بىرەر كىشىنىڭ ئۇنى شەرھلەش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق.

اللە نىڭ سىزگە تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى ۋە مول بىلىم ئاتا قىلغانلىقىنى ھەمدە سىزنىڭ ئىلىم ۋاستىلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگىنىمىزدە، سىزنى ھەقىقەتەن شۇنىڭغا (يەنى شۇ كىتابنى شەرھلەشكە) خوپ كۆردۇق. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز كاتتا ئەجىرگە ئېرىشكەن بولاتتىڭىز، اللە خالىسا سىزگە ئەجىر يېتىپ تۇراتتى. ئۇنى شەرھلىگەندە ئۇنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلىڭ ۋە نىيىتىڭىزنى خالىس قىلىڭ. ئەنە شۇنىڭدا بارلىق بىدئەتچىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان بولىسىز، چۈنكى ئۇ رىسالە ھەرقانداق بىدئەتكە رەددىيە بېرىدۇ.

ئاشۇ قەسىدە نونىيەنى شەرھلەش ۋە شۇ ئارقىلىق بارلىق بىدئەتچىلەرگە قارشى ياردەم سوراش ئۈچۈن سىزگە ئۇشبۇ خەتنى ئەۋەتتىم. چۈنكى، سىزدەك غۇربەتچىلىكتىكى شەھەردە ۋە مۇشۇنداق كۆلپەتلىك

[1] ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى قەسىدىنىڭ بىر خىل ئۇسلۇبى بولۇپ، ھەممە مىسراسىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى «ن» ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ يېزىلىدىغان قەسىدىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يىللاردا ياشىغانلار بۇنىڭغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىقتۇر. ئەگەر سىز بۇنىڭغا (يەنى رىسالىنى شەرھلەشكە) قىزىقسىڭىز، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ «العقل والنقل والتسعينية»، ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ «الصواعق المرسلة على الجهمية والمعطلة»، «الجيوش الإسلامية» قاتارلىق قەلبىڭىزگە شىپا بولىدىغان، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى كىتابلارنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يەنە بىر مۇھىم مەقسىتىم شۇكى، مەزكۇر تەپسىر بىزگە ھىجرىيە 1297 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، مەنمۇ شۇ يىلى شەۋۋال ئېيىدىلا ئۇنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ ئاي كىشىلەر ھەج تەييارلىقى قىلىدىغان ۋاقىت بولغاچقا ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنىڭدا تەھقىقلاشقا تېگىشلىك بولغان كۆپ ئورۇنلارنى بايقىدىم ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم:

بىرىنچى، تەپسىر تاماملانغاندىن كېيىن سىلەرنى ئۇنى ئىنچىكە تەكشۈرمىگەنمىكىن دەپ ئويلىدىم. كىتاب يازغۇچىلار كۆپ ھاللاردا كىتابنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ، توغرا بولغانلىقىغا قەلبى قانائەت تاپقانغا قەدەر كىتابنى بىرنەچچە يىل قولىدا ئېلىپ قالاتتى، ئاندىن ئاشكارىلاپ قايتا باساتتى، خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ، توغرىسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، جۈملىلەرنى تۈزىتەتتى. ئېھتىمال سىز شۇنداق قىلىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا ھەمراھلىرىڭىز كىتابنى چىقىرىشقا ئالدىرىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، بۇ تەپسىردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، سىز بىر قىسىم ئىلمىي كالامچىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ بەزى

جۈملىلىرىنىڭ ئەسلى تېكىستىنى، يەنە بەزى جۈملىلىرىنىڭ مەنىسىنى ئاپسىز، لېكىن شۇنداقتىمۇ شۇ جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرمىگەندەك قىلىسىز. ئۇلارنىڭ پەردازلانغان ۋە توغرىلىغىلى بولمايدىغان سۆز-جۈملىلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالغاندەك قىلىسىز.

ئەمما، بىز شۇنداق ئويلايمىزكى، سىز پەقەت سالىھ نىيەت، ھەقنى بايان قىلىش، راستچىللىق ۋە ئادىللىقنى ئىزدەپلا شۇ خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھالبۇكى، تەپسىر ۋە باشقا تۈردىكى كىتابلارنى تۈزگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەردىن سادىر بولغان خاتالىقلارغا سېلىشتۇرغاندا سىزدە كۆرۈلگەن بۇ خاتالىقلار يەنىلا نىسبەتەن ئاز. ئەگەر ئەھلى سۈننەتنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ئىنساپلىق بىر كىشى نۇرغۇن تەپسىر ۋە ھەدىسنىڭ شەرھلىرىگە قارىسىلا، بۇ خاتالىقنىڭ شۇ كىتابلاردىكى خاتالىقلاردىن بەكمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

سىلەر بۇ تەپسىردە ئاز بولمىغان ئورۇنلاردا تەئۋىلچىلەرنىڭ يولىغا كىرىپ قالغان بولساڭلارمۇ، ئەمما بىزگە يېتىپ كەلگەن قىسقىغىنە بىر پارچە رىسالەڭلەردە تەئۋىلنى ئەيىبلىگەن ئىكەنسىلەر. بۇنىڭغا ئاساسەن، تەپسىردە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنىڭ  مەقسەتسىز سادىر بولغانلىقى، ئۇ خاتالىقلارنىڭ ئاشۇ ئىنتايىن ئاز خاتالىقنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بۇ تەپسىردە تەئۋىلچىلەرگە قارشى يول تۇتقانلىقىڭلار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

گەرچە مەن سىزگە نەسىھەت قىلىشقا ۋە ئەسلىتىشكە لايىق بولمىساممۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئەسلىتىشنى قوبۇل

قىلىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەخلاقى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىزنى نەسىھەت ۋە تەكلىپلىرىمگە قۇلاق سالىدۇ دەپ ئويلىدىم. شۇنداقلا، قىسمەن سورۇنداشلىرىڭىزدىن سىزنىڭ ئىلمىلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا قىزىقىدىغانلىقىڭىز ۋە ئامراقلىقىڭىز، ئۆزىڭىزدىن تۆۋەن كىشىلەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن ئىلىم ئالىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن، سىزنى نەسىھىتىمنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئىشىنىپ سىزگە نەسىھەت قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم. مەن بۇ نەسىھىتىمنىڭ ھەققە مۇۋاپىقلىشىشىنىڭ سەۋەبچىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. الله سىزنى شۇلاردىن، بەلكى شۇلاردىنمۇ ياخشى كىشىلەردىن قىلسۇن!

الله تىن بىزنى مۇۋەھھىدلەرنىڭ ئىزباسارى قىلىشىنى ھەمدە ئۆز پەزلى ـ كەرەمى بىلەن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە قاتارىدا ھەشىر قىلىشىنى سورايمىز. الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا سەمىمىي بولۇشنى، مەنپەئەتلىك ئىلىم يوقۇلۇپ ئۇنىڭ پەقەت شەكلى قېلىپ قالغان بۇ دەۋردە الله نىڭ سىز سەۋەبلىك ئىلىمدىن مەنپەئەتلەندۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ سىزگە بۇ سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم. جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن.

مەن سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىزنى ئوقۇغىنىمدا ئۇنىڭدا سىز تۈزگەن بىر قىسىم كىتابلار تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇچراتتىم. مەن بۇ يەردە گويا «ئۆزلىرى بەگ، ئۆزلىرى خان، خالىغانلىرىنى قىلسىلا» دېيىلگەندەك بىر زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ قالدىم. مەن تۇرۇۋاتقان شەھەردە كىتابلار بەك ئاز، شۇڭا سىزدىن «بلوغ السؤول من أقضية الرسول»، «الروضة الندية شرح الدرر البهية» ۋە «نيل المرام شرح ايات الأحكام»

قاتارلىق كىتابلارنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن. بىز بۇ كىتابلارغا تولىمۇ ئېھتىياجلىقمىز، سالىھ ئەمەللىرىڭىز ئارقىلىق قېرىنداشلىرىڭىزغا مۇھەببەتلىك قولىڭىزنى سۇنۇپ، ئۇ كىتابلارنى بىزگە ئەۋەتىپ بەرسىڭىز الله سىزگە ئەجىر بەرگۈسى. ئۇنى بىزگە مەككە مۇكەررەمدە تۇرۇشلۇق ئەھمەد ئىبنى ئىيسانىڭ قولى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز بولىدۇ. ئادرېسىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ ماڭا خەت يېزىڭ. ئېھتىمال بىرەر كىشى سىلەردىن بۇ ئىلىمنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرسە ۋە سىز سەۋەبلىك ئۇ ئىلىمنى ئۆزلەشتۈرۈۋالسا ئەجەب ئەمەس. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ شان ـ شەرىپىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشكە تىرىشىڭ، الله تىن ئۇنى سىزگە رىزىق قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز.

يېشىم يەتمىشكە بېرىپ قالغان، ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشىدە جان تالىشىپ ئۆلۈمنىڭ مېنى تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈۋاتقان كىشىمەن. مېنىڭ سەككىز پەرزەنتىم بار بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈچى ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ. چوڭىنىڭ ئىسمى سەئىد، ئىككىنچىسى ئابدۇلئەزىز، ئۈچىنچىسى ئابدۇللەتىپ. ئۇلارنىڭ ئىلىملىك كىشىلەردىن بولۇشىنى، ئىلىم ئاسمىنىدا شەرەپ قۇچۇشىنى، ئىلىم ۋارىسلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قالغانلىرىنىڭ يېشى تېخى كىچىك بولۇپ، بەزىسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

﴿رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾ «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا

دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن»①. ﴿رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُسْلِمَةً لَكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن»②.

سالىھ دۇئالىرىڭىزدا بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىز. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ!

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!]. ③

**❖ئونىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ راست سۆزلەش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ۋەدىسىدە تۇرۇش ۋە جىدەللەشكەندە الله تىن قورقۇش**

بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلبنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۈندەيدىغان خىسلەتلەردۇر، چۈنكى بۇ خىسلەتلەرنىڭ ئەكسى بولسا قەلبلىرى بۇزۇق مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ خىسلەتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «أربع من كن فيه كان منافقا خالصا، ومن كانت فيه خلة منهن كانت فيه خلة من نفاق حتى يدعها: إذا حدث كذب، وإذا عاهد غدر، وإذا وعد أخلف، وإذا خاصم

① سۈرە فۇرقان 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە بەقەرە 128 ـ ئايەت.
③ شەيخ ئەتىيقنىڭ شەيخ سىددىق ھەسەنخانغا ئۇنىڭ تەپسىرىدىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن يازغان رىسالىسى.

فجر» «تۆت خىل سۈپەت بار بولۇپ، قانداق بىر ئادەمدە مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلسا، ھەقىقىي مۇناپىق بولىدۇ. بىرى تېپىلسا، تاكى ئۇنى تاشلىمىغۇچە ئۇ كىشىدە مۇناپىقلىقنىڭ بىر سۈپىتى بولغان بولىدۇ. ① يالغان سۆزلەش؛ ② ئەھدىسىنى بۇزۇش؛ ③ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش؛ ④ جېدەللەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇش» .[1] ئۇلارغا ئۇچراشقاندا بىر خىل، بۇلارغا ئۇچراشقاندا يەنە بىر خىل بولىدىغان ئىككى يۈزلىمە كىشىلەرمۇ بۇنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ.

ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىچىك نىفاقنىڭ ھەممىسى قەلب بىلەن ئەمەلنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: <تىلى بىلەن دىلى، نىيىتى بىلەن ئەمىلى، ئىچى بىلەن سىرتى ئوخشاش بولماسلىق ــ مۇناپىقلىقنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر>» .[2]

### ❖ئون بىرىنچى تۈرلۈك ئالامەت الله قا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىش

بۇ بولسا الله تىنلا ئۈمىد كۈتۈش، الله نىڭ ياردىمى بولمىسا چارە- تەدبىرلەرنىڭ ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، الله قا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن شەرىئەتتە بۇيرۇلغان سەۋەبلەرنى ھازىرلاش، سەۋەبلەرگە تايانماستىن شۇ سەۋەبلەرنى ياراتقان ھەمدە ئۇنى سەۋەب قىلىپ بېكىتكەن الله قىلا تايىنىشتۇر.

مانا بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ساغلام قەلب ئىگىسىنى خاتىرجەم قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قەلبىدىن يارىتىلغۇچىدىن قورقۇشنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى،

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «جامع العلوم والحكم» 1- توم 433- بەت.

ئۇ كىشى هۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەندۇر: ﴿إِنِّي تَوَكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ رَبِّي وَرَبِّكُمْ مَا مِنْ دَابَّةٍ إِلَّا هُوَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا إِنَّ رَبِّي عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله قا مەن تەۋەككۇل قىلدىم، الله نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ، ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ)»[1].

**❖ئون ئىككىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ الله نى كۆپ ئەسلەش ۋە كۆپ ئىستىغپار ئېيتىش**

بۇ بولسا بەندىنىڭ ئۆز رەببىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى، ياخشى كۆرگۈچىنى كۆپ ئەسلەش ۋە ئۇنى ئېسىدىن چىقارماسلىق ھەقىقىي چىن مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. دېمەك، ئۇ ـــ قەلب ئىسلاھ بولۇشىنىڭ ئالامىتى ۋە سەۋەبى بولۇپ، قەلب ئۇ ئارقىلىق ئىسلاھ بولىدۇ ۋە پاكلىنىدۇ؛ يىغىپ ئېيتقاندا، الله نى كۆپ ئەسلەش ۋە كۆپ ئىستىغپار ئېيتىش قەلب ئىسلاھ بولۇشىنىڭ ئالامىتى ھەم سەۋەبىدۇر.

**❖ئون ئۈچىنچى تۇرلۇك ئالامەت ـــ الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش**

الله ۋە الله نىڭ دىنىنى ياخشى كۆرۈشتە راستچىل بولۇشمۇ قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ بولسا مۇئمىنىنىڭ پەقەت دىن ئىشى بىلەنلا مەشغۇل بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇئمىن كىشى الله نىڭ دىنى دەپسەندە قىلىنىپ، دىنىنىڭ رىئاللىقتىن ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى؛ ئومۇمىي بۇزغۇنچىلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ دىن، جان، يۈز ـ ئابرۇي، ئەقىل ۋە

[1] سۈرە ھۇد 56 ـ ئايەت.

مالىلىرىنى چىرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھېچ ۋاقىت خاتىرجەم بولالمايدۇ. دېمەك، قەلبى ساغلام، ئىمانىدا راستچىل مۇئمىن كىشى پانىي دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر ئىشىنى دىن ئىشىدىن ئۈستۈن قويمايدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله پەيغەمبىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن، پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەر تۇتۇپ ماڭغان ئەنە شۇ ھەق دىننى چۈشەنگەن كىشىگە نىسبەتەن، دىندار دەپ قارالغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە دىنغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولىدۇ (الله تىن ياردەم سورايمىز). الله نىڭ ھۆرمەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىنىۋاتسا، بەلگىلىمە ۋە چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىنمايۋاتسا، دىن تەرك ئېتىلىۋاتسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈلۈۋاتسا قەلبى سىقىلمىغان، باتىلنى سۆزلىگەن ناتىق شەيتان كەبى باتىلغا سۈكۈت قىلىپ گاچا بولۇۋالغان كىشىدە يەنە قانداقمۇ ياخشىلىق ۋە دىن ـ ديانەت بولسۇن؟! پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ھوقۇق ـ مەنسەپ كويىدىلا يۈرىدىغان، دىنغا بولۇۋاتقان زىيانكەشلىكلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمايدىغان بۇ كىشىلەردىنلا بۇ دىنغا مۇسىبەت كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرى بولسا قايغۇرۇپ تىلىنى تامشىتىپ قويىدۇ، ناۋادا ئۇنىڭ ئابرۇيى ياكى پۇل ـ مېلىغا بىرىپ تاقىلىدىغان قىسمەن مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش قىلىنسا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بارلىقىنى سەرپ قىلىدۇ ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئىنكار قىلىشنىڭ ئۈچ خىل دەرىجىسىنى قوللىنىدۇ. نەتىجىدە ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن الله نىڭ نەزىرىدىن چۈشۈش، غەزىپىگە دۇچار بولۇش بىلەن بىرگە، ھاياتىي دۇنيادا

قەلبىنىڭ ئۆلۈشىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ مۇسىبەتكە گىرىپتار بولىدۇ. چۈنكى، قەلبىنىڭ ھاياتلىقى قانچە مۇكەممەل بولسا، ئۇنىڭ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى ئۈچۈن غەزەپلىنىشى شۇنچە كۈچلۈك، الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشمۇ شۇنچە مۇكەممەل بولىدۇ». [1]

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، بەندە ئۆزىنىڭ ئىماندا راستچىل، رەببىنىڭ ۋەدىسىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن ۋە قەلبى قانچىلىك ساغلام بولغانسېرى الله يولىدا شۇنچە پىداكار، سەۋرچان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغۇچى بولىدۇ. شۇندىلا ئۇ بەندە الله نىڭ ھۆرمەتلىرىنى ئۇلۇغلايدۇ، الله ھارام قىلغان ئىشلارنى ئۆچ كۆرىدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ نەسىھەت قىلىدۇ.

[1] «إعلام الموقعين» 2- توم 164- ۋە 165- بەت.

# 4 ـ باب

## قەلب ساغلاملىقىنىڭ نەتىجىلىرى

ساغلام قەلب ئىگىسى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولىدىغان كۆپلىگەن ياخشى نەتىجە ۋە گۈزەل ئاقىۋەتلەر بار بولۇپ، ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

**❖ بىرىنچى، الله تائالا ساغلام قەلب ئىگىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ ۋە ئىگە بولىدۇ**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللَّه لا ينظر إلى أجسادكم، ولا إلى صوركم، ولكن ينظر إلى قلوبكم» «شۈبھىسىزكى، الله تائالا سىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىڭلارغا ۋە سۈرەتلىرىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبلىرىڭلارغا قارايدۇ».[1]

يەنە بىر ھەدىس قۇددۇسىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن: «من عادى لي وليا فقد آذنته بالحرب، وما تقرب إلي عبدي بشيء أحب إلي مما افترضت عليه، وما يزال عبدي يتقرب إلي بالنوافل حتى أحبه، فإذا أحببته كنت سمعه الذي يسمع به، وبصره الذي يبصر به، ويده التي يبطش بها، ورجله التي يمشي بها» «كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن. مەن بەندەمنىڭ پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن ئەمەللەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىشىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن. بەندەم نەپلە ئەمەللەر ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىۋەرسە، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. مەن ئۇنى ياخشى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

كۆرۈپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن (يەنى ئۇنىڭ مەزكۇر ئەزالىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا مۇۋەپپەق قىلىمەن)».①

ھەممىگە مەلۇمكى، پەرز ۋە نەپلە ئەمەللەر ئالدى بىلەن قەلبتە بولىدۇ. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «أحب العباد إلى اللَّه تعالى الأتقياء الأصفياء، الذين إذا غابوا لم يفتقدوا، وإذا شهدوا لم يعرفوا، أولئك هم أئمة الهدى، ومصابيح العلم» «بەندىلەر ئىچىدە تەقۋادار، قەلبى سۈزۈك بەندىلەر اللّٰه قا ئەڭ سۆيۈملۈك بولۇپ، ئۇلار يوقاپ كەتسە سۈرۈشتە قىلىنمايدىغان، كەلسە قارشى ئېلىنمايدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار ھىدايەت باشلامچىلىرى ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ چىراقلىرىدۇر>».②

ئەگەر اللّٰه بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردا ھەقكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئىشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى دائىملىق خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدۇ. اللّٰه نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغاندا ئۇ كىشىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرى گۈزەل نەتىجىلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز.

**❖ ئىككىنچى، ياخشى ئەمەللەر قوبۇل بولىدۇ ۋە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىپ خاتالىقلار ئۆچۈرۈلىدۇ**

اللّٰه تائالا تەقۋادار بەندىلىرىنىڭ ئەمىلىنى قوبۇل قىلىدۇ. تەقۋادارلار

① بۇخارى توپلىغان.
② ھاكىم توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

ـــ ئۆزىنىڭ نىيەت ۋە ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلغان، الله ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ياخشى ئەمەلنى ئورۇندىغۇچىنىڭ قەلبىدە قەتئىي ئىشەنچ، ياخشى كۆرۈش، ئىخلاس، (الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇپ (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىش قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇ ياخشى ئەمەل الله نىڭ نەزىرىدە شۇنچە قوبۇل بولىدۇ ۋە شۇنچە پەزىلەتلىك بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ﴾ «الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر»[1].

سىز بىرلا ۋاقىتتا ناماز، رامىزان روزىسى، زاكات، ھەج، دەۋەت ۋە جىھاد قاتارلىق ئوخشاش بىر ئىبادەتكە كىرىشىپ كەتكەن ئىككى كىشىنى ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئۇ ئىككىيلەننىڭ قەلبىدىكى يوشۇرۇن ئەمەللىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار ئەجىر ۋە ساۋاب جەھەتتە گويا ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدەك پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [ئەمەللەر قانچىلىك قوبۇل قىلىنغان بولسا گۇناھلارمۇ شۇنچىلىك ئۆچۈرۈلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ياخشى ئەمەللەرگە سەل قارايدۇ، ھەتتا نامازلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ بەختلىكلىرى بولسا نامىزىغا يېرىم ئەجىر ئالىدىغان كىشىلەردۇر. ھالبۇكى، ئۇلار كۆپ يامان ئەمەللەرنى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا قوبۇل بولغان بەش ۋاق نامازنىڭ باراۋىرىدە بىر گۇناھ، ھەپتىلىك ياخشى ئەمەللەرنىڭ باراۋىرىدە بىر گۇناھ، بىر ئاي رامىزان

[1] سۈرە ھەج 37ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

روزىسىنىڭ باراۋىرىدە يەنە بىر گۇناھ ئۆچۈرۈلىدۇ. باشقا ئەمەللەرمۇ شۇنداق بولىدۇ.

دېمەك، ھەرقانداق ياخشى ئەمەل بىر يامان ئەمەلنى ئۆچۈرەلمەيدۇ، بەلكى تەڭپۇڭلۇق ئېتىبارى بىلەن بەزىدە كىچىك، بەزىدە چوڭ گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ. ئىنسان بەزىدە الله قا بولغان مۇكەممەل ئىخلاس ۋە قۇلچىلىق بىلەن مەلۇم بىر ئەمەلنى قىلىدۇ ـ دە، الله ئۇنىڭ شۇ ئەمىلى سەۋەبلىك ئۇ كىشىنىڭ چوڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يصاح برجل من أمتي يوم القيامة على رءوس الخلائق، فينشر عليه تسعة وتسعون سجلا، كل سجل منها مد البصر. فيقال: هل تنكر من هذا شيئا؟ فيقول: لا يا رب، فيقول: لا ظلم عليك اليوم، فتخرج له بطاقة قدر الكف فيها: شهادة أن لا إله إلا اللّه، فيقول: أين تقع هذه البطاقة مع هذه السجلات؟ فتوضع هذه البطاقة في كفة والسجلات في كفة، فثقلت البطاقة وطاشت السجلات» «قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر كىشى پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا چاقىرىلىدۇ. ئۇ كىشىگە ئەمەللىرى يېزىلغان 99 دەپتەر ئېچىلىدۇ، ھەربىر دەپتەر (چوڭلۇقىدىن) كۆز يەتكۈدەك يەرنى ئىگەللەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا:

ــ بۇ دەپتەردە خاتىرىلەنگەن گۇناھلىرىڭدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلالامسەن؟ ــ دېيىلىدۇ. ئۇ:

ــ ياق، ئى پەرۋەردىگارىم! ــ دەيدۇ. الله تائالا:

ــ بۈگۈن ساڭا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ ــ دەيدۇ. شۇ ھامانلا ئۇ كىشىگە: «لا إله إلا اللّه» ‹الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر› دېگەن شاھادەت كەلىمىسى پۈتۈلگەن ئالقانچىلىك بىر تال ۋاراقچە چىقىرىپ

بېرىلىدۇ. ئۇ كىشى كۆڭلىدە: <گۇناھلىرىم بىلەن تولغان بۇنچە دەپتەرنىڭ ئالدىدا بۇ كىچىككىنە ۋاراقچە نېمىگە تەڭ بولالىسۇن؟> دەيدۇ. ئاندىن دەپتەرلەر تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە، ۋاراقچە يەنە بىر پەللىسىگە قويۇلىدۇ. ۋاراقچە ئېغىر كېلىپ دەپتەرلەرنى بېسىپ كېتىدۇ».[①]

بۇ بولسا «لا اله الا اللّٰه» كەلىمىسىنى ھەدىستىكى ئاشۇ كىشىگە ئوخشاش ئىخلاس ۋە راستچىللىق بىلەن دېگەن كىشىنىڭ ھالىتىدۇر. چوڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرگەن كىشىلەر گەرچە «لا اله الا اللّٰه» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى يامان ئەمەللىرىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أن امرأة بغيا رأت كلبا في يوم حار يطيف ببئر، قد أدلع لسانه من العطش، فنزعت له بموقها فسقته به فغفر لها» «ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر پاھىشە ئايال بىر ئىتنىڭ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرىغان ھالدا بىر قۇدۇق بېشىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆتۈكى بىلەن سۇ تارتىپ سۇغىرىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان».[②]

يەنە بىر ھەدىستە ئۇ ئايالنىڭ بەنى ئىسرائىللىق بىر پاھىشە ئايال ئىكەنلىكى نەقىل قىلىنغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بينما رجل يمشي بطريق، وجد غصن شوك على الطريق فأخره، فشكر اللّٰه له، فغفر له» «بىر ئادەم يولدا

[①] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تىكەنلىك بىر شاخنى كۆردى ۋە ئۇنى ئېلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولدى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدى»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دخلت امرأة النار في هرة ربطتها، لا هي أطعمتها ولا هي تركتها تأكل من خشاش الأرض حتى ماتت» «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى تاماقمۇ بەرمەي ياكى يەر يۈزىنىڭ ھاشاراتلىرىنى تۇتۇپ يېگىلى قويۇپمۇ بەرمەي، ئۆلۈپ كەتكىچە باغلاپ قويغانلىقى سەۋەبلىك دوزاخقا كىرگەن».[2]

دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايال قەلبىدىكى ساپ ئىمانى بىلەن ئىت سۇغارغان سەۋەبلىك گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغان، لېكىن (قەلبتە ئىخلاس تېپىلمىسا) ئىت سۇغارغان ھەرقانداق پاھىشە ئايالنىڭ گۇناھى مەغپىرەت بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭدەك، ئۇ كىشىمۇ قەلبىدىكى ساپ ئىمانى ۋە ئىخلاسى بىلەن يولدىن بىرتال تىكەنلىك شاخنى ئېلىۋەتكەنلىكى سەۋەبلىك گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، قەلبتىكى ئىمان ۋە ئىخلاسنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبلىك ئەمەللەرنىڭ دەرىجىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

بەزىدە ئىككى ئادەم بىر ئورۇندا، بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسىمۇ، ئەمما ئىككىيلەننىڭ نامىزىدا گويا ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك پەرق بولىدۇ. يولدىن تىكەنلىك شاخنى ئېلىۋەتكەن ھەرقانداق كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىمۇ ناتايىن.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ﴾ «الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر»[1].

كىشىلەر ھەدىيە ۋە قۇربانلىق قىلىشتا ئورتاق بولسىمۇ، الله قا يېتىدىغىنى ئېقىتىلغان قان، يېيىلگەن ۋە سەدىقە قىلىنغان گۆش ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ تەقۋالىقىدۇر. ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىككى كىشى گەرچە بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىلىقىدەك پەرق بولىدۇ».

ئىنسان ئاشكارا ئەمەللەرنىڭ قەلبلەردىكى ئىمان ۋە ئىخلاسقا قارىتا پەرقلىنىدىغانلىقى، قەلبلەردىكى ئىماننىڭ مىقدارىنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىلا، رەسۇلۇللاھ ﷺ دېگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزئارا زىتلاشتۇرمايدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوْا وَقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنَّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ﴾ «سەدىقە بېرىدىغان، ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر»[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن:

ــ (ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان) ئۇ كىشىلەر زىنا قىلىپ، ئوغرىلىق قىلىپ ۋە ھاراق ئىچىپ ئاندىن ئۇنىڭغا قارىتا ئازابلىنىشتىن قورقۇپ

---

[1] سۈرە ھەج 37ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇئمىنۇن 60ـ ئايەت.

تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ؟ ــ دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ «لا يا ابنة الصديق! بل هو الرجل يصوم ويصلي ويتصدق ويخاف أن لا يقبل منه» «ياق، ئى سىددىقنىڭ قىزى! ئۇلار روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان كىشىلەردۇر» ــ دېدى.[1]

سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تسبوا أصحابي، فوالذي نفسي بيده لو أنفق أحدكم مثل أحد ذهبا ما بلغ مد أحدهم و لا نصيفه» «ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇن سەدىقە قىلسىمۇ، ئۇلاردىن بىرى سەدىقە قىلغان بىر مۇد چاغلىق نەرسىنىڭ ساۋابىغا، ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ».[2]

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، ئىسلامغا كىرمىگەنلەر كۆپ ۋە ئىسلامغا چاقىرغۇچىلار ئاجىز بولغان ۋاقىتتا چىقىم قىلغان. ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئەنە شۇ ئىمانغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىنى شۇنداق ئىشلارغا ئۇچرىغان، شۇلار دۇچ كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە سىناقلارنى، شۇنداقلا قەلبلەرگە دۇچ كېلىدىغان ھەرخىل ھالەتلەرنى بىلگەن كىشىلەرلا ھېس قىلالىشى مۇمكىن.

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئەنە شۇنداق پەزىلەتلىرى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭدەك بولالمايدۇ. چۈنكى ھېچكىم

[1] تىرمىزى توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇنىڭ قەلبىدىكى قەتئىي ئىشەنچ ۋە مۇستەھكەم ئىماندا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولالمايدۇ. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئىياش مۇنداق دېگەن: «ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ۋە روزىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئىمان ۋە سەمىمىيىتى بىلەن ئۇلاردىن پەزىلەتلىك بولغان».

باشقا ساھابىلەرمۇ شۇنداق بولغان، چۈنكى ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە بىللە جىھاد قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا ساھابە بولۇش ئارقىلىق كېيىنكى كىشىلەر ئۇلارغا ئورتاق بولالمىغان ئىمان ۋە قەتئىي ئىشەنچكە ئېرىشكەن.

خۇلاسە شۇكى، ئەمەللەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەجرى ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قارىتا ئەمەس، بەلكى قەلبلەردىكى ھەقىقىتىگە قارىتا بولىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭدا ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر ساھابىنىڭ ئۇلاردىن كېيىنكى ھەرقانداق بىر كىشىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدىغانلار بۇنى دەلىل قىلىدۇ. چۈنكى، ئالىملار ساھابىلەرنىڭ تابىئىنلاردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلا كەلگەن. «ھەربىر ساھابە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ھەربىر تابىئىندىن ئەۋزەلمۇ؟ شۇنداقلا مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن ئەۋزەلمۇ؟» دېگەن مەسىلە ھەققىدە قازى ئىياز ۋە باشقا ئالىملار ئىككى خىل قاراشتا بولغان بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملار ھەرقانداق بىر ساھابە (تابىئىندىن) ئەۋزەل دەپ قارايدۇ. بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە باشقا ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر].[1]

---

[1] «منهاج السنة» 6- توم 218- بەت.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «دانالارنىڭ ئۇيقۇسى ۋە ئېغىزى ئوچۇق يۈرۈشلىرى نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ئۇلار ھاماقەتلەرنىڭ قىيامى ۋە روزىسىغا قانداقمۇ ئالدانسۇن؟! تەقۋادارلارنىڭ زەررىچىلىك ياخشى ئەمىلى، ئۆز ئەمىلىدىن مەغرۇرلىنىپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ تاغدەك ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدىن ئەۋزەلدۇر». مانا بۇ ساھابىلەرنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ياخشىلىقتا كېيىنكىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىشنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىدۇر ۋە سۆزنىڭ جەۋھىرىدۇر.

بىلگىنكى، بەندە الله تەرەپكە بولغان مۇساپىنى ئۆزىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبى ۋە ھىممىتى بىلەن بېسىپ ئۆتىدۇ. ھەقىقىي تەقۋالىق ئەزالارنىڭ تەقۋالىقى ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ تەقۋالىقىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ذَلِكَ وَمَنْ يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِنْ تَقْوَى الْقُلُوبِ**﴾ «ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر».[1] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ**﴾ «الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر»[2] . پەيغەمبەر ﷺ قەلبىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «التقوى هاهنا» «تەقۋالىق مانا بۇ يەردە بولىدۇ» دېگەن.[3]

دېمەك، ھاماقەت كىشى كۆپ چارچاپ ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر قىلىپ

[1] سۈرە ھەج 32 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

تۇرۇپمۇ بىسىپ ئۆتەلمىگەن بۇ قاتمۇقات مۇساپىنى، دانا كىشى مۇستەھكەم ئىرادە، ئالىي ھىممەت ۋە ساپ نىيەت بىلەن ئاز ئەمەل قىلىپ تۇرۇپ بىسىپ ئۆتىدۇ].①

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) باشقا بىر ئورۇندا ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىگەن: «يەتمىش ئىككىنچى پەزىلەت: ئىلىملىك كىشى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەتنى ۋە ئەمىلى ئاز، ئەمما ئەجرى كۆپ كىشىدۇركى، بۇنى پاكىت سۈپىتىدە ئىبتىبارغا ئالغىن. ئىشلەمچىلەر جاپالىق ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇستام ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بۇيرۇپ بەزىسىنى توسۇپ، ئىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئەمما ئىش ھەققىنى ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دىگەن: ‹أفضل الأعمال الإيمان بالله وحده، ثم الجهاد › ‹ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى يەككە ـ يىگانە الله قا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن قالسا جىھاد قىلىش›. جىھاد جان سەرپ قىلىنىدىغان جاپاسى كۆپ ئىبادەتتۇر، ئىمان بولسا قەلبنىڭ تونۇشى، ئەمىلى ۋە تەستىقىدۇر. جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى ئىماننىڭ مۇشەققىتىدىن ئارتۇق بولسىمۇ، لىكىن ئىمان يەنىلا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئىلىم ئارقىلىق ئەمەللەرنىڭ ئۆلچەملىرى، دەرىجىلىرى تونۇلىدۇ ھەمدە پەزىلەتلىك ئەمەل پەزىلەتسىز ئەمەلدىن، كۈچلۈك ئەمەل ئاجىز ئەمەلدىن ئايرىلىدۇ. دىمەك، ئىلىملىك كىشى پەقەت ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى تاللايدۇ.

ئىلىمسىز ئىشلەمچى ‹كۆپ جاپا تارتىشنىڭ پەزىلىتىمۇ كۆپ بولىدۇ›

---

① «الفوائد» 141 ـ بەت.

دەپ ئويلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە جاپا تارتىۋاتقىنى ئەۋزەل ئەمەل بولمىسىمۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدۇ. نۇرغۇن ئەۋزەل بولمىغان ئەمەللەر باركى، ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى ئەۋزەل ئەمەللەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىدىن كۆپتۇر. سەن بۇنىڭدا ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ باققىن، چۈنكى ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەمەل قىلغان، ھەج قىلغان، روزا تۇتقان ۋە قۇرئان ئوقۇغانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كىشىسىدۇر. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئىياش مۇنداق دېگەن: <ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ۋە روزىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئىمان ۋە سەمىمىيىتى بىلەن ئۇلاردىن پەزىلەتلىك بولغان>. مانا بۇ بېيىت بۇ مەشھۇر مىسالنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ:

كىم باشلار مېنى سېنىڭ يولۇڭغا،

ئاستا ماڭساڭمۇ يەنىلا بىرىنچى بولىسەن». [1]

«حلية الأولياء» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ھاپىز ئەبۇ نۇئەيىم مۇنداق دېگەن: [ئوقەيل ئىبنى مەئقەل ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دېگەن: «مەن تاغام ۋەھبە ئىبنى مۇنەببەھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <ئى ئوغلۇم! سەن سەمىمىيلىك بىلەن اللە قا ئىتائەت قىلىشتا ئىخلاس قىلساڭ، الله ئۇ ئارقىلىق سېنىڭ ئاشكارا ئەمىلىڭنى ئىسلاھ قىلىپ قويىدۇ، چۈنكى ياخشى ئەمەلنى پەقەت الله قىلا ئاشكارىلىغان كىشى ئەمەلنى ئۆز ئورنىغا قويغان ۋە قارار تاپقۇزغان بولىدۇ. كىمكى يوشۇرۇن

[1] «مفتاح دارالسعادة» 1 ـ توم 133 ـ ۋە 134 ـ بەتلەر.

ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمىسە، پەقەت بىلىشكە تېگىشلىك زاتلا ئۇنى بىلگەن بولىدۇ. الله ئۇنى ساقلاپ قويۇپ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا، سەن پەقەت الله قىلا ئاشكارىلىغان ياخشى ئەمەلىڭنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن ھەمدە الله نىڭ ئۇنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قويۇشىدىن قەتئىي ئەنسىرىمىگىن. ئاشكارا ئەمەلنىڭ نەتىجىسى يوشۇرۇن ئەمەلدىن ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالمىغىن، چۈنكى ئاشكارا ئەمەل بىلەن يوشۇرۇن ئەمەلنىڭ مىسالى دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئاشكارا ئەمەل يوپۇرماق، يوشۇرۇن ئەمەل بولسا يىلتىزدۇر. ئەگەر يىلتىز چىرىپ كەتسە، دەرەخنىڭ ھەممە نەرسىسى، جۈملىدىن غولى، مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقى خازان بولىدۇ؛ ئەگەر يىلتىز ياخشىلانسا، دەرەخنىڭ مېۋىلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىمۇ ياخشىلىنىدۇ>».

دېمەك، دەرەخنىڭ بىزگە كۆرۈنگەن قىسمىنىڭ ياخشى بولۇشى دائىم ھېچنەرسىسى كۆرۈنمىگەن يوشۇرۇن يىلتىزىنىڭ ياخشى بولۇشىغا باغلىقتۇر. شۇنىڭدەك، كىشىنىڭ قەلبى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ دىنىمۇ ياخشى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇ كىشىنىڭ ئاشكارا ئەمىلىنى ياخشىلاپ قويىدۇ. دەرەخنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ شاخ، يوپۇرماق ۋە مېۋىلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا مەنپەئەت قىلغاندەك، يوشۇرۇن ئەمەلمۇ ئاشكارا ئەمەلنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. يىلتىز بولسا دەرەخنىڭ ھاياتى؛ شاخ، مېۋە ۋە يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ زىننىتى ۋە ھۆسنىدۇر. ئەگەر قەلبىي ئەمەل دىنىنىڭ يىلتىزى بولسا، ئاشكارا ئەمەل ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ دىنىنى زىننەتلەيدۇ ۋە ھۆسن قوشىدۇ. مۇئمىن ئۇنىڭدىن پەقەت رەببىنىڭ

رازىلىقىنىلا كۆزلەيدۇ]. ①

**❖ ئۈچىنچى، الله تائالا ساغلام قەلب ئىگىسىنى باشقىلارغا ياخشى كۆرسىتىدۇ ھەمدە باشقىلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا أحب اللّه العبد نادى جبريل: إن اللّه يحب فلانا فأحببه، فيحبه جبريل، فينادي جبريل في أهل السماء: إن اللّه يحب فلانا فأحبوه، فيحبه أهل السماء، ثم يوضع له القبول في الأرض» «الله تائالا بىر بەندىسىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: <الله پالانى بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن!> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى جىبرىئىلمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنى چاقىرىپ: <الله پالانى بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار!> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ زېمىندىمۇ ياخشى كۆرۈلىدۇ». ②

الله تائالا ئۇ بەندىنىڭ قەلبىنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنى، قەلبىنىڭ ساغلاملىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئىمام ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «يوشۇرۇن ياخشى ئەمەل قىلىشنىڭ نۇرغۇن تەسىرلىرى بار بولۇپ، ئۇ تەسىرلەر رىيائىللىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. يالغۇز قالغاندىمۇ الله نىڭ ھۆرمەتلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىدىغان، الله نى ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى تارتقان ئىشلاردىن ۋاز كېچىدىغان، مانا شۇ

① «حلية الأولياء» 4- توم 70- بەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلغانلىرى بىلەن گويا ھىندى ياغىچىنى ئىسرىقدانغا تاشلاپ خۇشپۇراق تاراتقان، ئاندىن كىشىلەر ئۇنىڭ خۇش ھىدىنى پۇراپ ئۇنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەندەك بولۇپ كېتىدىغان نۇرغۇن مۇئمىنلەر بار.

بەندە كۆڭلى تارتقان نەرسىدىن ئۆزىنى قانچە تارتقانسېرى، اللە قا بولغان مۇھەببەت شۇنچە كۈچىيىدۇ؛ كۆڭلى تارتىپ تۇرسىمۇ ۋاز كەچكەن شۇ ئىشتىن قانچە يىراقلاشقانسېرى، ياخشىلىق شۇنچە زىيادە بولىدۇ ھەمدە خۇددى ھىندى ياغىچىنىڭ پۇرىقى (باشقا ياغاچلارنىڭ پۇرىقىدىن) پەرقلىق بولغاندەك پەرقلىق بولىدۇ. نەتىجىدە سىز كىشىلەرنىڭ شۇ كىشىنى ھۆرمەتلەۋاتقانلىقىنى، تەرىپلەۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن سۈپەتلەشتىن ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

بەندە ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئىخلاسىنىڭ مانا بۇنداق تەسىرلىرى شۇ ھالىتىدە داۋاملىشىدۇ. بەزى كىشىلەر قىسقا ۋاقىت ئەسلىنىپلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، بەزىلەر 100 يىلغىچە ئەسلىنىپ كېيىن ئۇنتۇلۇپ نام-نىشانى قالمايدۇ، يەنە بەزىلەر ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ياد ئېتىلىپ نامى ئۆچمەيدۇ. كىشىلەردىن ئەيمەنگەن، ئەمما يالغۇز قالغانلىرىدا اللە نىڭ ھۆرمەتلىرىگە رىئايە قىلمىغان كىشىلەر دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى قانچىلىك ئاشكارىلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك سېسىق پۇراق چىقىدۇ-دە، قەلبلەر ئۇنىڭدىن سەسكىنىدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ (خالىي قالغان ۋاقىتتىكى) گۇناھلىرى ئاز بولسا، باشقىلارنىڭ ئۇنى ياخشى نام بىلەن تىلغا ئېلىشى كۆپ بولىدۇ، ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئەگەر گۇناھلىرى كۆپ بولسا، كىشىلەر ئۇنى ياخشى

كۆرمەيدۇ، مەدھىيىلىمەيدۇ.

يالغۇز قالغاندا ئۆتكۈزگەن گۇناھى سەۋەبلىك دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىزلىك ئازگىلىغا چۈشۈپ قالغان، گويا <تاللىغان نەرسەڭ بىلەن بىللە قال!> دېيىلگەندەك، مەڭگۈ تېڭىرقاش ئىچىدە قېلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار.

قېرىنداشلار! گۇناھلارنىڭ ئىنسانغا نەقەدەر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەمدە قانچىلىك دەرىجىدە گۇمراھلىققا مەھكۇم قىلىدىغانلىقىغا قاراڭلار. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: <بەندە يالغۇز قالغاندا بىر گۇناھنى ئۆتكۈزسە، الله مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئۇ كىشىنى ئۆچ كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئەمما ئۇ كىشى بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا، سىلەر يوشۇرۇن ئەمەللىرىڭلارغا سەل قارىماڭلار، چۈنكى ئەمەللەر نىيەتلەرگە قارىتا، مۇكاپات بولسا قەلبتىكى ئىخلاسقا قارىتا بولىدۇ>».[1]

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دېگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، گەرچە كۆپ ناماز ئوقۇيدىغان ۋە كۆپ روزا تۇتىدىغان، كۆپىنچە ۋاقىتتا سۈكۈت قىلىدىغان، گەپ-سۆز ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا كەمتەر بولسىمۇ، قەلبلەر ئۇنىڭدىن يىرگىنىۋاتقان ھەمدە قىلچىلىكمۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىگە ئېلىنمايۋاتقان كىشىلەرنى كۆردۈم؛ شۇنىڭدەك، گەرچە پۈزۈر كىيىنىۋالغان، تىلغا ئالغۇدەك كاتتا ئەمەل-ئىبادىتى ۋە كەمتەرلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن قەلبلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە تەلپۈنۈۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۈم. ئويلاندىمكى، بۇنىڭ سەۋەبى قەلب ئىكەن. مالىك ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: <ئۇنىڭ ناماز ۋە روزىسى

[1] «صيد الخاطر» 170- ۋە 171- بەتلەر.

ئۇنچىۋالا كۆپ بولمىسىمۇ، قەلبى ساغلام ئىدى>.

قەلبىنى ئىسلاھ قىلغان كىشىدىن خۇش ھىد تارايدۇ، قەلبلەر ئۇنىڭ ھىدلىرىنى تارقىتىشقا ھەۋەس قىلىدۇ. قەلب ھەققىدە الله تىن قورقۇڭلار. چۈنكى قەلب بۇزۇق تۇرۇپ، ئاشكارا ئەمەللەرنى ھەرقانچە ياخشى قىلىپ كەتسىمۇ ھېچبىر پايدىسى بولمايدۇ».[①]

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دېگەن: «مەن الله نىڭ بىر ۋە بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەر ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. بىلدىمكى، ئۇ ئالامەتلەر قۇمدىنمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇ ئالامەتلەرنىڭ ئىچىدە مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، بەزىدە ئىنسان الله رازى بولمايدىغان ئىشلارنى يوشۇرۇنچە قىلسا، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بولسىمۇ الله ئۇنىڭ شۇ ئىشىنى ئاشكارىلاپ قويىدىكەن. باشقىلار ئۇنىڭ شۇ ئىشىنى كۆرمىگەن تۇرۇپمۇ، الله شۇ ئىشنى باشقىلارنىڭ تىللىرىدا سۆزلىتىدىكەن. بەزىدە الله يوشۇرۇن گۇناھ قىلغۇچىنى ئەل ئارىسىدا رەسۋا بولىدىغان بىرەر ئىشقا دۇچار قىلىپ قويىدىكەن-دە، بۇ ئۇنىڭ شۇ گۇناھىنىڭ جازاسى بولۇپ قالىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ھەقتىن يىراقلاشقانلىقىغا قارىتا جازالايدىغان زاتنىڭ بار ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئالدىدا يوشۇرۇش ۋە پەردازلاشنىڭ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ھېچقانداق ئەمەلنىڭ زايە بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر.

يوشۇرۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىدە شۇ ئەمەلنىڭ تەسىرى نامايان بولىدۇ-دە، كىشىلەر ئۇ ئەمەلنى سۆزلەپ يۈرىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۇنى

---

① «صيد الخاطر» 207- بەت.

بىرەر گۇناھى بار دەپ بىلمەيدۇ، ئۇنى پەقەت ياخشى نامى بىلەنلا تىلغا ئالىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەمىلىنى ھېچقاچان زايە قىلىۋەتمەيدىغان «رەب»نىڭ بارلىقى بىلىنىدۇ.

شەخسنىڭ ئەھۋالى كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە بىلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ يوشۇرۇن قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ ياكى يامان كۆرىدۇ، ئەيىبلەيدۇ ياكى ماختايدۇ. چۈنكى الله ئۇنىڭ ھەممە غەملىرىگە كۇپايە قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ھەرقانداق يامانلىقنى قايتۇرىدۇ.

قايسى بىر بەندە ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، رەببى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئېتىبار بەرمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئىشى ئەكسىچە بولىدۇ-دە، ئۇنى ماختايدىغان كىشىمۇ ئەيىبلىگۈچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ».[1]

مانا بۇ قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنىڭ ئەڭ زور نەتىجىسىدۇر. ساغلام قەلبتىن ئېتىلىپ چىققان ھەق سۆز قەلب ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ، الله باشقىلارنىڭ قەلبىگە ئاشۇ ساغلام قەلب ئىگىسىنى قوبۇل قىلىشنى ئىلھام قىلىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان بىر ئىشتۇر.

سەئىد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سۆز ھەرقانچە جاراڭلىق، ياڭراق ۋە جەلپكار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ سۆزنى تەستىقلايدىغان قەلبتىن ئېيتىلمايدىكەن، ئۇ ئۆلۈك ۋە جانسىز بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ھېچقانداق تەسىرچانلىقى بولمايدۇ، ھېچبىر ئىنسان ئۇ سۆزنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ؛ گەرچە سۆز جاراڭلىق، ياڭراق ۋە

[1] «صيد الخاطر» 98- بەت.

جەلپكار بولمىسىمۇ، سۆزلىگۈچى ئۆز سۆزىنىڭ تىرىك تەرجىمانى ۋە ئەمەلىي ئۈلگىسىگە ئايلانغاندىلا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى سۆز ئۆز تەسىر كۈچىنى جاراڭلىقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتچانلىقىدىن؛ گۈزەللىكىنى ياڭراقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى چىنلىقلىقىدىن ئالغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ چىن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان بولغاچقا تەسىرچانلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ».[1]

«حلية الأولياء» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مالىك ئىبنى دىينار مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق تاكى ئىككىسىنىڭ بىرى يوقالغانغا قەدەر ئۆزئارا تىركىشىدۇ. راستچىللىق خۇددى خورما دەرىخى ئۇنگەندەك قەلبتە ئاجىز ھالەتتە بولىدۇ. ئەگەر خورما دەرىخى ئەمدىلا يەر يۈزىگە ئۇنۇپ چىقىشىغا بىر كىچىك بالا سۇندۇرۇۋەتسە ياكى ئۆچكە يەۋەتسە، ئۇنىڭ يىلتىزى قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇڭا خورما دەرىخى زورىيىپ، سايە تاشلاپ، مېۋە بەرگەنگە قەدەر پات ـ پات سۇغىرىلىپ تۇۋى بوشىتىلىدۇ. راستچىللىقمۇ قەلبتە ئەنە شۇنداق ئاجىز ھالەتتە بولىدۇ. بەندە قەلبىنى قانچە تەكشۈرۈپ تۇرغانسېرى، الله ئۇنىڭ راستچىللىقىنى شۇنچە زىيادە قىلىدۇ، ھەتتا الله ئۇ قەلبنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ ۋە ئۇ قەلبتىن چىققان سۆزلەرنى خاتالاشقۇچىلارنىڭ شىپاسى قىلىدۇ.

مالىك ‹ئۇلارنى (يەنى ھەسەن بەسرى، سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلارنى) كۆرمىدىڭلارمۇ؟› دەپ سوراپ، ئاندىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: ‹الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنى ئەلۋەتتە كۆردۇق. الله ئۇلاردىن بىرسىنىڭ قىلغان سۆزى سەۋەبلىك نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى

[1] «في ظلال القرآن» سۈرە بەقەرە 44 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرى.

ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈۋاتىدۇ>».[1]

ئىمام زەھەبى مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ تەرجىمىھالىدىكى بايانىدا مۇنداق دېگەن: «نەقىل قىلىنىشىچە، قىسسە سۆزلەيدىغان بىر كىشى مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئنىڭ قېشىدا: <ماڭا نېمە بولدىكى، قەلبلەرنىڭ قورقمايۋاتقان، كۆزلەردىن ياش چىقمايۋاتقان ۋە بەدەنلەرنىڭ تىترىمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟> دېگەندە، مۇھەممەد ئۇنىڭغا جاۋابەن: <ئى پالانى! مەن ھەممە كىشىلەرنىڭ سەن تەرەپتىنلا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. ھەقىقەتەن قەلبتىن چىققان سۆز قەلبكە تەسىر قىلىدۇ> دېگەن».[2]

**❖ تۆتىنچى، (ساغلام قەلب ئىگىسىنىڭ) ھاياتى ياخشى ئەمەل بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ﷲ تىن ئەمەللەرنىڭ تۈگەنچىسىنى ياخشى قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز.**

بۇ ساغلام قەلب ئىگىسى ئېرىشىدىغان ئەڭ زور نەتىجىدۇر. سەلەف ـ سالىھلار ھاياتىنىڭ يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئورۇنلىرىدا خاتىرجەم ئۇخلىيالمىغان ھەمدە قەلبلىرى بىئارام بولغان. ﷲ بەندىلىرىگە مېھرىبان، شەپقەتلىك، ئادىل ۋە مەدھىيىگە لايىق زات بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېچقاچان ساغلام قەلب ئىگىسىنىڭ ھاياتىنى يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان ئەمەس ھەم ھەرگىزمۇ ئاخىرلاشتۇرمايدۇ. ئەمما، قەلبى بۇزۇلغان، قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈم تۇيۇقسىز كەلگەن كىشىنىڭ ھاياتى يامان ئەمەل بىلەن

---

[1] «حلية الأولياء» 2ـ توم 359ـ بەت.

[2] «السير للذهبي» 6ـ توم 122ـ بەت.

ئاخىرلىشىدۇ. قەلبىنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئىمام ئابدۇلھەق ئىشبىيلىي (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلىڭكى، ئوپئوچۇق توغرا يولدا بولغان ھەمدە ئىچكى دۇنياسى ياخشى بولغان كىشىنىڭ ھاياتى يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. (الله ئۇنىڭدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!). الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بىز ھېچقاچان بۇنداق بولغىنىنى ئاڭلىمىدۇق ھەم بىلمىدۇق. پەقەت ئەقىدىسى بۇزۇلغان، چوڭ گۇناھلار ئۈستىدە داۋاملاشقان، يامان ئەمەللەرگە جۈرئەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىلا يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئۇنداق كىشىلەر شۇ ئىشلاردىن قول ئۈزەلمەي قالغاندا، شۇ ئىشىدىن تەۋبە قىلىپ الله تەرەپكە قايتىشتىن ھەمدە قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈم تۇيۇقسىز چاڭگال سالغان، شۇ پەيتتە شەيتان ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ تېڭىرقاش ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۋالغان بولۇشى... مۇمكىن. الله ئۇنىڭدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!».[1]

ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئەمەللەرنىڭ تۈگەنچىسىنىڭ يامان بولۇشى شۇ بەندىنىڭ قەلبىدە كىشىلەر بىلمەيدىغان يوشۇرۇن بىر يامانلىقنىڭ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىشلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۆلۈم كەلگەندە ئەنە شۇ يوشۇرۇن يامانلىق سەۋەبىدىن ئۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولۇپ قالىدۇ. قەلبىگە ياخشى خىسلەتلەر يوشۇرۇنغان كىشى بەزىدە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلغاندەك

[1] «العاقبة في ذكر الموت» 1 ـ توم 133 ـ بەت.

كۆرۈنسىمۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئاشۇ يوشۇرۇن ياخشى خىسلەتلەر غالىب كېلىپ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ».[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) ئىمام بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ «ئەمەللەر تۈگەنچىسىگە باغلىق» دېگەن بابىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: [بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ) ئۇ بابتا سەھل ئىبنى سەئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىنىڭ قىسسىسى ھەققىدىكى ھەدىسنى نەقىل قىلغان. ئاخىرىدا: «ئەمەللەر پەقەت تۈگەنچىسىگە باغلىق» دېگەن.

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى ئاجايىب ھېكمەتلىك ۋە ئىنچىكە تەدبىرلىك ئىشتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ناۋادا بەندە ئۇنى بىلگىنىدە ئىدى، ئەگەر ئۇ نىجات تاپقۇچى بولسا سۇسلىشىپ قالاتتى ۋە ھورۇنلۇق قىلاتتى، ناۋادا ھالاك بولغۇچى بولسا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشاتتى. دېمەك، ئۇ ـــ بەندىنىڭ قورقۇش بىلەن ئۈمىد قىلىش ئوتتۇرىسىدا بولۇشى ئۈچۈن بەندىدىن يوشۇرۇن تۇتۇلغان».

تەبەرى (رەھىمەھۇللاھ) ھەفسى ئىبنى ھۇمەيدتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەككە: <مەن ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن بىر كىشىنى كۆردۈم ۋە كۆڭلۈمدە مەن ئۇ كىشىدىن ئەۋزەل دەپ ئويلىدىم> دېۋىدىم، ئۇ ماڭا: <سېنىڭ ئۆزۈڭدىن خاتىرجەم بولۇشۇڭ ئۇ قاتىلنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر> دېدى». تەبەرى مۇنداق دېگەن: «چۈنكى ئۇ كىشى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بەلكىم قاتىل تەۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، ئەمما

[1] «جامع العلوم و الحكم» 1 ـ توم 57 ـ بەت.

قاتىلنى ياقتۇرمىغان كىشىنىڭ ئەمىلى يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن»].[1]

**❖بەشىنچى، غەم ـ ئەندىشىلىرى كۆتۈرۈلۈپ، قىيىنچىلىقلىرى ئاسانلاشتۇرۇلىدۇ**

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىش ھەققىدە قىلغان دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ﴾ «(يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى»[2].

مەيلى خۇشاللىقتا ياكى قىيىنچىلىقتا بولسۇن ئوخشاشلا قەلبىنى پاك تۇتقان كىشىنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىنى الله كۆتۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا۝وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ﴾ «كىمكى الله تىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ [2]. الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[3]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مِنْ أَمْرِهِ يُسْرًا﴾ «كىمكى الله تىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[4].

---

[1] «فتح الباري» 11 ـ توم 401 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەلاق 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تەلاق 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەرلەر قەلبلىرىنى ئىسلاھ قىلغانلىقى ھەمدە ئۇنى شېرىك ۋە قارشىلاشقۇچى ئامىللاردىن پاكلىغانلىقى، قەلبلىرىنى تەۋھىد، تەقۋادارلىق، سەۋر، جەزمىيەت بىلەن تولدۇرغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارنى غەم ـ ئەندىشىلەردىن قۇتۇلدۇرغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن تەۋھىد ئۈستىدە بولغان كىشىلەرنى توپان بالاسىدىن قۇتۇلدۇرغان؛ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرغان؛ مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە دېڭىزنى يېرىپ بېرىپ، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرغان؛ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نى قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ھەمدە ئۇ دۇچ كەلگەن نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە غەم ـ ئەندىشىلەردىن قۇتۇلدۇرغان؛ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ سەۋرچانلىقى، تەقۋادارلىقى سەۋەبلىك تار قۇدۇقتىن ۋە تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ مَنْ يَتَّقِ وَيَصْبِرْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋرى قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ»[1].

غارغا قاپسىلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ ئىخلاسى، قەلبلىرىنىڭ ياخشىلىقى سەۋەبلىك تاشنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنى غاردىن قۇتۇلدۇرغان. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ توغرىسىدىكى بايانلار ئىنتايىن كۆپ.

**❖ئالتىنچى، قەلبى راھەتلىنىدۇ، خاتىرجەملىك ۋە تەمكىنلىككە ئېرىشىدۇ**

ساغلام قەلبلىك كىشىنىڭ قەلبى راھەتلىنىدۇ، ئۇنىڭغا

[1] سۈرە يۇسۇف 90ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خاتىرجەملىك ۋە تەمكىنلىك چۈشىدۇ، شۈبھە ۋە شەھۋەت پىتنىلىرى ھەمدە ياخشىلىق ۋە يامانلىق سىناقلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئەقىللەر ۋە چۈشەنچىلەر گاڭگىراپ قالغان ۋاقىتتا الله ئۇ كىشىنى ھەقكە ۋە توغرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ غاردىكى ۋاقىتتا، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِلَّا تَنْصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ اللَّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ الَّذِينَ كَفَرُوا ثَانِيَ اثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا فَأَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُ بِجُنُودٍ لَمْ تَرَوْهَا وَجَعَلَ كَلِمَةَ الَّذِينَ كَفَرُوا السُّفْلَى وَكَلِمَةُ اللَّهِ هِيَ الْعُلْيَا وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «ئەگەر سىلەر الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (الله ياردەم قىلىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: <غەم قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە> دەيتتى، الله ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، الله نىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1].

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَأَلْزَمَهُمْ كَلِمَةَ التَّقْوَى وَكَانُوا أَحَقَّ بِهَا وَأَهْلَهَا وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا﴾ «الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە تەمكىنلىكنى چۈشۈردى. ئۇلارغا

[1] سۇرە تەۋبە 40ـ ئايەت.

تەقۋا كەلىمىسىنى (يەنى كەلىمە تەۋھىدنى) ئىختىيار قىلدى. مۇئمىنلەر تەقۋا كەلىمىسىگە ئەڭ لايىق ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئىدى، ﷲ ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر»①.

ﷲ تائالا ئۇلار ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ فَعَلِمَ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَنْزَلَ السَّكِينَةَ عَلَيْهِمْ وَأَثَابَهُمْ فَتْحًا قَرِيبًا﴾ «ﷲ مۇئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيىدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ﷲ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلىدۇ، ﷲ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن مۇكاپاتلىدى»②.

بەندە ئۆز رەببىگە قانچە تەقۋادارلىق قىلغانسېرى ۋە قەلبىنى قانچە ئىسلاھ قىلغانسېرى، ھەقكە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. نەتىجىدە، ھەقكە ئەگىشىش ئارقىلىق ئەڭ بەختلىك ئىنسانلاردىن بولىدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَتَّقُوا اللَّهَ يَجْعَلْ لَكُمْ فُرْقَانًا وَيُكَفِّرْ عَنْكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ﷲ تىن قورقساڭلار، ﷲ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ﷲ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر»③.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ﷲ نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشى راھەت ـ پاراغەت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل

① سۈرە فەتھ 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە فەتھ 18 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەنفال 29 ـ ئايەت.

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹وإن اللّٰه تعالى بعدله وقسطه جعل الروح والفرج في الرضا واليقين، وجعل الهم والحزن في الشك والسخط› ‹ﷲ ئۆزىنىڭ ئەدلى ـ ئادالىتى بىلەن بەندىسىنىڭ (ﷲ قا بولغان) جەزمىي ئىشەنچىسى ۋە مەمنۇنلۇقىنى ئۇنىڭ شاد ـ خۇراملىقىغا سەۋەب قىلدى. شەكلىنىشى ۋە نارازى بولۇشىنى ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتكە دۇچار بولۇشىغا سەۋەب قىلدى›[1]»[2].

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «تەمكىنلىك بولسا قەلبىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئازادىچىلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ قەلبتە بولىدىغان بولۇپ، تەسىرى سىرتقى ئەزالاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ھەم (ھەممە مۇئمىنلەرگە) ئورتاق بولىدۇ، ھەم (قىسمەن مۇئمىنلەرگە) خاس بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ (ئۇلارغا ﷲ نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن) تەمكىنلىكى گويا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ھاسىل بولغان تەمكىنلىك كەبى ئەڭ خاس ۋە ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە بولىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مەنجاناق بىلەن ئوتقا تاشلانغان ۋاقىتتا تەمكىنلىككە ئېرىشكەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىل بولغان تەمكىنلىكمۇ شۇنداق بولغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقا تەرىپىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان، ئالدى تەرىپىنى ﺑﯩﭙﺎﻳﺎﻥ دېڭىز توسۇپ تۇرغاندا، بەنى ئىسرائىل قەۋمى: ‹ئى مۇسا! ئالدىمىزدا دېڭىز، ئارقىمىزدا پىرئەۋن تۇرسا، بىزنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسەن؟› دەپ زارلانغان ۋاقىتتا شۇنداق

[1] تەبەرانى ئاجىز ئىسناد بىلەن توپلىغان.
[2] «مدارج السالكين» 2 ـ توم 145 ـ بەت.

تەمكىنلىك ھاسىل بولغان. الله مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نىدا قىلىپ بىۋاستە سۆزلىگەندە شۇنداق تەمكىنلىك ھاسىل بولغان، مۇسا ئەلەيھىسسالام راستىنلا ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان. ئۇ ھاسىسىنىڭ بەئەينى يىلانغا ئايلانغانلىقىنى كۆرگەندىمۇ يەنە شۇنداق تەمكىنلىك ھاسىل بولغان. يەنە سېھرىگەرلەرنىڭ قولىدىكى ھاسا ۋە ئارغامچىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇنچ ھېس قىلغان ۋاقىتتىمۇ، ئۇنىڭغا يەنە شۇنداق تەمكىنلىك چۈشكەن.

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىيلەن غاردىكى ۋاقىتتا دۈشمەنلەر ئۇلارنى كۆزەتكەندىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ گە شۇنداق تەمكىنلىك ھاسىل بولغان. ناۋادا ئىزدەپ كەلگەن كاپىرلارنىڭ بىرەرسى پۇتىنىڭ ئاستىغا شۇنداقلا بىر قارىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئىككىيلەننى كۆرۈپ قالاتتى. بەدر غازىتى، ھۇنەين غازىتى، خەندەك غازىتى ۋە باشقا كۆڭلەردىكىگە ئوخشاش ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن ۋە الله نىڭ دۈشمەنلىرى پەيغەمبەر ﷺ نى قورشىۋالغان ۋاقىتتىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق تەمكىنلىك ھاسىل بولغان.

مانا بۇ تەمكىنلىك ــ ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىش بولۇپ، ئۇ ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. يالغانچىلار، بولۇپمۇ الله نى يالغانغا چىقارغانلار بۇنداق ئورۇنلاردا ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ، قورقىدۇ ۋە تەۋرىنىپ قالىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن) بۇنىڭدىن باشقا مۆجىزىلەر كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە بۇ مۆجىزىلەر ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە دەلىل بولغان

بولاتتى.

ئەمما خاس تەمكىنلىككە كەلسەك، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىماندىكى تەمكىنلىك بولۇپ، ئۇ قەلبنى شەك-شۈبھە ۋە گۇماندىن خالىي قىلىدىغان تەمكىنلىكتۇر. دېمەك، بەندە ئىمانىغا مۇخالىپ كېلىدىغان ۋەسۋەسىگە ئۇچرىغاندا، قەلبىنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋە ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن؛ ئىمانىي ئەمەللىرىدە كۈچلۈك خېيىم-خەتەر ۋە ۋەسۋەسىلەرگە ئۇچرىغاندا، ئۇ ۋەسۋەسىلەرنىڭ كۈچىيىۋالماسلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئىمانىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان غەم-ئەندىشە ۋە ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن؛ ھەرخىل قورقۇنچلۇق ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھالەتكە دۇچ كەلگەندە، قەلبىنىڭ مۇستەھكەم بولۇپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن؛ خۇشاللىنارلىق ئىشلارغا ئۇچرىغاندا، خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ كېتىپ، بەلگىلەنگەن چەكتىن ئۆتۈپ كېتىپ كېيىن پۇشايمان قىلماسلىقى ئۈچۈن تەمكىنلىككە موھتاج بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا خۇرسەن قىلارلىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلغان، ئاندىن خۇشاللىقى بىلەن ھاياجانلىنىپ چەكتىن ئاشقان، كېيىن پۇشايمانغا قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بولغان».[①]

**❖ يەتتىنچى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەقكە ۋە توغرىغا يېتەكلىنىدۇ**

ساغلام قەلبلىك كىشى الله نىڭ دوستى ۋە سۆيۈملۈك بەندىلىرىدىندۇر. كىشىنىڭ قەلبى ساغلام بولسا، الله ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنى توغرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. كىشىلەر ھەق توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقاندا

[①] «إعلام الموقعين» 2- توم 202- بەت.

ئۇنى ھەقكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ ھەمدە ھەقكە يېتەكلەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇنېئمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ»[2].

سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار، ئىخلاس قىلىش ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش ئارقىلىق ئىمان ۋە ئىمانىنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىغا ئۇيغۇنلاشقان، قەلب ئەمەللىرى بىلەن ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئورۇندىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى <ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبلىك الله توغرا يولغا باشلايدۇ>. يەنى، الله ئۇلارنى ئىمانى سەۋەبلىك ھىدايەتتىن ئىبارەت كاتتا ساۋاب بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئاندىن پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۇلارغا بىلدۈرىدۇ ھەمدە ھىدايەتتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشنى ئۇلارغا مۇيەسسەر قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىرىگە قاراشقا يېتەكلەيدۇ، شۇنداقلا دۇنيادا توغرا يولغا، ئاخىرەتتە نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغان يولغا يېتەكلەيدۇ»[3].

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 9 ـ ئايەت.
[3] «تفسير السعدي» سۈرە يۇنۇس 9 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرى.

ساغلام قەلبنىڭ نەتىجىلىرى پىتنە ۋە قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن كۈنلەردە ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا كۆزقاراش ۋە پوزىتسىيىلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ھەق باتىلغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ، پايدا ـ زىيان ئۆزئارا قارشىلىشىپ قالىدۇ. دېمەك، ﷲ بەندىلىرى ئىچىدىكى ساغلام قەلب ئىگىلىرىنى ئىختىلاپ قىلىنىۋاتقان ئىشتا ھەققە مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

## 5 ـ باب

## قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ۋاستىلىرى

الله تائالا بەندىسىنىڭ ئۆز قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشقا ھەمدە ئۇنى تۈرلۈك يامانلىقلاردىن پاكلاشقا بولغان ئىشتىياقى ۋە شۇ ئىشتىياقىدىكى راستچىللىقنى بىلگەندە، ئۇنى ئۆز پەزلى ـ رەھمىتى بىلەن قەلبلەر ئىسلاھ بولىدىغان ۋاستىلەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ ۋە بەندىسىنىڭ ئۇ ۋاستىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ ۋاستىلەرنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

**❖بىرىنچى، قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قەلبنى بۇزغۇچى ئامىللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلاردا الله قا دۇئا قىلىش ۋە يېلىنىپ يالۋۇرۇش**

بۇ بولسا قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىلىرىدىندۇر. الله تىن باشقا ھېچكىم قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەم قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، الله قەلبلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئۆز پەزلى ـ رەھمىتى بىلەن ئىمان ۋە جەزمىيەت ئاتا قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى زىيادە قىلىدۇ. شۇڭا مۇئمىن پەقەت يەككە ـ يېگانە الله قىلا يۈزلىنىشى ۋە ئۇنى پەقەت الله تىنلا سورىشى كېرەك.

دېمەك، پەقەت الله مۇستەھكەم قىلغان كىشىلەردىن باشقىلار مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ، الله ساقلىغان كىشىلەردىن باشقىلار

ساقلىنالمايدۇ، الله مۇۋەپپەق قىلغان كىشىلەردىن باشقىلار ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ، الله ياردەمسىز تاشلاپ قويغان كىشى ھەقىقىي ياردەمسىز قالغان كىشىدۇر.

مۇتەررەف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەييىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مەن ياخشىلىق مۇجەسسەملەنگەن ئەمەللەرنى ئەسلەپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، ياخشىلىقنىڭ تۈرى بەك كۆپ ئىكەن. ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشمۇ ياخشىلىق ئىكەن. ئۇ ياخشىلىق اللە نىڭ قولىدا بولۇپ، سىز الله نىڭ قولىدىكى نەرسىگە ئىگە بولالمايدىكەنسىز. ئەمما، الله تىن سورىسىڭىز، الله ئۇنى سىزگە بېرىدىكەن. بىلدىمكى، ياخشىلىقلار دۇئاغا مۇجەسسەملەنگەن ئىكەن».[1]

مانا بۇ ـــ ئىمان، ھىدايەت ۋە ئىسلاھ بولۇش جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل ئىنسان بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ يولىدۇر. ئۇ ھىدايەت ۋە نۇرانە يولنىڭ پەيغەمبىرى تۇرۇقلۇق، ھىدايەت ۋە توغرا يولدا بولۇش، قەلبىنى مۇستەھكەملەش، ئۇنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەمدە ئۇنى قەلب كىرلىرىدىن پاكلاش ھەققىدە كۆپ دۇئا قىلاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگەشكەن، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك.

تۆۋەندىكىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ھەقتىكى مەشھۇر دۇئالىرىدۇر:

• پەيغەمبەر ﷺ دۇئاسىدا مۇنداق دېگەن: «اللهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَا عَلَى طَاعَتِكَ» «ئى قەلبلەرنى ئۆرۈگۈچى الله ، بىزنىڭ قەلبلىرىمىزنى ساڭا

[1] «الإنابة لابن بطة» 2 ـ توم 195 ـ بەت.

ئىتائەت قىلىشقا ئۆرۈگىن».[1]

• «اللهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي» «ئى الله ! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا يولدا قىلغىن؛ «اللهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالسَّدَادَ» «ئى الله ! مەن سەندىن مېنى ھىدايەت قىلىشىڭنى ۋە توغرا يولدا قىلىشىڭنى سورايمەن».[2]

• «رَبِّ تَقَبَّلْ تَوْبَتِي، وَاغْسِلْ حَوْبَتِي، وَأَجِبْ دَعْوَتِي، وَثَبِّتْ حُجَّتِي، وَاهْدِ قَلْبِي، وَسَدِّدْ لِسَانِي، وَاسْلُلْ سَخِيمَةَ قَلْبِي» «ئى پەرۋەردىگارىم! تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، گۇناھلىرىمنى يۇغىن، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن، مېنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، قەلبىمنى ھىدايەتكە باشلىغىن، تىلىمنى توغرا سۆزلەيدىغان قىلغىن ۋە كۆڭلۈمدىكى ئاداۋەتلەرنى چىقىرىپ تاشلىغىن».[3]

• «اللهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ، وَبِكَ آمَنْتُ، وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ، وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ، وَبِكَ خَاصَمْتُ، اللهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِعِزَّتِكَ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ، أَنْ تُضِلَّنِي، أَنْتَ الْحَيُّ الَّذِي لَا يَمُوتُ، وَالْجِنُّ وَالْإِنْسُ يَمُوتُونَ» «ئى الله ! مەن ساڭا تەسلىم بولدۇم، ساڭا ئىمان كەلتۈردۈم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم ۋە ساڭا يۈزلەندىم، سەن ئۈچۈن جېدەللەشتىم. سەندىن باشقا (ئىبادەتكە لايىق) ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقتىن ئىبارەت ئىززىتىڭگە سېغىنىپ مېنى ئازدۇرۇۋېتىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن بولساڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ھايات زات، جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ».[4]

• «اللهُمَّ أَصْلِحْ لِي دِينِي الَّذِي هُوَ عِصْمَةُ أَمْرِي، وَأَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ الَّتِي فِيهَا مَعَاشِي، وَأَصْلِحْ لِي آخِرَتِي الَّتِي فِيهَا مَعَادِي، وَاجْعَلِ الْحَيَاةَ زِيَادَةً لِي فِي كُلِّ خَيْرٍ، وَاجْعَلِ الْمَوْتَ رَاحَةً لِي مِنْ كُلِّ شَرٍّ» «ئى الله ! پۈتۈن ئىشلىرىمنىڭ ھىمايىچىسى بولغان

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] مۇسلىم توپلىغان.

دىنىمنى ئىسلاھ قىلىپ بەرگىن، دۇنيالىق تۇرمۇشۇمنى ئىسلاھ قىلىپ بەرگىن، قايتىپ بارىدىغان ئاخىرىتىمنى ئىسلاھ قىلىپ بەرگىن، هاياتىمدا ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۆلۈم ئارقىلىق مېنى دۇنيانىڭ پۈتكۈل يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم قىلغىن».①

• «اللهُمَّ حَبِّبْ إِلَيْنَا الْإِيمَانَ، وَزَيِّنْهُ فِي قُلُوبِنَا، وَكَرِّهْ إِلَيْنَا الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ، وَاجْعَلْنَا مِنَ الرَّاشِدِينَ» «ئى الله ! بىزگە ئىماننى چىرايلىق كۆرسىتىپ، قەلبلىرىمىزنى ئىمان بىلەن بېزىگىن؛ شۇنداقلا ئىسيانكارلىقنى يامان كۆرسىتىپ، بىزنى توغرا يولدا بولغۇچىلاردىن قىلغىن».②

• «اللَّهُمَّ زَيِّنَّا بِزِينَةِ الْإِيمَانِ، وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَدِينَ» «ئى الله ! ئىچىمىزنى ئىمان زىننىتى بىلەن زىننەتلىگىن. ئى الله ! بىزنى توغرا يول ئۈستىدە بولغۇچى ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىلەردىن قىلغىن».③

• «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الثَّبَاتَ فِي الْأَمْرِ، وَالْعَزِيمَةَ عَلَى الرُّشْدِ، وَأَسْأَلُكَ شُكْرَ نِعْمَتِكَ، وَحُسْنَ عِبَادَتِكَ، وَأَسْأَلُكَ قَلْبًا سَلِيمًا، وَلِسَانًا صَادِقًا، وَأَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا تَعْلَمُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا تَعْلَمُ، وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا تَعْلَمُ، إِنَّكَ أَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ» «ئى الله ! مەن ھەقىقەتەن سەندىن مېنى ھەق ئۈستىدە سابىت، توغرىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان قىلىشىڭنى؛ مېنى نېئمىتىڭگە شۈكرى قىلىدىغان ۋە ساڭا ياخشى قۇلچىلىق قىلىدىغان قىلىشىڭنى سورايمەن. سېنىڭدىن ماڭا ساغلام قەلب، راستچىل تىل ئاتا قىلىشىڭنى سورايمەن، سەن بىلگەن بارچە ياخشىلىقنى سورايمەن ۋە ساڭا سېغىنىپ سەن بىلگەن بارچە يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، سەن بىلگەن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت

① مۇسلىم توپلىغان.
② ئەھمەد توپلىغان. ھاكىم «سەھىھ» دىگەن.
③ نەسائى توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دىگەن.

قىلىشىڭنى سورايمەن، سەن ھەقىقەتەن غەيىبلەرنى بىلگۈچىدۇرسەن».[1]

**❖ ئىككىنچى، اللە نى گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش، ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش**

اللە نى ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى، يۈكسەك سۈپەتلىرى ئارقىلىق، بولۇپمۇ «ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ھەممىنى نازارەت قىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغۇچى، ھەممىدىن بۈيۈك بولغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار بولغۇچى، ئەڭ مەرھەمەتلىك بولغۇچى، ناھايىتى شەپقەتلىك بولغۇچى، ھەممىدىن غالىب بولغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان بولغۇچى، زاھىردۇر (يەنى پۈتۈن كائىناتنىڭ ئۈستىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچنەرسە يوقتۇر)، باتىنىدۇر (يەنى ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ھېچنەرسە يوقتۇر، پۈتۈن كائىناتنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە بەندىلىرىگە ئىنتايىن يېقىندۇر) ھەممىدىن بىھاجەت بولغۇچى، كۆپ ئاتا ئېھسان قىلغۇچى» دېگەندەك ئىسىملىرى بىلەن تونۇش. قەلبتە اللە نىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، اللە نى ياخشى كۆرۈش، ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش، اللە قا تەۋەككۇل قىلىش ۋە اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىغا سۆزسىز تەسلىم بولۇشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش، ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «اللە بەندىسىگە ئۆزىنى تونۇتۇش ۋە قەلبىنى ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشكە ئېچىش ئارقىلىق بەندىسىنى ھۆرمەتلىمەكچى بولسا، ئۇ بەندىنىڭ قەلبىنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ھەمدە ئۇنى ۋەھيي نۇرىدىن ئېلىشقا

---

[1] نەسائى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

ئېچىۋېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ بەندە اللە نىڭ بىرەر ئىسىم ـ سۈپىتىنى ئاڭلىسا، ئۇنى خۇشاللىق، رازىمەنلىك ۋە سۆزسىز تەسلىمچىلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئاندىن قەلبى ئۇنىڭ بىلەن نۇرلىنىدۇ، كۆڭلى ـ كۆكسى كېڭىيىپ خۇشاللىق ۋە مۇھەببەتكە تولىدۇ.

روھلار ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش، ياخشى كۆرۈش، ئەسلەش ھەمدە ئۇنىڭدىن خۇشاللىنىش، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ۋە يېقىنلىشىشنىڭ ۋاسىتىلىرىنى ئىزدەشكە موھتاج بولغاندەك بىرەر نەرسىگە موھتاج بولمايدۇ. بۇنىڭ يولى پەقەت اللە نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى تونۇش بىلەنلا بولىدۇ. بەندە ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى قانچە بىلگەنسېرى، اللە نى شۇنچە تونۇيالايدۇ ھەمدە ئۇنى ئىزدەشكە تىرىشىپ ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىنلىشالايدۇ؛ بەندە ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلغانسېرى، ئۇنىڭ اللە نى بىلمەسلىكى شۇنچە كۈچىيىپ، اللە قا شۇنچە يامان كۆرۈلىدۇ ۋە اللە تىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىدۇ». ①

رەھىمەھۇللاھ يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دېگەن: «بەندە ئۆز رەببىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەت ۋە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش، بېرىش ـ بەرمەسلىك، يارىتىش، رىزىق بېرىش، ئۆلتۈرۈش ۋە تىرىلدۈرۈشتە يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، قەلبىدە اللە قا تەۋەككۇل قىلىدۇ، سىرتقى ئەمەللىرىدىمۇ تەۋەككۇلنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئورۇندايدۇ؛ بەندە اللە نىڭ ھەممىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى زەررىچىلىك نەرسىلەرنىڭمۇ اللە قا مەخپىي قالمايدىغانلىقى

① «الكافية الشافية فى الانتصار للفرقة الناجية» ناملىق كىتابىنىڭ 16 ـ، 17 ـ ۋە 18 ـ بەتلىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىنغان.

ھەمدە الله نىڭ كۆزلەرنىڭ خىيانىتى ۋە قەلبلەر يوشۇرغان نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۆزىنىڭ تىلى ۋە ئەزالىرىنى (گۇناھتىن) ساقلايدۇ ھەمدە قەلبىگە الله رازى بولمايدىغان بىرەر خىيالنىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، بۇ ئەزالار ئارقىلىق پەقەت الله رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنىلا قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ كىشى ھايالىق بولىدۇ، ھايا ئۇ كىشىنى ھارام ۋە قەبىھ ئەمەللەردىن يىراق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

بەندە ئۆز رەببىنىڭ ھەممىدىن بىھاجەت، ھەممىدىن سېخىي، ئاتا ـ ئېھسانى كۆپ، چەكسىز ياخشىلىق قىلغۇچى، ھەقىقىي ئېھسان قىلغۇچى ۋە ئىنتايىن مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۈمىدۋار بولىدۇ، بەندىنىڭ الله نى تونۇشى ۋە بىلىشى قانچىلىك بولسا، بۇ تونۇش ئۇ كىشىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىبادەت تۈرلىرىنى كۆپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ؛ بەندە الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى، كاتتىلىقى ۋە ھەممىدىن غالىب ئىكەنلىكىنى بىلسە، بەندىدە الله قا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، الله قا تەسلىم بولۇش ۋە الله قا بولغان ياخشى كۆرۈش يېتىلىدۇ. مانا بۇ قەلبىي ئەمەللەر بەندىدە ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرى بولغان ئاشكارا ئىبادەتلەرنى قىلىشنى يېتىلدۈرىدۇ». [1]

رەھىمەھۇللاھ يەنە ئۇچىنچى بىر ئورۇندا الله قا ئۇنىڭ ﴿الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ﴾ «الله نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (الله ) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇ)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ) »[2] دېگەن

---

[1] «مفتاح دار السعادة» ناملىق كىتابنىڭ 510 ـ بېتىدىن 513 ـ بېتىگىچە قىسقارتىپ ئېلىنغان.
[2] سۇرە ھەدىد 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايىتىدىكى گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن ئىبادەت قىلىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىسىملار بىلەن ئىبادەت قىلىش ئىككى تۈرلۈكتۇر: بىرى، الله نىڭ پۈتكۈل مەۋجۇداتتىن بۇرۇن، پۈتكۈل مەۋجۇداتتىن كېيىن، ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن ۋە ھەممە نەرسىدىن يېقىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. بىر مەخلۇق يەنە بىر مەخلۇقنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر مەخلۇقنى كۆرۈشتىن توسۇپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئۇ ئۇنىڭ بىلەن توسۇپ قويۇلغۇچى ئوتتۇرىسىدا توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەخلۇقاتلارغا نىسبەتەن الله تىنىمۇ يېقىن ھېچبىر شەيئى يوق (الله نى ئۆز مەخلۇقلىرىنى كۆرۈشتىن ھېچبىر نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ). يەنە بىرى، ھەربىر ئىسىمغا ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى بويىچە مۇئامىلە قىلىش. يەنى، الله ھەممە نەرسىدىن ئاۋۋال، پەزلى ـ ئېھسانى بارلىق سەۋەبلەردىن ئۈستۈن ۋە يەككە ـ يېگانە زات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا يۈزلەنمەسلىك، تەۋەككۇل قىلماسلىق ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن ئۈمىد قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئىسىملىرىنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

الله نى ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر نىشانىڭىز ۋە غايىڭىز قىلغان ۋاقىتتا، الله نىڭ «الْآخِرُ» دېگەن ئىسمى بىلەن الله قا ئىبادەت قىلغان بولىسىز. ھەممە ئىشلار الله قا قايتۇرۇلۇپ، الله ھەممىنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغىنىدەك، سىزمۇ الله نى ئەڭ ئاخىرقى نىشانىڭىز قىلىڭ. چۈنكى، سىزمۇ ئەڭ ئاخىرىدا الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىسىز. بارلىق سەۋەب ۋە غايىلەرمۇ الله قا قايتىدۇ، الله تىن باشقا مەقسەت قىلىنىغان ھېچقانداق نىشان ۋە غايە قالمايدۇ.

بۇ، يەنى «الْآخِرُ» ۋە «الظَّاهِرُ» دېگەن ئىسمى بىلەن ئىبادەت قىلىش ھەققىدە ئىلگىرىكى مەزمۇنلاردا توختىلىپ بولغان ئىدۇق. «الْبَاطِنُ» دېگەن ئىسمى بىلەن ئىبادەت قىلىشقا كەلسەك، ئۇ مۇنداق بولىدۇ: سىز الله نىڭ بارچە ئالەملەرنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقى، بەندىسىگە ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكى، بارچە مەخپىيەتچىلىك ۋە سىرلارنىڭ ئۇنىڭغا ئاشكارا بولىدىغانلىقى، الله بىلەن بۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق توسالغۇنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىنىڭىزدە، الله قا بۇ گۇۋاھلىقنىڭ تەلەپ-تەقەززاسى بويىچە مۇئامىلە قىلىڭ. قەلبىڭىزنى پاكلاڭ، چۈنكى ئۇ الله قا ئاياندۇر؛ ئىچكى ئەھۋالىڭىزنى ئىسلاھ قىلىڭ، چۈنكى ئۇ الله قا مەلۇمدۇر؛ نەپسىڭىزنى پاكلاڭ، چۈنكى ئۇ الله قا ئاشكارىدۇر». ①

ئىز ئىبنى ئابدۇسالام مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ ئىسىملىرىنىڭ مەنە-مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىش — ئۇنىڭدىن قورقۇش، ئۈمىد قىلىش، ھايا قىلىش، ياخشى كۆرۈش ۋە تەۋەككۇل قىلىشتىن ئىبارەت نەتىجىلىرى بىلەن الله قا مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. الله نىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇشنىڭمۇ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەتىجىلىرى بار». ②

شەيخ سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى تونۇش بولسا رۇبۇبىيەت تەۋھىدى، ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى، گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلەر تەۋھىدىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك تەۋھىدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەۋھىدنىڭ بۇ تۈرلىرى ئىماننىڭ روھى، يىلتىزى ۋە غايىسىدۇر. بەندىنىڭ الله نىڭ ئىسىم-

---

① «طريق الهجرتين» 25- ۋە 26- بەتلەر.
② «شجرة المعارف» 1 - بەت.

سۆيەتلىرىگە بولغان تونۇشى ئاشقانسېرى، ئىمانى زىيادە بولۇپ، جەزمىيىتى كۈچىيىدۇ». ①

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇ ۋاستىنى، الله نىڭ ئىسىم ـ سۆيەتلىرىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى بويىچە ئىبادەت قىلغان، ئىچكى ـ سىرتقى تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئۇنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈلگەن سەلەف ـ سالىھلارنىڭ تارىخلىرىدىن بىر قىسىم ئۆرنەكلەرنى كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

«مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا، ئۇ:

ــ قاراپ بېقىڭلار! تاڭ ئېتىپتىمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، بىرسى قاراپ بېقىپ:

ــ ئى مۇئاز، تېخى تاڭ ئاتمىدى ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە:

ــ قاراپ بېقىڭلار! تاڭ ئېتىپتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ:

ــ ئى مۇئاز، تېخى تاڭ ئاتمىدى ــ دېدى. شۇ ئارىدا بىرسى قاراپ بېقىپ:

ــ ئى مۇئاز، تاڭ ئاتتى ــ دېدى. ئاندىن مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ دوزاخقا قاراپ تاڭ ئاتقان كېچىدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. دوستىنى يوقلاپ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن جاننى ئالغۇچى ئۆلۈمنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. ئى رەببىم! سېنىڭ ئازابىڭدىن قورقاتتىم، بۈگۈن سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئى الله ! ساڭا

① «التواضع والبيان لشجرة الايمان» 41 ـ بەت.

ئايانكى، مەن دۇنيادا ئۆستەڭلەرنى ئېقىتىپ، دەرەخلەرنى تىكىش ئۈچۈن ئۇزۇن تۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى چۈش ۋاقىتلىرىدىكى ئۇسسۇز قېلىش (يەنى روزا تۇتۇش) بەزى ۋاقىتلاردىكى جاپا چېكىش (يەنى كېچىدە قىيامدا تۇرۇش) ۋە ئىلىم سورۇنلىرىغا ئۇلاغلىق ئالدىراپ بېرىپ ئالىملارغا ھەمراھ بولۇشنى ياخشى كۆردۈم — دېدى».[①]

«ھەمماد ئىبنى سەلەمە سۇفيان سەۋرىنى يوقلاپ كىرگەندە، سۇفيان سەۋرى ئۇنىڭغا:

— سەن اللە نى مەندەك بىر ئادەمنى مەغپىرەت قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟! — دېگەندە، ھەمماد ئۇنىڭغا:

— اللە بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ماڭا اللە نىڭ مەندىن ھېساب ئېلىشى بىلەن ئاتا-ئانامنىڭ مەندىن ھېساب ئېلىشى ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، ئەلۋەتتە اللە نىڭ ھېساب ئېلىشىنى تاللايمەن. چۈنكى اللە ماڭا ئاتا-ئانامدىنمۇ بەك مېھرىبان زاتتۇر — دېگەن».[②]

ھۇمەيد تەۋىيل سۇلايمان ئىبنى ئەلگە ماڭا نەسىھەت قىلغىن دېگەندە، سۇلايمان مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن اللە نىڭ سېنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ خىلۋەت جايدا اللە قا ئاسىي بولغان بولساڭ، ھەقىقەتەن <بۈيۈك> بىر گۇناھقا جۈرئەت قىلغان بولىسەن؛ ناۋادا سەن: <اللە مېنى كۆرمەيدۇ> دەپ ئويلاپ اللە قا ئاسىي بولغان بولساڭ، ئاللىبۇرۇن كاپىر بولغان بولىسەن».[③]

ئىبنى خۇبەيق مۇنداق دېگەن: «ھۇزەيفە مەرئەشى ماڭا مۇنداق دېگەن:

---

[①] «حلية الأولياء» 1- توم 239- بەت.

[②] «سيرة أعلام النبلاء» 7- توم 449- بەت.

[③] «إحياء علوم الدين» 4- توم 398- بەت.

<مۇنۇ تۆت نەرسىدىن ئاگاھ بولغىن: كۆزۈڭ، تىلىڭ، ھاۋايى ـ ھەۋىسىڭ ۋە قەلبىڭ. كۆزۈڭگە ئاگاھ بولغىنكى، ھارامغا قارىمىسۇن؛ تىلىڭغا ئاگاھ بولغىنكى، ئۇ الله بىلىدىغان، سەن قەلبىڭدە ئويلاۋاتقان نەرسىنىڭ ئەكسىنى سۆزلىمىسۇن (يەنى تىلىڭ باشقا، دىلىڭ باشقا بولۇپ قالمىسۇن)؛ قەلبىڭگە ئاگاھ بولغىنكى، ئۇنىڭدا بىرەر مۇسۇلمانغا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك بولمىسۇن؛ ھاۋايى ـ ھەۋىسىڭگە ئاگاھ بولغىنكى، الله غەزەپ قىلىدىغان بىرەر نەرسىگە مايىل بولۇپ قالمىسۇن. ئەگەر سەندە بۇ تۆت تۈرلۈك خىسلەت بولمىسا ھالاك بولغىنىڭ شۇ>».①

ھاتەم ئەسەم مۇنداق دېگەن: «مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىشقا ئەھمىيەت بەرگىن: ئەمەل قىلىۋاتقىنىڭدا الله نىڭ سېنى نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىگىن، سۆزلىگىنىڭدە الله نىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىگىن، سۈكۈت قىلغىنىڭدا الله نىڭ سەندە بار نەرسىنى (يەنى ئىلىم ۋە قابىلىيەتنى) بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىگىن».②

خەتىيب مۇنداق دېگەن: [جەۋھەرى مىرزەباندىن، ئۇ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىيسادىن، ئۇ ئەبۇ ئەينادىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەھدى ھەج قىلغاندا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەسجىدىگە كىرگەندى، ئىبنى ئەبۇ زىئبەدىن باشقا ھەممە كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاندىن مۇسەييەب ئىبنى زۇھەير ئۇنىڭغا: <ئورنۇڭدىن تۇر! بۇ دېگەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى> دېگەندە، ئۇ: <ئىنسانلار پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىگىلا ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ> دېدى. ئاندىن مەھدى: <بولدى قىل! مەن

① «صفة الصفوة» 4 ـ توم 267 ـ بەت.

② «سيرة أعلام النبلاء» 11 ـ توم 486 ـ بەت.

خۇدۇمنى يوقاتتىم، قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇردى> دېدى»].[1]

ئىبراھىم ئىبنى ئەشئەس مۇنداق دېگەن: «مەن فۇزەيلدىنمۇ بەكرەك قەلبىدە اللە نى ئۇلۇغلىغان ھېچبىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ اللە نى ئەسلىسە ياكى ئۇنىڭ يېنىدا اللە ئەسلەنسە ۋە ياكى قۇرئان ئوقۇلغانىنى ئاڭلىسا، قورقۇنچ بېسىپ ۋە غەم-قايغۇغا چۆمۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى، ھەتتا سورۇندىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى».[2]

مەئمەر ئەييۇبتىن، ئۇ نافىئتىن نەقىل قىلىدۇكى، بىر كىشى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئوغلى!» دېگەندە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەمەسمەن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئوغلىمۇ ئەمەسمەن. مەن پەقەت اللە نىڭ بىر بەندىسىمەن، اللە نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىمەن. اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەر دائىم بىر كىشىنى ماختاۋېرىپ، ئۇنى ھالاك قىلمىغۇچە بولدى قىلمايدىكەنسىلەر» دېگەن.[3]

**❖ئۈچىنچى، دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ھەردائىم ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئەسلەش**

قۇرۇق ئارزۇلارنى ئاز قىلىش، دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ھەردائىم ئۆلۈم ۋە ئاخىرەتنى كۆپ ئەسلەش ھەمدە اللە قا ئۇچرىشىشقا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك. چۈنكى، دۇنياغا بېرىلىپ ئاخىرەتتىن غاپىل قېلىش —

[1] «سيرة أعلام النبلاء» 7- توم 143- بەت.
[2] «حلية الأولياء» 8- توم 84- بەت.
[3] «سيرة أعلام النبلاء» 3- توم 236- بەت.

قەلبلەرنى قاساۋەتلەشتۈرىدىغان ۋە بۇزىدىغان ئەڭ چوڭ نەرسىدۇر.

قايسى بىر قەلب دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرۈش بىلەن تولۇپ كەتسە، ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت كار قىلمايدۇ، بەلكى كېسەللىك ۋە ئاپەتلەر ئارقىمۇئارقا سىڭىپ كىرىپ ئۇنى دۇغلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنداق قەلب زۇلمەتتە قېلىپ ياخشى-يامانني ئايرىمايدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ھاۋايى-ھەۋەس بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى دۇنيا بولغانلىقتىن، شۇ دۇنيا ئۈچۈن ھەسەت قىلىدۇ، ئاداۋەت قىلىدۇ؛ دۇنياغا مەستانە بولۇپ بېخىللىق قىلىدۇ؛ باشقىلارنى دۇنيا ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ، دۇنيا ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ؛ دۇنيا ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ، دۇنيا ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. دۇنيانى ياخشى كۆرۈش بولسا قەلبنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ھالاك بولۇشىغا يېتەرلىك كېسەللىكتۇر. ئەكسىچە، ئۆلۈم ۋە ئاخىرەتنى ئەسلەشكە تولغان، ئەرزىمەس دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننىتىدىن يىراقلاشقان قەلب سۈزۈكلىشىدۇ، نۇرلىنىدۇ ھەمدە ئىسلاھ قىلىنىپ ئۆز ساھىبىغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدا يەتكۈزىدۇ.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلىگەن كىشىنىڭ كۆرەڭلىشى ۋە ھەسەتخورلۇقى ئازىيىدۇ».[①]

قانداق قىلغاندا دۇنياغا بېرىلمەي ئاخىرەتكە قىزىقىش تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ سوئالغا جاۋابەن مۇنداق دېگەن: «ئاخىرەتكە قىزىقىش پەقەت دۇنياغا بېرىلمەسلىك بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. دۇنياغا بېرىلمەسلىك پەقەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ھەقىقىي ئەھۋال

① «حلية الأولياء» 1- توم 117- بەت.

ئۈستىدە ئويلانغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ:

بىرى، دۇنيانىڭ تېز يوقىلىدىغان، قولدىن كېتىدىغان، كېمىيىپ كېتىدىغان ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكى؛ ئۇنىڭدا ئۇستۇنلۇك تالىشىش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىشنىڭ دەرد-ئەلەملىرى ھەققىدە؛ ئۇنىڭدىكى خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك ۋە ۋاپاسىزلىقنىڭ ئاخىرىدا ئىنسانىنى ھەسرەت-نادامەت ۋە پۇشايماندا قالدۇرىدىغانلىقى؛ ئۇنىڭ قولدىن كېتىدىغان ۋە باقاسى يوق نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىش. دېمەك، دۇنيا قوغلاشقۇچى مەيلى ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن بولسۇن ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشمىۋاتقان ھالەتتە بولسۇن ۋە ياكى ئۇ قولدىن كەتكەندىن كېيىن بولسۇن، ئوخشاشلا غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. مانا بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر خىل ئەھۋالدۇر.

يەنە بىرى، ئاخىرەت ۋە ئۇنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقى، داۋاملىشىدىغانلىقى ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىكى ياخشىلىق ۋە خۇشاللىقلارنىڭ ئىنتايىن شەرەپلىك ئىكەنلىكى، ئاخىرەت بىلەن مانا بۇ دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىش. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ وَأَبْقَى﴾ <ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر>[1].

دېمەك، ئاخىرەت مەڭگۈلۈك ۋە مۇكەممەل ياخشىلىقتۇر؛ بۇ دۇنيا بولسا كېمىيىدىغان، قولدىن كېتىدىغان ۋە يوقاپ كېتىدىغان ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ئەگەر ئىنسان مانا بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئۈستىدە ئويلىنالىسا، ئەقىل تاللاشنى كۆرسەتكەن نەرسىنى تاللاپ،

[1] سۈرە ئەئلا 17- ئايەت.

قىزىقماسلىقنى كۆرسەتكەن نەرسىگە قىزىقمايدۇ». [1]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە قا ئۇچرىشىشقا تەييارلىق قىلغان كىشىنىڭ قەلبى دۇنيادىن ۋە دۇنياغا بولغان مۇھەببەتتىن ئۈزۈلۈپ، نەپسىدىن شەھۋەت يالقۇنلىرى پەسىيىدۇ، قەلبى اللە قا تەلپۈنىدۇ؛ اللە قا، اللە نى ياخشى كۆرۈشكە ۋە اللە نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە بولغان ئىرادىسى كۈچىيىدۇ؛ باشقا ھىممەت ۋە ئىلىملەرمۇ پەيدا بولىدۇ؛ ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگىنىدىن كېيىن جىسمى بۇ دۇنياغا نىسبەت بېرىلگىنىدەك، ئۇنىڭ قەلبى ئاخىرەتكە نىسبەت بېرىلىدىغان يېپيېڭى ھالەت بارلىققا كېلىدۇ؛ جىسمى ئەمەلىيەتتە تۇغۇلغانىدەك، قەلبىدىمۇ ئەمەلىيەتتە يېڭى باشلىنىش ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئانىنىڭ قورسىقى ئىنساننىڭ جىسمىنى بۇ دۇنيادىن توسۇۋالغىنىدەك، ھاۋايى ـ ھەۋەس قەلبنى ئاخىرەتتىن توسۇۋالىدۇ. دېمەك، قەلبنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەستىن قۇتۇلۇپ ئاخىرەت يۇرتىغا چىقىشى، تەننىڭ ئانىنىڭ قورسىقىدىن بۇ دۇنياغا چىققىنىغا ئوخشايدۇ. مانا بۇ مەسىھ (يەنى ئىيسا) ئەلەيھىسسالام توغرىلىق زىكىر قىلىنغان نەقىلنىڭ مەزمۇنىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: <ئى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى! سىلەر ئىككى قېتىم تۇغۇلمىغۇچە اللە نىڭ ھىمايىسىگە كىرەلمەيسىلەر>.

نۇرغۇن كىشىلەر مانا بۇ ئىككىنچى قېتىملىق تۇغۇلۇشتا تۇغۇلالمايۋاتىدۇ ھەمدە ئۇنى تەستىقلاش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا

[1] «الفوائد» 177 ـ بەت.

تەسەۋۋۇرىغىمۇ سىغدۇرالمايۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: <چوڭ ئادەم قانداقسىگە ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلىدۇ؟ قەلب قانداق تۇغۇلىدۇ؟!>. دېمەك، ئۇلارنىڭ (قەلبىنىڭ) تۇغۇلۇشقا بولغان ئىرادىسى ۋە ھىممىتى يوق. ئۇنداقتا بىر ئىشنى بىلمىگەن ۋە تەستىقلىيالمىغان ئادەم يەنە قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئىرادە باغلىيالىسۇن؟! قەلبتىن غەپلەت پەردىسى ئېچىۋېتىلگەندىلا، ئىنسان ئاندىن ئاشۇ تۇغۇلۇشنى تەستىقلايدۇ ھەمدە ئۆز قەلبىنىڭ تېخىچە تۇغۇلمىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، الله قا ئۇچرىشىشقا سەمىمىي تەييارلىق قىلىش ــ بارچە ياخشى ئەمەللەر، ئىمانىي ھالەتلەر ۋە الله تەرەپكە ماڭغۇچىلارنىڭ مەنزىللىرى بولغان سەگەك بولۇش، تەۋبە قىلىش، الله قا يۈزلىنىش، ياخشى كۆرۈش، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقۇش، ئىشلىرىنى الله قا تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنىڭ ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا قەلبىي ۋە بەدەنىي ئەمەللەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچى الله قا ئۇچرىشىشقا سەمىمىي تەييارلىق قىلىشتۇركى، ئۇ ئاچقۇچ ــ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ ۋە ھېچبىر رەب بولمىغان، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان، بارلىق خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭ قولىدا بولغان الله نىڭ قولىدىدۇر».[1]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ئۈچىنچى بىر ئورۇندا، قۇرۇق ئارزۇنى ئاز قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىك ۋە قەلبنى ئىسلاھ قىلىشتىكى رولىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «قۇرۇق ئارزۇنى ئاز قىلىش ئاخىرقى مەنزىلنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى، ھاياتلىق مۇددىتىنىڭ تېزلا

[1] «طريق الهجرتين» 1 ـ توم 381 ـ بەت.

ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ قەلبكە نىسبەتەن ئەڭ پايدىلىق ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى قۇرۇق ئارزۇنى ئاز قىلىش كىشىنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلەشكە، بۇلۇتتەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇشقا، ئەمەل دەپتەرلىرىنى تېز توشقۇزۇشقا سەۋەب بولىدۇ؛ ئۇ كىشىنىڭ ئاخىرەتكە بولغان ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ، شۇنداقلا سەپەر تەييارلىقىنى هازىرلاشقا، قولدىن كەتكەننى تېپىۋېلىشقا قىزىقتۇرىدۇ؛ ئۇ كىشىنى دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، ئاخىرەتكە قىزىقىدىغان قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئارزۇنى ئاز قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇنىڭ قەلبىدە روشەن پاكىت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. قۇرۇق ئارزۇنى ئاز قىلىش ئۇ كىشىگە دۇنيانىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى، تېزلا تۈگەيدىغانلىقىنى، دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ چوقۇم قولدىن كېتىدىغانلىقىنى، دۇنيادىن پەقەت تاماق يېگۈچىنىڭ قاچىسىدىكى ئاش يۇقى ۋە تاغ چوققىلىرىغا چۈشكەن قۇياش نۇرى كەبى ئازلا بىرنەرسە قېلىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ شۇنداقلا يەنە ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى، ئالدىبۇرۇن يولغا چىقىپ بولغانلىقىنى، ئالامەتلىرىنىڭ ئالدىبۇرۇن كۆرۈلۈپ بولغانلىقىنى، يولغا چىققان مۇساپىر كەبى ئاخىرەتكە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى، ھەر ئىككىلىسى بىر-بىرىگە قاراپ يولغا چىقىپ پات ئارىدا تېزلا ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئارزۇنى ئاز قىلىش ھەققىدە الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى يېتەرلىكتۇر:

﴿أَفَرَأَيْتَ إِنْ مَتَّعْنَاهُمْ سِنِينَ۞ ثُمَّ جَاءَهُمْ مَا كَانُوا يُوعَدُونَ۞ مَا أَغْنَى عَنْهُمْ مَا كَانُوا يُمَتَّعُونَ۞﴾

<ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (نۇرغۇن) يىللار (نېئمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ

بەھرىمەن بولغان نېئمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ [205ـ207]›①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ كَأَنْ لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا سَاعَةً مِنَ النَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْ﴾ ‹قىيامەت كۈنى الله ئۇلارنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزدە ئازغىنا ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ›②. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَاهَا﴾ ‹ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)›③».④

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە نېمىدېگەن گۈزەل مىسرالارنى قالدۇرغان ـ ھە!

خىتابىم شۇ ساڭا نەپسىم چىن قۇلاق سال!،
ئويلاندىڭمۇ كۈتەر سېنى كېيىن نە ھال؟
ياشاپ كەتتىڭ بۇ دۇنياغا بولۇپ ئاشىق،
بىلگىن بۇ يول ئاقىۋتى ساڭا زاۋال.

يارالمىغان ئەسلى سەن بۇ دۇنيا ئۈچۈن،
كاتتا سوراق كۈتەر سېنى شۇ دەھشەت كۈن.

① سۈرە شۇئەرا 205ـ ئايەتتىن 207ـ ئايەتكىچە.
② سۈرە يۇنۇس 45ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە نازىئات 46ـ ئايەت.
④ «مدارج السالكين» 1ـ توم 449ـ بەت.

ئاخىرەتكە نە تەييارلىق قىلدىڭ قېنى؟
تەپەككۇر قىل غەپلەتكە قۇل بولما هېچ كۈن.

بىكار يۈرمە ئاخىرەتكە توپلا ئوزۇق،
ئاگاھ بولغىن شەيتان يولى ھەردەم تۇيۇق.
بۇ دۇنيادا بىكار يۈرسەڭ غەپلەت بىلەن،
ئاخىرەتتە ساڭا ھېچبىر خۇشاللىق يوق.
شۇنىڭ ئۈچۈن قەلبىڭنى پاك تۇتقىن ھامان،
شۇندا ئىككى ئالەمدە يوق ساڭا ئارمان.
دىلىڭ ھەردەم پاكىز بولسا ھەر قەدەمدە،
ئۇنى مەڭگۇ باسالمايدۇ قارا تۇمان.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەندىگە كېلىدىغان ھەرقانداق ئاپەت ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ۋە قەلبىنىڭ بۇزۇلغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئىسراپ بولۇشى، قەلبىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۇنىڭدىكى الله قا بولغان مۇھەببەتنىڭ يوقۇلۇشى ھەمدە ئۇنىڭ الله نىڭ نەزىرىدىكى دەرىجىسى ۋە ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى سەۋەبلىك بەندىگە ھەر تۈرلۈك بالالار كېلىدۇ. بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: <ۋاقىتنى زايە قىلىشتىن ۋە قەلبنى بۇزىدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشتىن ساقلىنىڭلار>».[①]

**❖تۆتىنچى، قەلبى ساغلام ۋە سالىھ كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت**

[①] «رسالة من ابن قيم لأحد إخوانه» 3- ۋە 4- بەتلەر.

**بولۇش، دۇنيانى ياخشى كۆرىدىغان ۋە قەلبىدە كېسەل بار كىشىلەردىن يىراقلىشىش**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئات چاپتۇرۇش، كېچىدە قىيامدا تۇرۇش، ياخشى سۆزلۈك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولمىغان بولسا، دۇنيادا تۇرۇشنى ياخشى كۆرمىگەن بولاتتىم».[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىتائەتمەن كىشىلەرنىڭ ئېغىزىغا قاراڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار! چۈنكى ئۇلار الله قا يېقىن بەندىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھەق ئۇلارغا ئايان بولۇپ تۇرىدۇ».[2]

ئىلىم ئەھلى ۋە تەقۋادارلارنىڭ سورۇنلىرى ئەڭ مەنپەئەتلىك ۋە ئەڭ ياخشى سورۇنلاردۇر. چۈنكى، ئۇلاردىكى ئىلىم، تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىق ۋە قەلب گۈزەللىكى شۈبھىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان بولۇپ، سىز ئۇلاردىن الله تىن قورقۇش، الله نى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىنى ھۆرمەتلەشنىڭ نەمۇنىلىرىنى كۆرەلەيسىز. ئەگەر شۈبھىلەر ئىلىم بىلەن، شەھۋەتلەر تەقۋادارلىق بىلەن يوقۇتۇلسا، قەلبلەر ئىسلاھ بولىدۇ. قاراشتىنلا الله نى ئەسلىتىدىغان سالىھ كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى الله نىڭ بىر بەندىگە نېسىپ قىلىشى ئۇ بەندىنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

قەلبى بۇزۇق ۋە ناچار كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئۇلاردىن يىراقلاشقاندا ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبلەرنى شۈبھە ۋە شەھۋەتلەرگە توشقۇزۇۋېتىدىغان سۆز ۋە

[1] «مدارج السالكين» 1ـ توم 349ـ بەت.

[2] «مدارج السالكين» 1ـ توم 349ـ بەت.

كىتابلىرىدىن ساقلانغاندىلا، سالىھ كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش ئاندىن مەنپەئەت بېرىدۇ. تەقۋادار ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ تارىخلىرىنى كۆپ ئوقۇش، ئۇلارغا ئەگىشىش ۋە ئۇلارنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇشقا تىرىشىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**❖بەشىنچى، اللە نى كۆپ ئەسلەش، سالىھ ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش**

اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداپ، چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش ئارقىلىق اللە قا يېقىنلىشىدىغان بەندىلەرنى اللە ئۆزى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ اقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ أَوِ اخْرُجُوا مِنْ دِيَارِكُمْ مَا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِنْهُمْ وَلَوْ أَنَّهُمْ فَعَلُوا مَا يُوعَظُونَ بِهِ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ وَأَشَدَّ تَثْبِيتًا ۝ وَإِذًا لَآتَيْنَاهُمْ مِنْ لَدُنَّا أَجْرًا عَظِيمًا ۝ وَلَهَدَيْنَاهُمْ صِرَاطًا مُسْتَقِيمًا ۝﴾ «ئەگەر بىز ئۇلارغا: <ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار> دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى) [66]. ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلاتتۇق [67]. ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق [68]»①.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

① سۈرە نىسا 66 ـ ئايەتتىن 68 ـ ئايەتكىچە.

«ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، مۇستەھكەم تۈرۈشقا مۇۋەپپەق قىلىنغۇچى؛ يەنە بىرى، مۇستەھكەم تۈرۈشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ياردەمسىز قالدۇرۇلغۇچى. مۇستەھكەملىكنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولسا مۇستەھكەم سۆز (يەنى كەلىمە تەۋھىد)دىن ۋە بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەتتۇر. الله بەندىسىنى مانا بۇ ئىككى نەرسە (تەۋھىد كەلىمىسى ۋە بۇيرۇلغان ئەمەللەر) بىلەن مۇستەھكەم قىلىدۇ. تەۋھىد كەلىمىسى مۇستەھكەم بولغان ۋە ئەمىلى ياخشى بولغان ھەرقانداق كىشى مۇستەھكەملىكى كۈچلۈك بولغان كىشىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَنَّهُمْ فَعَلُوا مَا يُوعَظُونَ بِهِ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ وَأَشَدَّ تَثْبِيتًا﴾ <ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى)>[1]. قەلبتە ئەڭ راستچىل بولغان كىشىلەر سۆزدىمۇ ئەڭ راستچىل كىشىلەردۇر. راست سۆز بولسا ھەق ۋە توغرا سۆزدۇر».[2]

بۇ ھەقتە ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «وما تقرب إلي عبدي بشيء أحب إلي مما افترضت عليه، وما يزال عبدي يتقرب إلي بالنوافل حتى أحبه، فإذا أحببته كنت سمعه الذي يسمع به، وبصره الذي يبصر به، ويده التي يبطش بها، ورجله التي يمشي بها» «مەن بەندەمنىڭ پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئەمەللەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىشىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن. بەندەم نەپلە ئەمەللەر ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىۋەرسە، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى،

[1] سۈرە نىسا 66- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «بدائع التفسير» 1- توم 17- بەت.

تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن (يەنى ئۇنىڭ مەزكۇر ئەزالىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا مۇۋەپپەق قىلىمەن). ئەگەر ئۇ بەندەم مەندىن (بىرەر نەرسىنى) سورىسا مەن سورىغان نەرسىسىنى بېرىمەن، بىرەر نەرسىدىن پاناھ تىلىسە مەن ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىمەن».①

بۇ ھەدىستىن، پەرز ۋە نەپلە ئەمەللەردىن ئىبارەت سالىھ ئەمەللەر، بولۇپمۇ يوشۇرۇن قىلىنغان ئەمەللەرنىڭ الله نىڭ مۇئمىن بەندىسىنى ھىمايە قىلىشىدا روشەن تەسىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بولسا الله نىڭ ئۇ بەندىنىڭ ئەزالىرى ۋە قەلبىنى ساقلاپ قېلىشى ئارقىلىق بولىدۇ. الله نىڭ ئۇ بەندىنىڭ ئەزالىرى ۋە قەلبىنى ساقلىشى ئارقىلىق ئۇ بەندە الله غەزەپلىنىدىغان ئىشلارغا يېقىن يولىمايدۇ. الله نى كېچە-كۈندۈز كۆپ ئەسلەش، مەدھىيىلەش، ئۇلۇغلاش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش قاتارلىقلار قەلبنى ئىسلاھ قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئەۋزەل سالىھ ئەمەللەردىندۇر.

الله نى ئەسلەش قاتقان قەلبلەرنى ئېرىتىپ، قەلب كىرلىرىنى تازىلايدۇ. «بىر كىشى ھەسەن بەسرىگە: <ئى ئەبۇ سەئىد! قەلبىم قېتىپ كەتتى> دېگەندە، ئەبۇ سەئىد ئۇنىڭغا جاۋابەن: <ئۇنداقتا الله نى ئەسلەش ئارقىلىق قەلبىڭنى ئېرىتكىن> دېگەن».②

الله تائالا ئۆزىنى كۆپ زىكىر قىلغان بەندىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالەتتە ئېزىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ، مانا بۇ — الله تائالانىڭ شۇ

① بۇخارى توپلىغان.

② «الوابل الصيب» 62- بەت.

بەندىسىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ياردەملىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «أنا عند ظن عبدي بي، وأنا معه إذا ذكرني، فإن ذكرني في نفسه ذكرته في نفسي، وإن ذكرني في ملإ ذكرته في ملإ خير منهم ...» «(الله تائالا مۇنداق دەيدۇ): <بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنداق بولىمەن. ئۇ مېنى ئەسلىگەندە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى كۆڭلىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى كۆڭلۈمدە ئەسلەيمەن. ئەگەر مېنى بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلەيمەن...».[1]

قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئەڭ ئەۋزەل زىكىردۇر. چۈنكى ئۇ قەلبنى تىرىلدۈرىدۇ، ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە خاتىرجەم قىلىدۇ.

گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشمۇ قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇسۇلىدۇر. چۈنكى قەلبنىڭ كېسەل بولۇشى، قارىيىشى ۋە بۇزۇلۇشى ئۇنىڭ گۇناھلارغا چۆمۈپ، شۇ گۇناھلار ئۈستىدە ئەزۋەيلىگەنلىكىنىڭ جازاسىدۇر.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن قەلب ساغلام ۋە دۇرۇس ھالىتىدىن كېسەللىك ۋە ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە مايىل بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، گۇناھلارنىڭ قەلبكە بولغان تەسىرى كېسەللەرنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرىگە ئوخشايدۇ، بەلكى گۇناھلار قەلب كېسەللىكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ داۋاسى پەقەتلا گۇناھتىن قول ئۈزۈشتۇر. الله تائالانىڭ ﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ۝ وَإِنَّ الْفُجَّارَ لَفِي جَحِيمٍ﴾

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

<مۆئمىنلەر شەك ـ شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ [13]، كاپىرلار شەك ـ شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ [14]>① دېگەن بۇ سۆزنى پەقەت ئاخىرەت نېئمىتى ۋە ئازابىغىلا قارىتىلغان دەپ ئويلاپ قالمىغىن، بەلكى ئۇ دۇنيا ھاياتى، بەرزەخ ھاياتى ۋە ئاخىرەت ھاياتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھاياتقا قارىتىلغان. بۇلار نېئمەت ئىچىدە، ئۇلار ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ. شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي نېئمەت قەلب نېئمىتىدۇر».②

## ❖ئالتىنچى، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَلْتَنْظُرْ نَفْسٌ مَا قَدَّمَتْ لِغَدٍ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، الله تىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»③.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الكيس من دان نفسه وعمل لما بعد الموت، والعاجز من أتبع نفسه هواها وتمنى على الله» «ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر؛ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، الله تىن ئۈمىد كۈتكەن كىشى ئاجىز كىشىدۇر».④

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار، ئۆلچىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلارنى ئۆلچەپ بېقىڭلار. بۈگۈنكى ئۆزۈڭلاردىن

① سۈرە ئىنفىتار 13 ـ ۋە 14 ـ ئايەت.
② «الداء والدواء» ناملىق كىتابنىڭ 78 ـ ۋە 79 ـ بەتلىرىدىن قىسقارتىلغان.
③ سۈرە ھەشر 18 ـ ئايەت.
④ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

ھېساب ئېلىشىڭلار ئەتىكى ھېسابىڭلارنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَئِذٍ تُعْرَضُونَ لَا تَخْفَى مِنْكُمْ خَافِيَةٌ﴾ <بۇ كۈندە سىلەر (اللہ قا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر>[①]».[②]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە سىرتقا چىقتۇق. ئۇ بىر باغقا كىرىپ كەتتى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تام بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ باغ ئىچىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: <ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! اللہ بىلەن قەسەمكى، اللہ تىن قورققىن! ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، اللہ سېنى ئەلۋەتتە ئازابلايدۇ>».[③]

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەندە ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپلا تۇرىدىكەن ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە مەجبۇرىيەت قىلىدىكەن، داۋاملىق ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ».[④]

يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەردىن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ قەلبلەرنى ئىسلاھ قىلىش، قەلب كېسەللىكلىرى ۋە قەلبنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن قۇتۇلۇشتىكى تەسىرىنى بىلىۋالالايمىز. شۇنداقلا يەنە قەلبنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ پەقەت ئۆزىدىن ھېساب ئالماسلىق ۋە نەپسىنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىش سەۋەبلىك

[①] سۈرە ھاققە 18 ـ ئايەت.
[②] «محاسبة النفس» 35 ـ بەت.
[③] «محاسبة النفس» 35 ـ بەت.
[④] «محاسبة النفس» 36 ـ بەت.

بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرىنى سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى تەكشۈرمىگەن كىشى ئەيىبىنى تۈزىتەلمەيدۇ. ئەگەر كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى تەكشۈرسە، الله ئۇچۇن ئۆزىگە غەزەپلىنىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان بىر ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: <كىشى باشقىلارغا الله ئۈچۈن غەزەپلەنمىگۈچە، ئاندىن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ئۆزىگە قاتتىق غەزەپلەنمىگۈچە ھەقىقىي ئىلىملىك ھېسابلانمايدۇ>.

يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيدە مۇنداق دېگەن: <ياخشى خىسلەتلەردىن 100نى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، لېكىن شۇ 100 خىسلەتتىن ئۆزۈمدە بىرەرسى بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن>.

ئىنسان ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ئارقىلىق الله نىڭ ھەققىنى تونۇيدۇ. الله نىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى تونۇمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ئۇ كىشىگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. پايدىسى بار دېيىلگەندىمۇ، ئۇ پايدا ئىنتايىن ئاز بولىدۇ».[1]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزى ئالىم، زاھىد، ئىمام تۇرۇقلۇق ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ، ئۆزىنى ئەيىبلەپ مۇنۇ مىسرالارنى قالدۇرغان:

ئى ئىبنى قەييىم، شۇنى ئۇنۇتما!

---

[1] «إغاثة اللهفان» 1ـ توم 78ـ بەتتىن 80ـ بەتكىچە.

نەقەدەر كۆپتۇركى، گۇناھىڭ سىنىڭ.
ياشىما بۇنچە ئەركىن، خۇشال، ئازادە،
بۇگۈن ياكى ئەتە چىقار بۇ جېنىڭ.

بىلگىنكى بىرەرسى سېنى يامان دېسە،
ھۆكۈم بەرمە ئۇنىڭغا «گۇناھكار» دەپ.
بەلكىم بارغىنىڭدا رەب ھۇزۇرىغا،
ئۇ ئېرىشكەن مەقام سېنى قىلار ئەجەب.

ئاگاھ بولغىن سەن ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ،
ئېيت نەپسىڭگە، ئۆزىنى تۇتىۋالسۇن.
رەب ئەمرىگە تولۇق ئەمەل قىلماس كىشى،
ئۆزىنى ماختاش ھېسسىياتىنى بېسىۋالسۇن.

شۇنچە گۇناھلارغا سەۋەبكار بولۇپ،
ئالىي مەقام ساھىبى بولارمۇ بۇ تەن؟
ئىرادىسىز، ھىممەتسىز بىر كىشى تۇرۇپ،
بۇيۇك مەقام جەننەتلەرگە كىرەلەمسەن؟

باقاسى يوق بىر ھاياتقا رىشتە باغلاپ،
شۇنچە ئۆمرۈڭ ئەرزىمەسلا ئۆتۈپ كەتتى.
بىلمەمسەنكى، ئەمدى تەۋبە قىلالمىساڭ،

ئىككى دۇنيا نىجادلىقىڭ يىراق كەتتى.

چىدامسىز بىر نانكور، جاھىل، زالىمدۇرسەن،
ئىلىمسىز سەن، تەقۋالىقتىن ئېغىز ئاچما.
يامان سۈپەت مەندە يوق دەپ ئۆزۈڭ ئالداپ،
ھەقىقەتكە كۆزۈڭ يۇمۇپ يىراق قاچما.

ھاياتىڭنىڭ ئاخىرقى بۇ ئاز ۋاقىتتا،
ئۆزۈڭ تۈزەپ گۇناھلارغا تەۋبە قىلغىن.
ئۇلۇغ زاتتىن ئۆزۈڭ ئۈچۈن رەھمەت تىلەپ،
كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلىپ كۆپ يىغلىغىن.

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ مۇنداق دېگەن: [بىر كۈنى ئۆزۈم ھەققىدە گويا تەكشۈرگۈچىگە ئوخشاش ئويلاندىم. ھېساب ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمدىن ھېساب ئېلىپ باقتىم، ئۆلچىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنى ئۆلچەپ باقتىم. نەتىجىدە شۇنى بايقىدىمكى، بوۋاقلىق ھالىتىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئىلاھىي غەمخورلۇق ئىچىدە بولۇپتىمەن، ھېلىھەممۇ يەنىلا قاتمۇقات غەمخورلۇقلار، گۇناھلارنى يۆگەش ۋە ئازابلىنىشقا تېگىشلىك بولغان يامانلىقلارنىڭ ئەيىۋ قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئەپسۇسكى، مەن بۇلارغا پەقەت تىلىم بىلەنلا شۈكۈر ئېيتىپتىمەن.

گۇناھلىرىم ئۈستىدە ئويلاندىم. ناۋادا بەزى گۇناھلىرىم ئۈچۈن

جازالىنىپ قالسام، ئەلۋەتتە تېزلا ھالاك بولۇپ كەتكۈدەكمەن؛ ناۋادا بەزى گۇناھلىرىمنى كىشىلەر بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە خىجىللىقتىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىگەن بولاتتىم. لېكىن، ئاڭلىغانلار مېنىڭ ھەققىمدە ياسىق كىشىلەر ھەققىدە گۇمان قىلغاندەك گۇمان قىلىپ، بۇنى چوڭ گۇناھ ھېسابلىمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق خاتا تەئۋىل قىلىش سەۋەبىدىن سادىر بولغان گۇناھ مەندەك كىشىگە نىسبەتەن قەبىھ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

مەن دۇئا قىلساملا مۇنداق دەيدىغان بولۇپ قالدىم: «ئى اللە! گۇناھىمنى يۈگىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا گۈزەل مەدھىيىلەر بولسۇن. مېنى مەغپىرەت قىلغىن». ئاندىن ئۆزۈمدىن شۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلدىم، بىراق يەنىلا لايىقىدا شۈكرى قىلالمىدىم؛ اللە تىن مۇراد ـ مەقسەتلىرىمنى تىلىدىم ـ يۇ، ئەمما ئۆزۈم ياقتۇرمىغان ئىشلارغا سەۋر قىلالمىدىم، نېئمەتكە شۈكۈر قىلالمىدىم. نەتىجىدە، نېئمەت ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر قىلىشقا سەل قارىغانلىقىم ۋە ئەمەلسىز ئىلىمدىن لەززەتلەنگەنلىكىمگە ئېچىنىپ يىغلاشقا باشلىدىم.

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. تولىمۇ ئەپسۇس، ئارزۇيۇمغا يېتەلمەيلا ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى. ئاندىن مەن ئەبۇ ۋاپا ئىبنى ئوقەيلنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئېچىنغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ يىغىسىدىن ھەيران قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ ئەھۋالنى بۇ يەرگە يازدىم.

ئۇ ئۆزىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى ھاماقەت! سەن گويا ماھىر چېلىشچىلارغا نام بېرىلگەنگە ئوخشاش ئۆزۈڭگە <ماھىر مۇنازىرىچى> دەپ نام بېرىلىشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى تۈزىتىپ كەلدىڭ، ئاقىل بەندىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ ئەزىز ھېسابلىنىدىغان

ۋاقىتنى ئىسراپ قىلدىڭ، ھەتتا ئەتىلا ئۆلۈپ تۈگەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا <ماھىر مۇنازىرىچى> دېگەن نامىڭ تارقالدى. ئەمما شۇنى بىلگىنكى، پەقەت قەلبلەردىن ئۆچكەندىلا ئەسلىگۈچىمۇ ۋە ئەسلەنگۈچىمۇ ئۇنتۇلىدۇ. ئويلىمامسەنكى، ئەگەر بۇ ئىشىڭ ھاياتىڭنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىپ، مۇنازىرىگە سەندىنمۇ ماھىر بىر ياش ئۆسۈپ يېتىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ <ماھىر مۇنازىرىچى> دېگەن بۇ نامنى ئۇنىڭغا بەرمەسمۇ؟! الله نىڭ ئەقىللىق بەندىلىرى خىلۋەتتە قالغان چاغلىرىدا الله نىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئىلمىگە ئەمەل قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى سەمىمىي تەكشۈرىدۇ.

ۋاي ساڭا! ئىلىم ۋە گۈزەللىكتە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى يازدىڭ؛ بىرەرسى ساڭا قارىسا دىمىغىڭنى قاقتىڭ؛ نەسىھەت قىلسا كۆزگە ئىلمىدىڭ؛ دۇنيانى كۆرۈپلا قالساڭ، خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك ئۇنىڭغا ئېتىلدىڭ، بەئەينى قاغا تاپقا دۇم چۈشكەندەك دۇنياغا دۇم چۈشتۈڭ. كاشكى، سەن دۇنيادىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغۇچى ئۇنىڭدىن ئالغانچىلىك ئېلىپ كېتەلەيدىغان بولساڭچۇ؟ كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندا بۇرۇنقى ئەيىبلىرىڭنى تۈزەتمىدىڭ ۋە ئۇ ئۈستىدە ھەقىقىي مەنىدە ئىزدەنمىدىڭ؛ ئەگەر ئەيىبلىرىڭ كۆرسىتىپ بېرىلسە، ئۇنىڭغا كايىدىڭ؛ نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپ، نېئمەت بەرگۈچىنى ئۇنۇتتۇڭ.

ئىسىت ساڭا! سەن بۈگۈن تۇپراق ئۈستىدە يۈرگىنىڭ بىلەن، ئەتىلا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كېتىدىغان بىر ئىنسانغۇ؟ الله بىلەن قەسەمكى، ھەمراھلىرىڭنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ۋاقتىڭدىكى ناچار ئەخلاقىڭنىڭ پۇرىقى

سەن دەپنە قىلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى پۇرىقىڭدىن سېسىقتۇر.

ﷲ بىلەن قەسەمكى، ﷲ نىڭ ماڭا بولغان شۇقەدەر مېھرىبانلىقىغا ھەيرانمەن. گۇناھ ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمدا مېنى قانداقمۇ يۆگىگەندۇ؟ نالايىق ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىمدا مېنى قانداقمۇ تۇزەپ بولغاندۇ؟ بەلكىم ئەتە مەن ۋاپات بولسام، كىشىلەر <ياخشى ئالىم ۋاپات بولدى> دېيىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئۇلار مېنىڭ ھەقىقىي ھالىتىمنى بىلگەن بولسا ئىدى، مېنى دەپنىمۇ قىلمىغان بولاتتى.

ﷲ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆزۈمگە دۈشمەننىڭ ئەيىبىنى ئاچقۇچىلارنىڭ نىداسىدەك نىدا قىلىمەن، بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مەھزۇن ئانىلاردەك يىغلايمەن. چۈنكى، رەببىم بىلىپ تۇرۇپ يۆگىگەن، خەۋەردار بولۇپ تۇرۇپ ياپقان بۇ گۇناھلىرىمغا ۋە يوشۇرۇلغان مۇسىبەتلىرىمگە ئۆزۈمدىن باشقا يەنە كىممۇ يىغلىسۇن؟!

ﷲ بىلەن قەسەمكى، مەن: <ئى ﷲ ! بۇ ياخشىلىقىم سەۋەبلىك بۇ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن> دەپ دۇئا قىلىشقا ۋەسىلە بولغۇدەك ھېچبىر ياخشىلىقىمنى تاپالمايۋاتىمەن. ئەمما، قاياققىلا قارىسام ﷲ نىڭ ماڭا ئاتا قىلغان يېتەرلىك ياخشىلىقىنى ۋە مېنى دۈشمەنلەردىن قوغداۋاتقانلىقىنى تېپىۋاتىمەن. بىرەر نەرسىگە ھاجەتمەن بولۇپ قولۇمنى سوزسام، ﷲ ھاجىتىمنى راۋا قىلدى. مانا بۇ رەببىمنىڭ مەندىن بىھاجەت تۇرۇپ ماڭا قىلغان ئاتا-ئېھسانى، مانا بۇ مەن ئۇنىڭغا موھتاج تۇرۇپ ۋە ھېچقانداق ئۆزرەم يوق تۇرۇپ رەببىمگە قىلىۋاتقان ناشۈكۈرلۈكۈم. شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا <بىلمەپتىمەن ياكى خاتا قىلىپتىمەن> دەپ ئۆزرە

ئېيتىۋاتىمەن. شۈنىسى ھەقىقەتكى، ئۇ مېنى ساغلام ۋە تەندۇرۇس قىلىپ ياراتتى، قەلبىمنى ئەقىل بىلەن نۇرلاندۇردى.

يوشۇرۇلۇپ قالغان ئىشلارمۇ مانا ئەمدىلىكتە ئۆزۈمنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئېچىلماقتا. الله رازى بولغۇدەك ئەمەل قىلالماي ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمىگەنلىكىمگە ئېچىنىمەن. الله ھەققىدىكى بىپەرۋالىقلىرىمغا، دۈشمەنلىرىمنى خۇشال قىلغانلىقىمغا، ئەزالىرىم مېنىڭ زىيىنىمغا گۇۋاھلىق بەرگەندە ۋە ھۆججەت تۇرغۇزۇلغاندا ياردەمسىز قالدۇرۇلىدىغانلىقىمغا، شەيتان مەندەك ئەقىللىق بىر كىشىنى مەسخىرە قىلغاندا مەندىن ياخشى گۇمان قىلغانلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغانلىقىمغا ئېچىنىمەن.

ئى الله ! بۇ گۇناھلىرىمدىن قىلغان خالىس تەۋبەمنى، قېلىپ قالغان گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن قىلغان سەمىمىي ئەمەللىرىمنى قوبۇل قىلغىن. مەن تۇپتوغرا 50 يىلدىن كېيىن ساڭا بەكمۇ كېچىكىپ يۈزلەندىم، نېئمەتلىرىڭنى قەدىرلىمىدىم، ئىلىمىم قولۇمدىن تۇتۇپ ئېسىل خىسلەت كانىغا يېتەكلىدى. مېنىڭ پەقەت ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايماندىن باشقا ساڭا ۋەسىلە قىلغۇدەك ھېچنەرسەم يوق. ئى رەببىم! مەن ساڭا سېنىڭ نېئمەتلىرىڭنى تونۇماي، پەزلى ـ كەرىمىڭنى ئۇنتۇپ ئاسىي بولغىنىم يوق. ئى رەببىم! مېنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»]. [1]

ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتىپ يالغۇز قېلىشى، رەببى بىلەن سىردىشىشى، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى ئازايتىشى ئۇنىڭ

[1] «صيد الخاطر» 464 ـ بەت.

ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتلىرى بولسا بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن چىققۇچە بولغان ۋاقىت، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن ئولتۇرغۇچە بولغان ۋاقىت ۋە كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدۇر. بۇ ۋاقىتلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭدا الله نى زىكىر قىلىش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «إن الدين يسر، ولن يشاد الدين أحد إلا غلبه، فسددوا وقاربوا، وأبشروا، واستعينوا بالغدوة والروحة وشيء من الدلجة» «دىن ھەقىقەتەن ئاساندۇر، كىمكى دىننى چىڭىتماقچى بولىدىكەن دىن ئۇ كىشىنى مەغلۇب قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر توغرا يولدا بولۇڭلار ۋە (توغرىغا) يېقىنلىشىڭلار، خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، ئەتىگەن ـ كەچتە ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمىدا الله تىن ياردەم سوراڭلار». ①

رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدە ئېتىكاپ قىلىش بولسا الله بىلەنلا يالغۇز قېلىش ۋە ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى ۋە پۇرسىتىدۇر. بۇ ۋاقىتلاردا ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋە باشقا نۇرغۇن پايدىلار ئەمەللىشىدۇ، قەلبلەر ئىسلاھ قىلىنىپ، نىيەتلەر ياخشىلىنىدۇ. بۇ پايدىلار تۆۋەندىكىچە:

- ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى، مەئسىيەت ۋە ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى تەكشۈرۈش، ئاندىن سەمىمىي تەۋبە قىلىش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش. بۇ ئىشلار ئۆزىدىن ھېساب ئالغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانى، خاتالىقى ۋە ئاجىزلىقىنى تونۇغاندىلا ئاندىن ئەمەللىشىدۇ.

① بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان.

• ھەر ۋاقىت اللہ قا موھتاج ئىكەنلىكىنى، اللہ نىڭ ياردىمى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشىدىن ھەرگىزمۇ بىھاجەت بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزىگە تايىنىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىش.

• قەلب دۇنيا غېمى ۋە ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئىبتىكاپ قىلىشقا بېرىلىدۇ، بۇنىڭ تەسىرىدە قەلب اللہ نى ئەسلەش بىلەن تولىدۇ ۋە دۇنيادىن يىراقلىشىپ ئاخىرەتكە يۈزلىنىدۇ.

• اللہ نىڭ كالامى بىلەن ياشاش، ھاياتىنى اللہ نىڭ ئەزىز كىتابى، ئۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخىرەت كۈنى، ئۇ كۈندىكى ئەھۋاللار، پەيغەمبەرلەر ۋە اللہ نىڭ دوستلىرى زىكىر قىلىنغان ئايەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش. بۇنىڭ تەسىرىدە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئىشتىياق باغلاش، ئۇلارغا ئەگىشىش، ئۇلارنىڭ اللہ يولىدا تارتقان مۇسىبەتلەرگە قانداق سەۋر قىلغانلىقىنى ئەسلەش، اللہ نىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى زىكىر قىلىش، رامىزاننىڭ كېچە ـ كۈندۈزلىرىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، قىيامدا تۇرۇشتىكى كاتتا ئەجرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەۋردە بەسلىشىشتە ئۇلارغا ئەگىشىش ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

• كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاشنى ۋە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشنى ئازايتىش. ئۇنىڭ تەسىرىدە قەلبلەر سۈزۈكلىشىپ، ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇ كىشى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالالمىغان تىلنىڭ گۇناھلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ.

• ئېتىكاپ قىلىش ئارقىلىق ئەھلى ـ باللىرىدىن، پاراۋان ئۆيلەر ۋە يۇمشاق كۆرپىلەردە راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئايرىلىپ، كۆرپىسى يەرىك، تامىقى ئاز مىسكىن ھاياتقا يۆتكىلىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە دۇنيا قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇ كىشىنى ئاز ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ ئىزنى بىلەن ئىرادىنى تاۋلايدۇ ۋە روھنى ئۇرغۇتىدۇ. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ نەپسى كۆپ يېيىش، كۆپ ئۇخلاش، كۆپ سۆزلەش ۋە كۆپ ئارىلىشىش بىلەن بۇلغىنىپ كېتىدۇ.

• ئېتىكاپ جەريانىدا نەپلە ناماز، زىكىر ـ تەسبىھ ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت سالىھ ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىۋېلىش ئارقىلىق، ئۇ ئەمەللەرگە مۇكەممەل بېرىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

• ئېتىكاپ قىلىش ئارقىلىق نەپسىنى مۇئەييەن بىر ئورۇنغا چەكلەپ، روھنى تائەت ـ ئىبادەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىشكە كۆندۈرگىلى، اللە يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشقا ئادەتلەندۈرگىلى ۋە نەپسىنىڭ بەرداشلىق بېرىش قۇۋۋىتىنى بايقىغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئارقىلىق نەپسىنى ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە (اللە تىن خاتىرجەملىك ۋە ساباتلىق سورايمىز) كۆندۈرگىلى بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ھاياتنى ئايلاپ ـ يىللاپ تۈرمىلەردە ئۆتكۈزۈۋاتقان، تۈرلۈك سىناقلار بىلەن ئىمتىھان قىلىنىۋاتقان سالىھ كىشىلەرنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ شۇ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە دۇئا قىلىدىغان بولىدۇ.

• كىشىلەر مەسجىدتىن چىقىپ ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن،

ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ ئۆزى يالغۇز قېلىشى ــ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قەبرىگە يالغۇز قويۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ جىنازىسىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە ۋە ئەھلى ـ بالىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىپ، قەبرىدە پەقەت ئۆزى يالغۇز قالىدىغان شۇ كۈننى ئەسلىتىدۇ. شۇنداقلا، ئېتىكاپنىڭ ئۆلۈم، قەبرە هاياتى ۋە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىشكە بولغان تەسىرى نەپسىنى شۇلارغا تەييارلىق كۆرۈشكە، الله تىن هاياتىنى گۈزەل هالەتتە ئاخىرلاشتۇرۇشنى سوراشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ بەندىنى دۇنياغا بېرىلمەسلىككە، بۇ دۇنيانىڭ يوقىلىدىغان سايە ۋە ئالدايدىغان ئۆتكۈنچى مەنپەئەت ئىكەنلىكى ئاساسىدا تەربىيىلەيدۇ.

• ئېتىكاپ قىلغاندا ئەھلى ـ بالىلىرىنى سېغىنغان بولسىمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇش ئۇ كىشىگە ئۆلۈمنى ھەمدە ئۇلاردىن ئايرىلىشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە ئۇ بەندە الله نىڭ ئۇلارنى نېئمەتلىرى تۈگىمەيدىغان ۋە ئەھلىلىرى ئايرىلىپ كەتمەيدىغان نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتلەردە بىرگە جەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆزى ۋە ئەھلى ـ بالىلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ.

• ئېتىكاپ قىلغۇچى ئېتىكاپ جەريانىدا سۈننەت ۋە نەپلە ئەمەللەرنى ئادا قىلىش، ئاۋۋالقى سەپتە تۇرۇش، نامازنى تەئدىل ـ ئەركان بىلەن ئوقۇش ۋە زىكىر ـ تەسبىھلەرنى كۆپ ئېيتىشقا ئوخشىغان، نۇرغۇن كىشىلەر سەل قاراۋاتقان پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە ئۆزىنى ئادەتلەندۈرىدۇ. ئېتىكاپ جەريانىدا ناماز ئوقۇغۇچىنى بۇ پەزىلەتلەردىن ياكى ئۇنىڭ بەزىسىدىن توسۇپ قويىدىغان ئالدىراشچىلىق (دۇنيا مەشغۇلاتلىرى) ۋە قىيىنچىلىقلار

بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بەندە ئىپتىكاپتىن چىققاندىن كېيىنمۇ بۇلارغا ئادەتلىنىپ كېتەلەيدۇ.

• ئىپتىكاپ قىلىش ئىپتىكاپ قىلغۇچىنى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى، ئۇلارغا نىسبەتەن قەلبىدە سەمىمىيەت ۋە مۇھەببەت ياكى ئالدامچىلىق، ئاداۋەت ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ بار ياكى يوق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

ئىپتىكاپ قىلىشنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك سۆزلەشنى لايىق تاپتىم. بۇ يەردە ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ، ئىپتىكاپنىڭ ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش ۋە ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىپتىكاپ توغرىسىدىمۇ قىسقىچە توختالدىم.

**❖يەتتىنچى، الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش**

ئىنسانلارنى الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ــ نەپسىنى پاكلاش، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش، شۇنداقلا نەپسىنىڭ قارشىلىشىش ۋە داۋالغۇشلارغا چۈشۈپ قالماسلىقىنىڭ ۋاستىسىدۇر. چۈنكى، الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچى باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇيدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇ ياخشىلىقلارنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلايدۇ ۋە

ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇش مۇناپىقنىڭ سۈپىتىدۇر. دەۋەتچى بۇ ئارقىلىق قەلبى بىلەن ئەمىلىنىڭ بىردەك بولۇشى ئۈچۈن قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالدىرايدۇ.

الله يولىدىكى جىھادتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. جىھادتا قەلبلەر ئەڭ زور دەرىجىدە، ئەڭ چوڭقۇر ئىسلاھ بولىدۇ، چۈنكى مۇجاھىد ئاللىبۇرۇن ئۆز جېنىنى الله قا سېتىشقا كەسكىن ئىرادە باغلاپ بولغان بولىدۇ. بۇنداق جېنىنى سېتىش پەقەت قەلبنى پاكلاش ۋە جىھادنى الله ئۈچۈن خالىس قىلغاندىلا ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. دېمەك، جىھاد بەندىنى ئىخلاس، دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ئاخىرەتكە قىزىقىش، جەزمىيەت، الله قا راستچىل تەۋەككۇل قىلىش ۋە يېگانە الله تىنلا قورقۇش ئاساسىدا تەربىيىلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساغلام قەلبتە بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەردۇر. مانا بۇ قەلبىي ئەمەللەر پەقەت بۇ دىنىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان الله يولىدىكى جىھاد ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلەيدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «جىھادتا دۇنيا ھاياتىغا بېرىلمەسلىك ۋە ئىخلاسنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى يېتىلىدۇ. بىز بۇ يەردە ھوقۇق-مەنسەپ، مال-دۇنياغا ئېرىشىش ۋە ياكى تەرەپبازلىق قىلىش يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچىلار ھەققىدە ئەمەس، بەلكى الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار ھەققىدە سۆزلەۋاتىمىز. ئىخلاسنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى بولسا ئۆز جېنى ۋە مېلىنى ياراتقۇچىسىغا پىدا قىلىشتۇر». [1]

رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇڭلاشقا، جىھاد ئەمەللەرنىڭ ئەڭ

[1] «مجموع الفتوى» 28- باب 442- بەت.

يۇقىرى پەللىسى بولغان ھەممە بارلىق شەرەپلىك ھالەتلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. خۇددى الله تائالا ئېيتقاندەك، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىمۇ جىھادقا مۇجەسسەملەشكەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَنْ يَرْتَدَّ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ﴾ <ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ>[①]. جىھاد تەۋەككۇل ۋە سەۋرنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، چۈنكى مۇجاھىدلار ئىنسانلار ئىچىدە سەۋر ۋە تەۋەككۇل قىلىشقا ئەڭ موھتاج كىشىلەردۇر».[②]

[①] سۈرە مائىدە 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] «مجموع الفتوى» 28- باب 442- بەت.

## خاتىمە

جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان، بارچە سالىھ ئەمەللەر ئۇنىڭ نېئمىتى بىلەن تاماملىنىدىغان الله قا خاستۇر. قەلب ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تېمىدا كىتاب يېزىپ تاماملاشقا مۇۋەپپەق قىلغان ۋە ئىنئام قىلغان الله قا چەكسىز شۈكرى ۋە تەشەككۇرلەر بولسۇن! الله تىن بۇ كىتابنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى ھەمدە كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن. شۇنداقلا ماڭا ۋە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى، بىزنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ۋە جەننىتىگە مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمەن. شۈبھىسىزكى، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىن ۋە دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر.

مەن بۇ تېمىنىڭ مۇھىملىقى ۋە قەلبلەرنى ئىسلاھ قىلىشتا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالدىم. شۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنى سۆزلەپ ئۆتتۇش بىلەن بىرگە يەنە قەلبلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا ئائىت بەزى سەۋەب ۋە مۇئەييەن ئۇسۇللارنى، شۇنداقلا ساغلام قەلبلەرنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان بەزى نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتۇم.

مەزكۇر تەتقىقاتىمنىڭ ئاخىرىدا قەلبنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالاقىدار بولغان، بايان قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان بىرقانچە تۈرلۈك تەۋسىيەلەرنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن:

- بىرىنچى تەۋسىيە

قەلبنى ئىسلاھ قىلىشتا ئۈمىدسىزلىكتىن ساقلىنىش كېرەك. بولۇپمۇ، بەزى كىشىلەر ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ قەلبىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. شۇنداق ۋاقىتلاردا شەيتان ئىنسانغا ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى خىيال قىلدۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلىك چىرماپ، تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر تەدرىجىي كۈچىيىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ شەيتاننىڭ يەتمەكچى بولغىنى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش ھەمدە شەيتانغا قارشى بۇ يوچۇقنى ئېتىش، ئاشكارا-يوشۇرۇن ئەمەللەرنى ئىسلاھ قىلىشتا الله تىن ياردەم سوراش كېرەك. كىمكى الله قا راستچىل بولىدىكەن، الله مۇ ئۇنىڭغا راستچىل بولىدۇ.

- ئىككىنچى تەۋسىيە

قەلبلەرگە ئەھمىيەت بېرىش ھېچقاچان ئاشكارا ئەمەللەرگە سەل قاراشنى تەقەززا قىلمايدۇ، چۈنكى ئاشكارا ئەمەل قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. قەلب ئىسلاھ بولسا، ئاشكارا ئەمەل ئىسلاھ بولىدۇ، ئاشكارا ئەمەللەرنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقى كۆپىنچە ھاللاردا قەلبنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئىمان — سۆز ۋە ئەمەلدىن، يەنى قەلبنىڭ سۆزى ۋە ئۇنىڭ ئەمىلى، تىلنىڭ سۆزى ۋە ئەزالارنىڭ ئەمىلىدىن ئىبارەتتۇر. بىز قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ياخشى ئەمەللەرنىڭ قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ۋە نەپسىنى پاكلاشتىكى تەسىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

- ئۈچىنچى تەۋسىيە

ئۆز-ئۆزىنى قارىلاش، ئۆزىگە غەزەپلىنىش، ئۆزىنى ئەيىبلەش، ئۆزىنى كەمسىتىش، ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىش مەقسىتىدە قەلب كېسەللىرىنى كىشىلەرگە سۆزلەش ۋە بىلدۈرۈشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ۋە ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. چۈنكى، قەلب كېسەللىرىنى كىشىلەرگە سۆزلەشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ھەرگىزمۇ بەزىلەر ئويلىغاندەك ياخشى خىسلەت ئەمەس. بەندە رەببىنىڭ ئۆزىنى يۆگىگەنلىكى ئۈچۈن رەببىنى مەدھىيىلىشى، قەلبىنى ۋە بارلىق ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلىشتا ھەر ۋاقىت الله تىن ياردەم تەلەپ قىلىشى ھەمدە ئۆزىدە يوق نەرسىنى داۋراڭ سالماسلىقى لازىم.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئىشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ۋە ئەيىبلىنىدىغان تەرەپلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھارىس ئىبنى ئەسەدتىن: <راستچىللىقنىڭ ئالامىتى نېمە؟> دەپ سورالغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: <راستچىللىقنىڭ ئالامىتى — قەلبىنىڭ ئىسلاھ بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە قەدىر-قىممىتىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگە پەرۋا قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئەمەللىرىنىمۇ باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى ياخشى كۆرمەسلىكتۇر>.

مانا بۇ بىر تەرەپتىن مەدھىيىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەيىبلىنىدۇ. ئوخشاش بىر ئىشنى بىر كىشىنىڭ قىلىشى ياخشى ھېسابلانسىمۇ، يەنە بىر كىشىنىڭ قىلىشى يامان دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، ئاشكارىلاشقا بولىدىغانلىرىنى ئاشكارىلاش، يوشۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى يوشۇرۇش

كىرەك. بەندە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھال-ئەھۋالى ۋە ئەمەلىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ھېچكىم كەمسىتمەيدۇ، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى يامان كۆرمەيدۇ. مەسىلەن، بايلىقنى ئاشكارىلاپ، موھتاجلىقنى يوشۇرۇش؛ سالامەتلىكنى ئاشكارىلاپ، كېسەللىكنى يوشۇرۇش؛ نېئمەتنى ئاشكارىلاپ، مۇسىبەتنى يوشۇرۇش... قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇش قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ قەلبكە نىسبەتەن ئاجايىب كۈچلۈك تەسىرى بار بولۇپ، بۇنى پەقەت ئۇنىڭ لەززىتىنى تېتىغانلارلا ھېس قىلالايدۇ. بىر كىشى ۋايىسغان ھالدا ئەھنەب ئىبنى قەيسنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئەھنەب ئۇنىڭغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! كۆزۈم كۆرمەس بوپقالغىلى 20 يىل بولدى، ئەمما مەن ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتىپ باقمىدىم» دېگەن.

ئەيىبلىنىدىغان ھالەتكە كەلسەك، بۇ — بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن يامان گۇمان قىلىپ، ئاندىن ئۆزىنى ھۆرمەتلىمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئاشكارىلاشقا تېگىشلىك بولمىغان ئەمەللەرنى ئاشكارىلىشىدۇر. بۇنىڭغا دائىر تۆۋەندىكى بىرقانچە مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن:

بىر كىشى مۇنچىغا كىرىپ يەنە بىر كىشىنىڭ كىيىمىنى ئوغرىلاپ چىقتى ۋە ئالدىرىماي ماڭدى. ئاخىرى كىشىلەر ئۇنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن كىيىمنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنى تىللىدى. مانا بۇ سادىر قىلىشقا بولمايدىغان ھارام ئىشتۇر، بەلكى بۇ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن بولغان ئىشلارنىڭ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ئەمىر ۋە يېتەكچىلەردىن سادىر بولۇشى تېخىمۇ قەبىھ سانىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىش كىشىلەرنى ئالداپ قويىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى ئەمىر ئاشكارىلىغان يامان ئىشلاردا ئۇنىڭغا

ئەگىشىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

مالامەت قىلىنغۇچىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ماختاشقا سازاۋەر ياخشى كىشىلەر؛ يەنە بىرى، ئەيىبلىنىشكە لايىق جاھىل كىشىلەر. گەرچە ئۇلار (ئەيىبلىنىشكە لايىق جاھىل كىشىلەر) ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىنى ئاقلىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا مالامەتكە ئۇچرايدۇ.

بىرىنچى تۈرلۈك كىشىلەر الله نىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدە، الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاشتا ۋە كىشىلەرنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشتا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىگە پەرۋا قىلمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ﴾ <الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان>[1] . الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان كىشى — الله ھەققىدە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان كىشىدۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله ھەققىدە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايتتى.

ئىككىنچى تۈرلۈك كىشىلەر ئەيىبلىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، شەرىئەتتە يامان كۆرۈلىدىغان ھارام ياكى مەكرۇھ ئىشلارنى ئاشكارا قىلىدىغان كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا ينبغي للمؤمن أن يذل نفسه» <مۇئمىن كىشى ئۆزىنى خار قىلماسلىقى كېرەك>[2]» .[3]

- تۆتىنچى تەۋسىيە

---

[1] سۈرە مائىدە 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] «مدارج السالكين» 3- توم 178-، 179- بەتلەر.

كىشىلەرنىڭ قىسمەن سۆزلىرى ۋە ئەمەللىرىگە قاراپلا ئۇلارنىڭ قەلبىگە ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، چۈنكى قەلبتىكىنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەزىلەرنىڭ قەلبىدە ياخشىلىق بار بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر بىلمەيدۇ، پەقەت الله بىلىدۇ. بىز كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلمىدۇق، لېكىن سۆز ياكى ئەمەلىدىن ھېچقانداق بىر ياخشىلىق ئالامىتىنى تاپقىلى بولماسلىق شۇ كىشىنىڭ قەلبىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندە ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن بىرەر ئىبادەت ياكى سالىھ ئەمەلدە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا، ھەقىقىي ئەھۋالى يوشۇرۇن بولغان بىرەر مۇسۇلماندىن ئۆزىنى پەزىلەتلىك ھېسابلىماسلىقى كېرەك. بەلكىم، پەزىلەتلىك ئەمەس دەپ قارالغان كىشىنىڭ الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ۋە يوشۇرۇن قىلغان سالىھ ئەمىلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كىشىنىڭ ئىبادەتلىرى ۋە نەپلە ئەمەللىرى كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق قەلبىدە پەزىلەتلىك كىشىلەردىمۇ تېپىلمايدىغان ئىخلاس، ئىتائەت، جەزمىيەت، الله قا بولغان مۇھەببەت، قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىش بار بولۇپ، ئۇ كىشى ئاشۇ سەۋەبلىك ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى كۆپ كىشىلەردىنمۇ بەكرەك الله قا يېقىن بولۇشى مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا، بەندە ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىشى، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرمەسلىكى كېرەك. ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى قەلبتىكى ئەمەللەر بولۇپ، ئۇنى غەيبنى بىلگۈچى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

- بەشىنچى تەۋسىيە

مەزكۇر تەتقىقاتتىكى بايانلىرىمىز ئاساسەن قەلب ئەمەللىرىگە

مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ بولسا تەتقىقاتىمىزنىڭ مەقسىتىدۇر. لېكىن، مەزكۇر خاتىمىدە دۆلەت ئاپپاراتى، تەشكىلات ۋە گۇرۇھلارنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرىدىنمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

كۆپلىگەن دۆلەت، تەشكىلات ۋە گۇرۇھلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تەرىپى بار بولۇپ، سىرتى رەھمەت، ئىچى ئازابقا تولغان نۇرغۇن دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار بار. بولۇپمۇ قايمۇقتۇرۇش ۋە ئېزىقتۇرۇش دەۋرى بولغان هازىرقى دەۋرىمىزدە سىياسەتۋازلار، باتىل دىن ۋە ئازغۇن مىللەت ئىگىلىرى قەلبىدىكى نىفاق، نىجىسلىق ۋە بۇزۇق ئەقىدىنىڭ يوشۇرۇپ بولالمىغانلىرىنى ئاشكارىلاۋاتىدۇ. لېكىن، الله ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئاشكارىلىماي قالمايدۇ. الله ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى نىجىسلىقى، يالغانچى ساختىپەزلىكىنى ئۇلارنىڭ تىللىرى ۋە مەۋقەلىرى ئارقىلىق ۋە نىجىسنى (كاپىرنى) پاكتىن (مۇئمىندىن) ئايرىيدىغان سىناق، ئىمتىهان ۋە هادىسىلەرنى تەقدىر قىلىش ئارقىلىق ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

ئەقىدىلىرىنى يوشۇرىدىغان تائىپىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ رەزىل ۋە ئەڭ پەسكەش تائىپە ــ مۇۋەھھىد مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرغان هازىرقى زامان رافىزىيلىرىدۇر. چۈنكى، «تەقىييە» ئۇلارنىڭ مەزھەب ئاساسىدۇر. تەقىييە ــ مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىدىلىرىنى يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئۇنىڭ ئەكسىنى ئاشكارىلاشتۇر.

الله ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئەقىدىلىرىنى ئاشكارىلاپ ئۇلارنى رەسۋا قىلدى. الله تائالا شام ۋە باشقا دىيارلاردىكى ئەهلى سۈننە مۇسۇلمانلىرىغا تەقدىر قىلغان پاجىئەلىك سىناق ۋە ئىمتىهانلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ بەردى. ئىران، ئىراق رافىزىيلىرى ۋە لىۋان شەيتان

پارتىيىسى ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرىغا ئۇرۇش قىلىش ھەمدە شۇ جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئەقىدىلىرى ئاساسىدا دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نۇسەيرىيە كاپىرلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن ئىدى. بۇ ھادىسىلەردە رافىزىيلارنىڭ تەقىييەسىگە ئالدانغان كىشىلەرگە رافىزىيلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئاشكارا بولدى. بۇ بولسا الله قا مەدھىيە يوللىنىدىغان چوڭقۇر ھېكمەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى تەرىپى بار بولۇپ، ئۇلار ھىيلە ـ مىكىر قىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ. الله ھىيلە ـ مىكىرنى ئەڭ ياخشى بەربات قىلغۇچىدۇر.

مەن مەزكۇر خاتىمىدە قېرىنداشلىرىمىزنى دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرى، خەتەرلىرى ۋە ئالدامچىلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بۇلارنى بايان قىلدىم. تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي ھەيئەتلەرنىڭ ئىچكى قىسىملىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ئۇنىڭ شەخسلەر ئارا بۇزۇلۇشىدىنمۇ خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، شەخسلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بۇزۇلۇشى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ نەپسىگە قارىتا (ئۆزىنىڭ زىيىنىغا) بولىدۇ، ئەمما دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنىڭ بۇزۇلۇشى بولسا پۈتكۈل ئۈممەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

- ئالتىنچى تەۋسىيە

مەن بۇ تەۋسىيەدە ئۆزۈمگە، دەۋەتچى قېرىنداشلىرىمغا ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان قېرىنداشلارغا ئۆزىمىزنىڭ قەلبلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە ئۇنى پات ـ پات تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا، بۇزۇلغان تەرەپلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالدىراشقا، ئارىمىزدىكى پىكىر ئىختىلاپىمىزنى بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۆچمەنلىككە سەۋەب قىلىۋالماسلىققا چاقىرىمەن. چۈنكى، بۇنداق

ئىشنىڭ يۈز بېرىشى، بولۇپمۇ بىر مەنھەج ئۈستىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بېرىشى قەلبنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ يەنە شەيتاننىڭ ئىشكىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قەلبنىڭ بىر تۈرلۈك خەتىرىدۇر. بىز بۇ ئىشلاردا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۈممەتنىڭ سەلەف ـ سالىھلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئۇلار قىسمەن مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشىپ قالسىمۇ بۆلۈنۈپ كەتمىگەن، بەلكى ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا ياردەملەشكەن ھالەتتە ئۆزئارا دوستلىشىپ، چىقىشىپ ۋە بىرلىشىپ ئۆتكەن.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) «الاستقامة» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ توم 31 ـ بېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ساغلام ئىجتىھادتا يولسىزلىق بولۇپلا قالمىسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئىجتىھاد بولۇش سۈپىتى بىلەن پىتنە ۋە بۆلۈنۈش دەرىجىسىگە يېتىپ بارمايدۇ». يولسىزلىق بىر تۈرلۈك قەلب كېسەللىكى بولۇپ، قەلبنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

يۇنۇس سەدەفى مۇنداق دېگەن: «مەن ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ)تىنمۇ زېرەك ھېچبىر كىشىنى كۆرمىدىم. بىر كۈنى بىر مەسىلىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. ئاندىن بىز ئايرىلىپ كەتتۇق. ئۇ مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: <ئى ئەبۇ مۇسا! گەرچە بىز بىر مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلمىسەكمۇ، قېرىنداشلارچە ئۆتسەك بولمامدۇ؟> دېدى».[1]

ھەق ئۈستىدىكى ساغلام ئەقىدىلىك كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن

[1] «سيرة أعلام النبلاء» 10 ـ توم 16 ـ بەت.

ئىختىلاپ ھەرگىزمۇ بۆلۈنۈشكە ۋە ئايرىلىشقا سەۋەب بولسا بولمايدۇ. ئەمما كاپىرلار ۋە ئېغىر بىدئەتچىلەر بىلەن بولغان ئىختىلاپلىشىشقا كەلسەك، ئۇ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان دۈشمەنلىشىش ۋە ئايرىلىپ كېتىشمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرۈلىدۇ.

- ئاخىرقى سۆز

مانا بۇلار بۇ مۇھىم تېما ھەققىدە مەزكۇر كىتابنى يېزىپ تاماملىشىمدىكى الله نىڭ ئىنئاملىرى ۋە ئاسانچىلىقلىرىدۇر. ئەگەر توغرا بولغان بولسا، ئۇ يەككە-يېگانە الله تەرەپتىن بولغان بولىدۇ، الله ئۇنى ئىنئام قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلغاندۇر؛ ئەگەر ئۇنىڭدا خاتالىق بولسا، ئۇ مەندىن ۋە شەيتان تەرىپىدىندۇر. الله تىن گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى سورايمەن.

جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر. الله ئۆزىنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇلارنى بەختلىك قىلسۇن! (ئامىن).

مەسرۇق مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۇنىڭ ئىلىملىك ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر، ئەمىلىدىن مەغرۇرلىنىشى بولسا ئۇنىڭ جاھىل ۋە نادانلىقىغا يېتەرلىكتۇر».